«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرىي ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار
荣获《新疆期刊奖》的刊物



ئاتاقلىق ئالىم، تىلشۇناس، جامائەت ئەربابى،
مەرھۇم ئىبراھىم مۇتىئىي (1920.5.1 ـ 2010.1.13) ئەپەندىنى ياد ئېتىمىز

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

1
2010
新疆文化

ISSN 1008-6498

•XINJIANG CIVILIZATION•СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА•シンキョウ ブンカ•مجلة حضارة شنجيانغ•



ئاتاقلىق ئەدەبىيات ئوبزورچىسى مۇھەممەت پولات ئەپەندى

تەۋەللۇتىنىڭ 70 يىللىقىنى مۇبارەكلەيمىز

— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

●شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىبابلىق، ئوقۇشچانلىق●

# بۇ سانىدا

## ئۆگىنىش دەۋرىگە كىرىش


مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ مۇقىم ئەندىزىسى يوق ........ يى. شاھىدى تەرجىمىسى 2

«ئۆگىنىش ئىنقىلابى»دىن ھېكمەتلەر .........تەۋسىيە قىلغۇچى: ئىسھاق مۇھەممەت 4


## «چوڭقۇر دەريا ئاستا ئاقار»


ئۆگىنىپ، ئىزدىنىپ تاپتىم ئۆزۈمنى................... نۇرمۇھەممەت توختى 6


## ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىش


ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان ............ يالقۇن روزى 21


## تەپەككۇر كۆزى


تەپەككۇر مېۋىلىرى ............. تۇرامەت مۇھەممەتئىمىن قاتارلىقلار 35

«ئەلنىڭ كۆزى ئەللىك» ..... سىيلىشتۇرۇپ دەللىلىگۈچىلەر: ئا. توغرۇل، غ. تۇرسۇن50


## ئىش ئىگىسىنىڭ دەيدىغانلىرى


ئۇلۇغ ئالىملىرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد كاشغەرىي پورترېتلىرىنىڭ
يارىتىلىشى ھەققىدە ................ غازى ئەھمەد 52


## ھەق گەپ — نەق گەپ


«تىلماچلار چايخانىسى»دىكى پاراڭلار ......ئابدۇقەييۇم ئوبۇلقاسىم قاتارلىقلار تەرجىمىسى 59


## ئاچچىق كۈلكىلەر


قىرتاق پاراڭلار .............. تۇرسۇن تۇردى قاتارلىقلار 69


## سەپەر ۋە ھاسىلات


ئامېرىكا ئەسلىمىلىرى.................... دىلئارام قۇربان ئايتۇرك 72



بۇ ساننىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىكا رېداكتورى: قۇربان مامۇت

شىنجاڭ مەدەنىيىتى

( 59- يىل نەشرى )

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2010- يىل 1- سان
( ئومۇمىي 301- سان )



باش مۇھەررىر:
زۇنۇن باقى ( قوشۇمچە )
( ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى ئىشخانىسىنىڭ
باشقارما باشلىقى دەرىجىلىك مەمۇرى )

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل
ئىجرائىيە مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
قۇربان مامۇت
( ئالىي مۇھەررىر )

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر،
تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى:
بەگمەت يۈسۈپ
( كاندىدات ئالىي مۇھەررىر )

تەكلىپلىك مۇھەررىر ۋە گۈزەل
سەنئەت لايىھىلىگۈچى:
نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن
( ئەدەبىيات ماگىستىرى )




## مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ مۇقىم ئەندىزىسى يوق

ئامېرىكىنىڭ ئۈچىنچى نۆۋەتلىك رەئىس جۇمھۇرى توماس جېففېرسون (1801 ــ 1809) نەۋرىسىگە نەسىھەت قىلىۋېتىپ، مۇنداق ئون تۈرلۈك ھاياتلىق پرىنسىپىنى تىلغا ئالغانىكەن:

بىرىنچى، بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما.

ئىككىنچى، قولۇڭدىن كېلىدىغان ئىشقا باشقىلارنى ئاۋارە قىلما.

ئۈچىنچى، تېخى قولۇڭغا كىرمىگەن پۇلنى ھەرگىز خەجلىمە.

تۆتىنچى، لازىمى يوق نەرسىنى ئەرزان بولسىمۇ سېتىۋالما.

بەشىنچى، ھەرگىز مەغرۇرلانما. چۈنكى، مەغرۇرلۇق ئاچارچىلىق ۋە زىمىستاندىنمۇ ياماندۇر.

ئالتىنچى، ئاچ كۆزلۈك قىلما، گېلىڭنى يىغمىساڭ پۇشايمانغا قالىسەن.

يەتتىنچى، ئىشنى زورلاپ قىلما. چۈنكى، كۆڭۈل تارتمىغان ئىش خەيرلىك بولمايدۇ.

سەككىزىنچى، مۇمكىن بولمايدىغان ئىشقا ئاۋارە بولۇپ، ئۆزۈڭگە باش ئاغرىقى تېپىۋالما.

توققۇزىنچى، ھەر قانداق ئىشتا ئۇسۇلغا دىققەت قىل.

ئونىنچى، ئاچچىقىڭ كەلگەندە ئىچىڭدە ئونغىچە سانا؛ ئاچچىقىڭ يەنىلا بېسىلمىسا يۈزگىچە سانا.

ئامېرىكا «كرېمىني جىلغىسى»دىكى مەشھۇر پاي چېكى ۋاستىچىسى، داڭلىق مىلياردېر جون دېنۋېرمۇ مۇخبىرلارغا ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى مەسىلىلەر ھەققىدىكى قارىشىنى بايان قىلغانىكەن. بۇ روشەن سېلىشتۇرمىدىن سىياسىيونلار بىلەن سودىگەرلەرنىڭ بىر-بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. جون. دېنۋېر مۇخبىرلارغا شۇنداق دەپتۇ:

بىرىنچى، بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويساڭ، ئېھتىمال ئاجايىپ كۆڭۈللۈك ھاسىلاتقا ئېرىشىپ قېلىشىڭمۇ مۇمكىن. پاي چېكى سودىسىدا تېخىمۇ شۇنداق.

ئىككىنچى، باشقىلار قىلالايدىغان ئىشقا ھەرگىز ئۆزۈمنى ئاۋارە قىلمايمەن. چۈنكى، مېنىڭ قىممىتىم باشقىلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا.

ئۈچىنچى، باشقىلارنىڭ پۇلى ئارقىلىق پۇل تاپقىلى بولسىلا، يېنىمدىن بىر تىيىن چىقارمايمەن.

تۆتىنچى، كۆزۈم چۈشكەن نەرسىلەرنى باھاسى چۈشكەن چاغلاردا كۆپلەپ سېتىۋالىمەن. ئۇ نەرسىلەر دەماللىققا لازىم بولمىسىمۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھامان ئەسقېتىپ قالىدۇ، بۇ دېگەن ئادەمنىڭ ئالدىن مۆلچەرلەش ئىقتىدارىغا باغلىق ئىش. بۇ ھەم پاي چېكى كاساتلاشقاندا تۈركۈملەپ سېتىۋالغىنىمغا ئوخشايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئالدىن مۆلچەرلەش ئىقتىدارىغا تايىنىدىغان گەپ.

بەشىنچى، تولا ئادەم مېنى بەك تەكەببۇر، دەپ قارايدۇ. تەكەببۇرلۇق قىلسام نېمىشقا بولمىغۇدەك؟ ئاتا-ئانام، دوست-بۇرادەرلىرىم مەندىن پەخىرلىنىۋاتقان يەردە، مەنمۇ ئەلۋەتتە ئۆزۈمدىن پەخىرلىنىشىم كېرەك-دە! چۈنكى مەن دېگەن تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ ئۈتۈپ چىققان ئادەممەن!

ئالتىنچى، مېنىڭچە، «ئاز يە، تېجەشلىك بول»دېگەن گەپلەر ئۈستىدە مۇنازىرىلىشىپ ئولتۇرۇش ئارتۇقچە. شۇڭا، ئوزۇقلۇناسلىرىمىزنى خۇش قىلىش ئۈچۈن بولسىمۇ ئۆزۈمنى ئىشتىھالىق كۆرسىتىمەن. ئەمەلىيەتتىمۇ، ئېسىل نازۇ-نېمەتلەرگە ئامراق ئادەممەن. ھەتتا، مۇشۇ ئولتۇرغانلارنىڭمۇ كۆپىنچىسى ھەم شۇنداققۇ؟

ئۆگىنىش دەۋرىگە كىرىش

يەتتىنچى، كۆپ ھالدا كۆڭلۈم خالىمىغان ئىشلارنىمۇ چىداپ قىلىمەن. چۈنكى، بۇ دۇنيادا ئۆزۈم خالىغان ئىشنىلا قىلىپ ئۆتۈپ كېتىمەن، دېيەلەيدىغانلار بولمىسا كېرەك. بۇ گويا مۇزىكىغا ئىشتىياق باغلىغان مەندەك بىر ئادەمنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا پاي چېكى ۋاستىچىسى بوپقالغىنىغا ئوخشايدۇ.

سەككىزىنچى، مەن ھەتتا خەق ئۇخلىسا چۈشىگە كىرمەيدىغان بالا-قازانى ئالدىن دەڭسىيەلەيمەن. مەندىكى ھايۋانلارغا خاس بۇنداق تەبىئىي تۇيغۇ شىركىتىمنى نۇرغۇن قىممەتلىك پۇل مۇئامىلىسى كرىزىسىنىڭ تالاپەتلىرىدىن ئامان-ئېسەن ساقلاپ قالدى.

توققۇزىنچى، بىرەر ئىشنى نىشانلىغانىكەنمەن، ئۇنى ھەر قانچە بەدەل تۆلىسەممۇ ۋۇجۇدقا چىقارماي قويمايمەن. بۈگۈنكى كۈندە جىمغا توختايدىغىنى نەتىجە تۇرسا، قانداق ۋاستىنى قوللىنىشىم بىلەن خەقنىڭ نېمە كارى؟!

ئونىنچى، ئۆيلىگىنىنى يوشۇرۇپ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرىدىغانلاردىن ئەمەسمەن، باشقىلار ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىمنىمۇ ھەم شۇنداق. بولۇپمۇ جۇدۇنۇم ئۆرلەپ قالغان چاغلاردا بولۇشىغا ۋارقىراپ-جارقىراپ ئاچچىقىمنى چىقىرىمەن.

**ھاسىلىي كالام:** ئوخشىمىغان كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئالاھىدىلىك پرىنسىپىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئېنىقراقىنى دېگەندە، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ مۇقىم ئەندىزىسى يوق. شۇڭا، باشقىلارنى دوراشقا ئۆگىنىپ قالغانلار ھەرگىزمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ. قىسقىسى، ئۆزۈڭگە تەئەللۇق مۇۋەپپەقىيەتنىڭ زادى نەدە ئىكەنلىكىنى ئۆزۈڭ ئىزدە، ھەرىكىتىڭ ئاقىلانە بولسۇن.

---

«كىشىلىك ھايات تەسىراتلىرى» ناملىق كىتابتىن **يۈسۈپجان داۋۇت شاھىدى** تەرجىمىسى. تىلماچ: كۇچا ئۈچئۆستەڭ يېزا مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ خادىمى، ھازىر شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 8-دىۋىزىيە 141-پولكتا ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشتا

## «ئۆگىنىش ئىنقىلابى» دىن ھېكمەتلەر

▲ ئەيلى ئاپەت بولسۇن ياكى ئالتۇن دەۋر بولسۇن، تاللاش ئۆزىمىزنىڭ قولىدا.

—جون نايسبىت، پاترىشا ئابوردېن

▲ ئىنسانىيەت تارىخى بارغانسېرى تەربىيە بىلەن ئاپەت ئوتتۇرىسىدىكى يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە ئايلانماقتا.

—GHۋېلس
(«تارىخ تېزىسى»دىن)

▲ 30 يىلدىن كېيىن، دۇنيادا ھازىر بار بولغان ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ %2نى ئىشلىتىپلا ھەممە ئادەمنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى بولىدىغان مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ.

—ۋىلىيام.W. ۋېپىشىنگ

▲ سىزنىڭ چوڭ مېڭىڭىز قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن گىگانت ئادەمگە ئوخشايدۇ.

—تونى بۇزان

▲ مائارىپ ساھەسىدىكى ھەقىقىي ئىنقىلاب پەقەت مەكتەپ تەربىيىسىدىلا ئەمەس، بەلكى قانداق ئۆگىنىشىڭىزدە، مەسىلە ۋە خىرىسنى ھەل قىلىش ماھارىتىنى قانداق يېتىلدۈرۈشىڭىزدە.

▲ ئەگەر بالىلار ئۇچۇرنى ئۇسسۇل ئويناش، تەم تېتىش، تۇتۇپ بېقىش، ئاڭلاش، كۆرۈش ۋە ھېس قىلىش جەريانىدا قوبۇل قىلسا، ئۇلار ھەممە نەرسىنى ئۆگىنەلەيدۇ.

—ژان فوستۇن

▲ بۈگۈنكى كۈندە چاچتەك ئىنچىكە بىر تال ئوپتىك تالا 29 توملۇق «بۈيۈك برىتانىيە پەنلەر قامۇسى» دىكى مەزمۇنلارنى بىر مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بوستوندىن بالتىمورغا يەتكۈزەلەيدۇ.

—ۋېل شىفلىي

▲ بىز ئوقۇغان مەزمۇننىڭ %10 نى، ئاڭلىغان مەزمۇننىڭ %15 نى ئىگىلىيەلەيمىز. ئەمما، ئۆز بېشىمىزدىن ئۆتكۈزگەن مەزمۇننىڭ %80 نى ئىگىلىيەلەيمىز.

—«يەر شارى كەنتى ھەرىكەتتە» دىن

▲ دۇنيا مائارىپتىكى چىگىش مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى بىلەن تولغان. ئەڭ ياخشى ئۇسۇللارنى بىر يەرگە توپلىساق، يەنى، ئۇلارنى مۇئەييەن جەمئىيەت، ئائىلە ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجى بىلەن بىرلەشتۈرسەك، دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى مەكتەپ تۈزۈلمىسى بارلىققا كېلىدۇ.

▲ بىزنىڭ بالىلىرىمىز ياشايدىغان دۇنيا بىزنىڭ مەكتەپلىرىمىزدىن تۆت ھەسسە تېز سۈرئەت بىلەن ئۆزگەرمەكتە.

—دوكتور ۋىللارد داگېت

▲ ئەتە بۈگۈن بىلىدىغان نەرسىلىرىمىزنىڭ ۋاقتى ئۆتىدۇ. ئەگەر ئۆگىنىشنى توختاتساق، ئىزىمىزدا توختاپ، ئىلگىرىلىيەلمەيمىز.

—دوروسسى. D. بىلستون

▲ ھازىر ئېلېكترون تېخنىكىسى، خەلقئارا ئالاقە تورى ۋە يەرشارى تورى يەر شارىدىكى ھەر قانداق ئادەم بىلەن دەرھال ۋە دېگۈدەك ئالاقىلىشالايدىغان ئۇچۇر يولى بىلەن تەمىنلىدى. بۇ كۈچنى تونجى بولۇپ ھېس قىلغان ھەمدە ئۇنى يېڭى ئۆگىنىش ماھارىتى بىلەن بىرلەشتۈرگەن دۆلەت مائارىپ جەھەتتە دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرالايدۇ.

▲ دۇنيادىكى ئەڭ مۇھىم تەربىيە ئاپپاراتى— ئائىلە بولىدۇ، ھەرگىزمۇ مەكتەپ بولمايدۇ؛ ئاساسلىق ئويغاتقۇچى تەربىيىچى— ئاتا-ئانا بولىدۇ، ھەرگىزمۇ ئوقۇتقۇچى بولمايدۇ.

▲ تۇغۇلغاندىن تارتىپ تاكى ئۆلگەنگە قەدەر سىزنىڭ چوڭ مېڭىڭىز توختىماستىن ئۆگىنىدۇ.

—ماريان دىئاموند

▲ ئەگەر سىز بىرەر نەرسىنى ئەستە ساقلىماقچى بولسىڭىز، چوقۇم ئۇنى ئۆزىڭىز بىلىدىغان ياكى ئەستە ساقلاپ بولغان نەرسە بىلەن بىرلەشتۈرۈشىڭىز لازىم.

—تونى بۇزان

▲ يېمەك-ئىچمەك ئادەمنى بەلگىلەيدۇ.

— بلايىن مورگىن، روبېرت مورگىن («چوڭ مېڭىنىڭ يېمەكلىكلىرى» دىن)

▲ چوڭ مېڭىنىڭ ئىقتىدارى ناشتىدا نېمە يېگەنلىكىڭىزگە باغلىق.

— رىچارد. M. رېستاك

▲ دۇنيادىكى ئەڭ كارامەت، ئەمما ئېچىلمىغان ساھە ئىككى قۇلىقىمىز ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقتۇر.

— بېل ئوبراين

▲ ئۆزىنى تەبىئىي قويۇۋېتىش، ئەمما دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش— تۆرلۈك خىزمەتنى ئۈنۈملۈك ئورۇنداشنىڭ ئاچقۇچى.

— W. تىموش گرۋىل

▲ قىزغىنلىق+يىراقنى كۆرۈش+ھەرىكەت بولسا مۇۋەپپەقىيەتنىڭ تەڭلىكتۇر.

— مارىلىن كىنگ

▲ مېنىڭ سەممىي ماللىمەدىن ئالتىسى بار، ئۇلار ماڭا ھەممىنى ئۆگەتتى. ئۇلارنىڭ ئىسمى: نېمە ۋە نېمە ئۈچۈن، قاچان ۋە قانداق، قەيەردە ۋە كىم.

— لۇدىياد گىبلىن

▲ سىزدە پەقەت بىرلا ئوي بولسا، بۇ تولىمۇ خەتەرلىك.

— ئېمىل كاشىيا

▲ مۇزىكا بىر قانچە مىنۇت ئىچىدىلا سىز بىر قانچە ھەپتە قاتتىق باش قاتۇرۇپ ئويلانغان نەرسىگە ئېرىشتۈرىدۇ.

— كولىن روس

▲ مائارىپ ساھەسىدىكى بىر ئاساسىي پرىنسىپ شۇكى، كىشىلەر ئۆگىنىشنى ياقتۇرىدىغان نەرسىلەرنى ئەڭ ياخشى ئۆگىنىدۇ، بارلىق سەزگۈ ئەزاسىنى ئىشلىتىپ ئۆگەنگەندە تېخىمۇ تېز ئۆگىنىدۇ.

▲ سىز ھەر قانداق بىر يېڭى ئۇچۇرنى ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتالايسىز، ئەگەر ئۇنىڭ سىز بىلىدىغان ياكى ئېسىڭىزدە ساقلىغان ئۇچۇرلار بىلەن باغلىنىشى بولسا.

— خارلى روبېن ۋە گېرلىي لۇكاس

▲ كەچلىرى سىز ئۆگەنگەن مەزمۇنلارنى تەكرارلىماقچى بولغاندا، ماس مۇزىكىلارنى قويسىڭىز، ئەسكە ئېلىش ئىقتىدارىڭىزنى ناھايىتى زور دەرىجىدە كۈچەيتەلەيسىز.

— مارىئان دىئاموند

▲ تىك يۆنىلىشلىك تەپەككۇر ئوخشاش بىر قۇدۇقنى قېزىپ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ، توغرا يۆنىلىشلىك تەپەككۇر باشقا ئورۇندا قۇدۇق قېزىشنى سىنايدۇ.

— ئېدۋارد دى بونو

▲ بىردىنبىر ئەخمىقانە ئىش، سىزنىڭ سوئال سورىماسلىقىڭىز.

— بورماك كرىد

▲ بۈگۈن ئەگەر كەلگۈسى ئىچىدە ياشىمىسىڭىز، ئۇنداقتا ئەتە ئۆتمۈش ئىچىدە ياشايسىز.

— پېتېر ئېلياد

▲ مەسىلىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھەل قىلماقچى بولسىڭىز، چوقۇم يېڭى يول ئېچىشىڭىز، يېڭى بۆسۈش نۇقتىسى تېپىشىڭىز، يېڭى باغلاشنى بايقىشىڭىز، ئەسلىدىكى قېلىپنى بۇزۇپ تاشلىشىڭىز لازىم. بۇنىڭ ئەڭ ئاددىي ئۇسۇلى، سىزنىڭ ئوي-پىكرىڭىزنى ئۆزگەرتەلەيدىغان مەسىلىدىن باشلاڭ.

— دۇن فاربېن

▲ مەكتەپكە كىرگەن ئاشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ بالىلارنىڭ تولىسى جاۋابى ئالللىقاچان تېپىلىپ بولغان دائىرە ئىچىدە تەربىيىلىنىدۇ. بۇ، مەكتەپ تەربىيىسى بىلەن دەرسلىك قۇرۇلمىسىدىكى ئاساسلىق مەسىلىدۇر.

▲ «ئوھھوي!» — ئامېرىكا سودىسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئاچقۇچى، «ئۈزلۈكسىز يېڭىلاش» — ياپونىيىلىكلەرنىڭ مەخپىي قورالى.

▲ دۇنيادىكى ئوزۇقلۇقى ياخشى بولغان يېتىلىۋاتقان ھەر بىر ھامىلە ھەر مىنۇت ئىچىدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 250 مىڭ دانە مېڭە ھۈجەيرىسىنى كۆپەيتىدۇ.

— رىچارد M. رېستاك

▲ بوۋاق دۇنياغا كەلگەن دەقىقىدە ھەقىقەتەن تالانتى تېشىپ تۇرغان بولىدۇ. پەقەت دەسلەپكى ئىككى يىل ئىچىدە ئۇ تىلنى ئۆگىنىپ بولىدۇ. ھەتتا ھەر قانداق بىر پەلسەپە دوكتورىدىنمۇ ياخشى ئۆگىنىپ بولىدۇ. ئۈچ ياش ياكى تۆت ياشقا كىرگەندە ئۆگىنىش ماھىرى بوپقالىدۇ.

— تونىي بۇزان

▲ ھەممە بالا تۇغۇلۇشىدىلا تالانت ئىگىسىدۇر. ئەمما، ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئالتە يىلى ئۇلارنىڭ تۇغما تالانتىنى يوقىتىۋېتىدۇ.

— بۇكمېنىست خولېر

▲ بالىلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىر قانچە يىل ئىچىدىكى تەرەققىياتى كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك تېز بولىدۇ، كېيىن بارا-بارا ئاستىلايدۇ. بەش ياشتىن ئىلگىرى بالىلار ئۆزى ئۆسەلەيدىغان بوي ئېگىزلىكىنىڭ يېرىمىغا تەڭلىشىدۇ. ئوغۇللار ئۈچ ياشقا كىرىشتىن ئىلگىرىلا ئۆزى ئۆسەلەيدىغان بوي ئېگىزلىكىنىڭ %54 ىگە يېتىدۇ. ئۈچ ياشتىن 12 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا بوي ئېگىزلىكى يەنە %32 ئۆسىدۇ، ئەڭ ئاخىرقى %14 بوي ئېگىزلىكى 18 ياشقا كىرىشتىن ئىلگىرى تاماملىنىدۇ.

▲ ئوغۇللار بىلەن قىزلار تۆت ياشتىن ئىلگىرىلا ئۆزلىرىنىڭ 17 ياش ۋاقتىدىكى زېھنىنىڭ %50 ىگە تەڭلىشىدۇ. تۆت ياشتىن سەككىز ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا يەنە %30 زېھنىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ.

— بېنجامىن .S. بلۇم

▲ بالىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى تەربىيىچىسى، ئاتا-ئانىسى بولسا زېھنىنى ئاچقۇچى ئەڭ ياخشى ئوقۇتقۇچىسىدۇر. پەقەت بالىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بارلىق سەزگۈ ئەزاسىنى ئىشلىتىپ، ئىزدىنىشىگە يول قويساق ۋە ئىلھاملاندۇرساقلا، ئۆيلىرىمىز، دېڭىز ساھىلى، ئورمانلىق، توپ مەيدانى، خەتەرلىك يەر بەلباغلىرى ۋە پۈتكۈل بىپايان دۇنيانىڭ ھەممىسى مائارىپنىڭ ئاساسلىق بايلىقى بوپقالىدۇ.

— كولىن روس

▲ ھەر بىر بالىغا نىسبەتەن ياخشى ھەمدە نۇرغۇن ئويۇنچۇق بار مۇھىتتا چوڭ بولۇش ناھايىتى مۇھىم.

— گلېن دومان

▲ بوۋاق دەسلەپكى بىر قانچە ئايدا پەقەتلا سۈت ۋە چايناپ بەرگەن نەرسىلەرنىڭ تەمىنى تېتىيدۇ. ئۇ نەرسىلەردە

ھەرگىزمۇ ئۆزگىچە تەم يوق!

▲ بالىلارغا پۇرسەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ بالدۇرراق ئۆملىشىگە يول قويايلى. ئەمەلىيەتتە، بالىلار تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئۆملىيەلەيدۇ. لېكىن، ئادەتتە ئۇلار قىلىن كىيىملەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ، ئۆملەش ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرالمايدۇ.

—جېننىت دومان

▲ سەپتىن چۈشۈپ قالغان ئوقۇغۇچىلار ھەرگىزمۇ 16 ياش ۋاقتىدا سەپتىن چۈشۈپ قالمىغان، ئۇلار ئالتە ياش ۋاقتىدىلا سەپتىن چۈشۈپ قالغان.

—جوي روسى

▲ بالىلارنىڭ خىزمىتى— ئويۇن ئويناش. بالىلار ئۆزلىرى قىلغان ھەر بىر ئىشتىن ئۆگىنىشكە ئىگە بولىدۇ.

—كارولىن فوبېر

▲ كىتابنى بىر ياشتىن ئالتە- يەتتە ياشقىچە بالىلار ئالالايدىغان جايغا قويۇش؛ ئۇلار تۇغۇلغاندىلا كىتاب كۆرۈشكە قىزىقتۇرۇش؛ كىتابنىڭ مۇقاۋىسىدىكى سۈرەت-رەسىملەر ئېنىق، روشەن بولۇشى لازىم. كىتاب ئوقۇشنى باشلىغاندا سىز بالىنى ئىككى كۆزنى رەسىمگە مەركەزلەشتۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرۇڭ، بۇنىڭ بىلەن سىز قىسقىغىنە بىر نەچچە ئاي ئىچىدە بالىغا كىتاب توغرىسىدىكى نۇرغۇن بىلىمنى ئۆگىتەلەيسىز.

▲ بوۋاق مۇنداق ئادەمگە ئېھتىياجلىق: كۈلكە- چاقچاقنى ياخشى كۆرىدىغان، قىزغىن، ئاق كۆڭۈل، ھەمىشە ئۇنى ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىغا ئېلىپ كىرىپ، ئوينايدىغان مەيدان بىلەن تەمىنلەيدىغان ئادەمنى ياخشى كۆرىدۇ.

—دوروسي باتلېر

▲ سىز بالىڭىزنى تەربىيىلەۋاتقاندا، ئەگەر سىزمۇ خۇشھال بولمىسىڭىز، بالىڭىزمۇ خۇشھال بولمىسا، ئۇنداقتا بۇ خىل تەربىيىلەشنى توختىتىڭ. چۈنكى سىز چوقۇم بىر نېمىنى خاتا قىلدىڭىز. مانا بۇ مەغلۇب بولۇشنىڭ ئالدىنى ئاپتوماتىك ئېلىش قائىدىسى.

— رومان

▲ ئانا تىل— ئاتا - ئانا بىلەن بالا ئۆز ئارا ئالاقىلىشىدىغان ۋە ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرىدىغان ئاچقۇچلۇق ۋاستە.

—لى ۋونگ فىلمور

▲ ناھايىتى ياخشى يېتىلگەن مېڭە، ئۆگىنىشتىكى قىزغىنلىق، شۇنداقلا بىلىمنى خىزمەت ئىچىگە يۇغۇرۇۋېتەلەيدىغان ئىقتىدار كەلگۈسىگە تۇتىشىدىغان ئاچقۇچتۇر.

—كرىستوف بوۋرسېر

▲ ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيەت غۇرۇر ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ.

—ھېنري فورد

▲ تالانت ھەرگىزمۇ ئالاھىدە نەرسە ئەمەس، ھەر بىر ئادەم قىلالايدۇ، بۇنىڭدىكى ئاچقۇچ— نىيەتتە.

—لىدىياد

▲ تۇرمۇشتىكى ناھايىتى كۆپ مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبى، كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىقىدىن ۋاز كەچكەن ۋاقتى مۇۋەپپەقىيەتكە ئىنتايىن يېقىنلاپ قالغان ۋاقتى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلمىگەنلىكىدە.

—توماس ئېدىسون

▲ بىز ھەر قانداق ئىش يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان، ھەر قانداق ئەللا نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدىغان دۇنيادا ياشاۋاتىمىز.

—بوۋېر

▲ ئاكتىپ ئىلھاملاندۇرۇلغان ھەر بىر بالىدا ئوخشاشلا مەڭگۈ قانائەتلەنمەيدىغان تەۋەككۈلچىلىك ۋە ئىزدىنىش روھى بار. بۇ ئۇلارنى ئۇلۇغ ئالىم ۋە كەشپىياتچىغا ئايلاندۇرىدۇ.

—كولىن روس

▲ مېڭە لىق تولدۇرۇۋېتىلىدىغان قاپاق ئەمەس، بەلكى ياندۇرۇشقا ئېھتىياجلىق مەشئەلدۇر.

—پلۇتاچ

▲ چوڭ مېڭە ھەر بىر ئىشقا دىققەت قىلىپ بولالمايدۇ. شۇڭلاشقا، تېتىقسىز، زېرىكىشلىك ياكى مەنىسىز دەرس پەقەتلا ئەستە قالمايدۇ.

—لاۋنا ئېللېسون

▲ مۇزىكا ئەستە ساقلاش سىستېمىسىغا تۇتىشىدىغان ئالىي تاشيولدۇر.

▲ كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر مەيدان مۇزىكا دەرسى ئارقىلىق پەقەت 5% لا ۋاقىت سەرپ قىلىپ، 60% ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغىلى بولىدۇ.

—تېرري ۋايلېر ۋېب ۋە دوگلاس ۋېب

▲ مۇزىكا ۋە چوڭقۇر نەپەس ئېلىش كۆڭۈلدىكىدەك ئۆگىنىش ھالىتىگە كىرىشتىكى مۇھىم ئاچقۇچتۇر.

—سىمىد

▲ ئۆگىنىشتە قىينىلىشنىڭ 80% ى بېسىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇ بېسىمنى چىقىرىۋەتكەندە، ئاشۇ قىينىلىشنى ھەل قىلالايسىز.

—گوردون ستوكس

▲ ئوقۇشتا مەسىلە يوق، مەسىلە ئوقۇتقۇچى بىلەن مەكتەپتە.

—جېبېرت كوئې

▲ مائارىپقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەقىقىي ئېھتىياجلىق نەرسە دۆلەت تۈزگەن تەرەققىيات جەدۋىلى بولماستىن، بەلكى ھەر بىر بالىغا تۈزۈلگەن بىر پارچە خۇسۇسىي تەرەققىيات جەدۋىلىدۇر.

—چارلىز خاندې

▲ خەلقئارا ئىنتېر تورى بىر دولقۇن بولۇپ، ئۇ كومپيۇتېر سانائىتى شۇنداقلا نۇرغۇنلىغان باشقا سانائەتكە زەربە بېرىپ، بۇ دولقۇندا تېخى سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنەلمىگەن ئادەملەرنى يۇتۇۋېتىدۇ.

—بىل گايتس

▲ جەلپ قىلىش كۈچىگە ئەڭ باي يوشۇرۇن بىرلەشمە كەسىپ - مائارىپ بىلەن سودا.

▲ خەلقئارا ئىنتېر توردا كەچتە تاقىلىدىغان دۇكان يوق، شۇنداقلا يەر شارىدىن ئايرىۋېتىلگەن بىرەر بۆلەكمۇ يوق!

— جادساندبېرگ

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003- يىل سېنتەبىردە نەشر قىلغان، جېننېت ۋوس (ئامېرىكا)، گوردېن دىرىدېن (يېڭى زېلاندىيە) لەر ئاپتورلۇقىدىكى «ئۆگىنىش ئىنقىلابى» ناملىق كىتابتىن تەۋسىيە قىلغۇچى: ئاتۇش شەھەر ئۈستۈنئاتۇش يېزا قايراق كەنت ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى **ئىسھاق مۇھەممەت**



# ئۆگىنىپ، ئىزدىنىپ تاپتىم ئۆزۈمنى

— يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختى بىلەن سۆھبەت

رەتلىگۈچىلەر: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۈچقۇن
رەيھانگۈل ئابدۇللا

**ئىلاۋە:** بۇلتۇر ئاۋغۇستتا نۇرمۇھەممەت توختى يېزىدا ئەسەرلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقاتقا مۇناسىۋەتلىك بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن ھۆرمەتلىك يازغۇچىمىزنىڭ ھوزۇرىغا بارغانىدۇق. ۋاقىت ۋە يول تۈپەيلى سۆھبەتتىكى بەزىبىر چەكلىمىلىكلەر تۈپەيلىدىن، بۇنى يازما سوئال- جاۋاب شەكلىدە تەييارلاشقا كېلىشتۇق. كېيىن يازغۇچى تەييارلانغان سوئاللارغا جاۋاب يېزىپ ئەۋەتتى. مەلۇم دەرىجىدە، ئوتتۇرىغا قويۇلغان سوئاللارغا يازغۇچى بىر ئويلىغاندىمۇ ئىنچىكە، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغانىدى. ئۇستازغا قايتا- قايتا ئاپىرىن- تەھسىن ئوقۇدۇق. ئاندىن يازغۇچى بەرگەن بۇ جاۋابلارنىڭ يازغۇچىنى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ۋە ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى چۈشىنىشكە تېخىمۇ ياردىمى بولارمىكىن دېگەن ئويدا، يازغۇچى بىلەن مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق رەتلەپ ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇق.

— رەتلىگۈچىدىن

**تەربىيىلىنىشىڭىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىڭىزگە بەلگىلىك تەسىرى بولدى دەپ قارامسىز؟ بىلىشىمىزچە، ماتېماتىكىدا ئوقۇدىڭىز ۋە ئۇزۇن يىل تەبىئىي پەن ئوقۇ- ئوقۇتۇش بىلەن بولدىڭىز. ھەممىگە ئايان، ئەدەبىيات ئوبرازلىق تەپەككۇرنى بەكرەك تەلەپ قىلىدۇ، تەبىئىي پەن بولسا لوگىكىلىق تەپەككۇرنى. ئەسەرلىرىڭىزگە قارىساق بايانىدىن مۇھاكىمە قويۇقراق، ئىسپات، دەلىل، خۇلاسە، يەكۈن، پەلسەپىۋى قائىدىلەر مولراق.**

تەربىيىلىنىشىڭىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى «بەلگىلىك» دېگەن مۇجمەل ئىبارىنى بىلەن ئەمەس، بەلكى «كاتتا، زور، روشەن» دېگەندەك ئېنىقلىقى يۇقىرى سۆزلەردە سۈپەتلەش كېرەك. بۇ، ھەرقانداق يازغۇچىنىڭ يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتى ئۈچۈن ئوخشاشلا كۈچكە ئىگە. تەربىيىلىنىش دەرىجىسى چوقۇم ئىجادىيەت سۈپىتى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ. مېنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىم ھەم بۇنىڭ ئىسپاتى. ئەسەرلىرىمدىكى مۇھاكىمە، ئىسپاتلاش، دەلىللەشلەرنىڭ كۆپلۈكىگە قاراپلا مېنى ماتېماتىكىدا چوڭقۇر تەربىيىلىنىشكە ئىگە دېيىشكە تىل كۆيەر.

## «چوڭقۇر دەريا ئاستا ئاقار»

سىزگە ئالدى بىلەن ئالىي مەكتەپ ھاياتىم توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەي. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىش ھازىرقىغا ئوخشاشلا، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىدىمۇ كەڭ ياشلارنىڭ ئارزۇسى ئىدى. تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا بۇ چۈشنى بەك تولا كۆرگەن بولۇشۇم مۇمكىن. ئەپسۇسكى، بىز ئاشۇ بىر ئەۋلادقا زامان قىلغۇلۇقنى يەتكۈچە قىلدى. تولۇق ئوتتۇرىدىكى دەرسلەرنى تۈگىتىپ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا تەييارلىنىپ يۈرگەن 1966- يىلىنىڭ ماي، ئىيۇن

يىللىرىدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ كەتتى. ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش توختىدى. شۇنداق قىلىپ تاكى 1969- يىلى ئۆكتەبىرگە قەدەر يا مەكتەپتىن كېتەلمەي، ياكى ئالىي مەكتەپكە ئاتلىيالماي تۇرۇپ قالدۇق. (ئارىدىكى ۋەقەلەرنى تولۇق ئوتتۇرا ھاياتىم توغرىسىدىكى بىر ئەسلىمەمدە يازغانمەن). ئۇندىن كېيىن بېشىمىزغا تارىختا ھېچكىمنىڭ بېشىغا كەلمىگەن «تاغ ۋە يېزىلارغا بېرىپ كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلاردىن قايتا تەربىيە ئېلىش» قىسمىتى كەلدى. ئىشچى- دېھقانلارنى زىيالىيلاشتۇرۇشنىڭ ئەكسىچە، زىيالىيلارنى دېھقانلاشتۇرىدىغان بۇ تەتۈرلۈكنىمۇ شۇ چاغدا بېشىمىزدىن كەچۈردۇق. مەن خوتەن ناھىيىسىنىڭ «ئاۋانگارت» كوممۇنىسى (ھازىرقى يېڭىئاۋات يېزىسى، ئاتام شۇ يەردە خىزمەت قىلاتتى)دا «قايتا تەربىيە» ئالدىم. بىر يىلدەك 7- چوڭ ئەترەتنىڭ 3- كىچىك ئەترىتىدە ئەمگەك قىلدىم. كېيىن شۇ چاغدىكى كوممۇنا ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ سىياسىي خىزمەت بۆلۈمىدە، كوممۇنا سودا كوپېراتىپىدا ئىشلىدىم (ۋاقىتلىق شتات)، كاتىپ بولدۇم. 36 يۈەن ئىش ھەققى بېرىلەتتى. ھەرھالدا جان ساقلىغىلى بولاتتى. ئەمما قەلبىمدە بىر ئوت- ئەدەبىياتقا بولغان ئىشتىياق كۆيۈپ تۇراتتى. مەشىق قىلىشنى، ماتېرىيال يىغىشنى، تاپقىلى بولىدىغان كىتابلارنى ئوقۇشنى توختاتمىغانىدىم. ئۇ كوممۇنىدا تۆت يىل يۈردۈم. ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئەسلىگە كەلگەننىڭ 3- يىلى (1973- يىلى ئاۋغۇستتا) كوممۇنا رەھبەرلىكىنىڭ باھالاپ بېرىشى بىلەن ئالىي مەكتەپكە ئەۋەتىلدىم. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنىشىم ئەدەبىيات ئۈچۈن تەييارلىنىپ يۈرگەن ماڭا يەنە بىر تەتۈر كەلگۈلۈك بولدى. تەييارلىقتا ئوقۇۋاتقان 1- يىلدا داۋاملىق ئالمىشىشنى تەلەپ قىلدىم. ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسىدا تۇرسۇن نۇرى ئىسىملىك تەلەپچان بىر ئادەم ئىشلەيتتى. ئۇ مېنى ئالماشتۇرۇپ قويۇشقا قوشۇلمىدى. ئەينى چاغدىكى مەكتەپ مۇدىرلىرى ئەنۋەر خانبابا، قەييۇم باھاۋۇدۇنلارنىمۇ ئىزدىدىم، ئۇلارمۇ قوشۇلمىدى. ئابدۇراخمان ئەبەي(ھازىر شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ باشلىقى)نىڭ ئالمىشىشىغا قوشۇلدىيۇ، ماڭا قوشۇلمىدى. ئۇلارنىڭ سەۋەبلىرىمۇ خېلى پۇت دەسسەپ تۇرىدىغان سەۋەب ئىدى. ئۇلارچە، تولۇق ئوتتۇرىنى تاماملىغان مەن ماتېماتىكا ئوقۇمىسام، باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىزنى پۈتتۈرۈپلا دېھقانلارنىڭ باھالاپ بېرىشى بىلەن ئالىي مەكتەپكە كەلگەن چالا ساۋات باللار ماتېماتىكىنى تېخىمۇ ئوقۇيالمايدىكەن. ئەدەبىياتقا ئالماشتۇرۇپ قويمىساڭلار «ئوقۇمايمەن» دەپ دەرس تاشلاپ يېتىۋالدىم. ئىككى ئايچە دەرسكە بارماي قويدۇم، يەنىلا ئالماشتۇرۇپ قويمىدى، تەسلىم بولدۇم. دۈمبىنى دەپ ئۆپكىدىن ۋاز كېچىپ، ئاچ يۈرۈشنىڭ ئورنى يوقتە. ماتېماتىكىنى ئوقۇشقا كىرىشتىم. ئۇ چاغلاردا ئىمتىھان ئالىدىغان تۈزۈم يوقتى. ئەگەر ھازىرقىدەك تۈزۈملەر بولغان بولسا، مېنى 1- يىلدىلا مەكتەپتىن قايتۇرۇۋېتىشكەن بولاتتى. دەرسلەرنى چۈشەنسەم- چۈشەنمىسەم، ئىشقىلىپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دەرسخانىسىدا تۆت يىل ئولتۇرۇپ چىقتىم. مۇھەممەت ئابدۇللا دېگەن مۇئەللىمىمىز «ماتېماتىكىنى ياخشى ئۆگىنەلمىگەنلىرىڭلار ئوقۇتقۇچى بولماي سېكرېتار بولىسىلەر» دېگەنىدى شۇ چاغلاردا. دېگەنىدەك، قاغىلىقلىق ساۋاقدىشىم ئابدۇللا ئوسمان سېكرېتار بولدى. مەن سېكرېتار بولالمىغان بولساممۇ، يەنىلا ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى بولمىدىم. مەيلى ئوتتۇرا مەكتەپتە (خوتەن دۆۋا كان رايونىدا بىر مەزگىل تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلىدىمغۇ)، مەيلى خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغاندا بولسۇن ماڭا ماتېماتىكا دەرسى ئۆتۈشكە توغرا كەلمىدى. فىزىكا ئوقۇتۇشى بىلەن بولدۇم. بۇ، خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن كېيىن ئۆگەنگەنلىرىمنىڭ مەھسۇلى. ئانچە- مۇنچە ئۆگەنگەن ماتېماتىكىنىڭمۇ ياردىمى بولدى.

ئالىي مەكتەپتە ماتېماتىكىنى پۈتتۈرگەنلىكىم راست. ئەمما بىر كەسىپتە ئوقۇش بىلەن شۇ كەسىپتە چوڭقۇر تەربىيىلىنىشكە ئىگە بولۇش- مېنىڭچە، باشقا- باشقا ئىش. ماتېماتىكىدا ئوقۇپ قېلىشىم ۋە بىر مەزگىل (ئۇزۇن مۇددەت ئەمەس) تەبىئىي پەن ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىم زامان تەرتىپلىرىنىڭ، جەمئىيەت ئېھتىياجىنىڭ، تۇرمۇش راسخوتىغا ئېرىشىۋېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتىدىن بولغان. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن باشلاپلا قىزىقىپ، ئۆزلۈكمىدىن ئۆگەنگىنىم ئەدەبىيات. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكەن تۆت يىلدا ئېرىشكىنىم يەنىلا ئەدەبىيات ئۈچۈن تەييارلىنىش. ئەدەبىياتتا ئوقۇۋاتقانلار بىلەن ئاغىنىدارچىلىق قىلىپ، (مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن، روزىمۇھەممەت جۇمە، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، غەيرەت ئابدۇللا، ئۆركەش ئىبراھىم، ئابدۇراخمان ئەبەيلەر بىلەن) داۋاملىق پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇردۇم. ئۇلارنىڭ دەرسلىكلىرىنىمۇ كۆرۈپ يۈردۈم. تاپالىغانلىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش، ئۇلارنى خاتىرىلەرگە قەدىرلەپ كۆچۈرۈش، نەسر مەشقى قىلىش بىلەن شۇغۇللاندىم.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىنىڭ بېشىدىلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە دۇنيا ئەدەبىياتىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىكى ئەسەرلەرنى- ئەدەبىي ئەسەر، تارىخىي ئەسەر، مۇھاكىمە ۋە باشقىلارنى ئالاھازەل تولۇق ئوقۇپ چىققانمەن. ئاشۇ چاغلاردىلا نەۋائىي، شېكسپىر، تولستوي، جىبران خەلىل جىبران، كرىشان چاندىر، لۇشۈن، ئابدۇللا قادىرىي، ئۆمەر مۇھەممدىيلەردىن خەۋىرىم بار ئىدى. شېكسپىر دراممىلىرىدىن (تىلى ئۆزبېكچە، يېزىقى سلاۋيانچە كىتاب ئىدى)، جىبران خەلىل جىبران نەسرلىرىدىن ئەقلىيىلەرنى خاتىرىلەرگە كۆچۈرگەنىدىم. كىتابلار كۆيدۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىنكى 1970- يىللاردا بولسا، يوشۇرۇپ قېلىنغان ئايرىم كىتابلارنى («ئاننا كارېنىنا»، «بېلىقچىنىڭ ئوغلى»، «دەھشەتلىك تېھران» دېگەندەك) قايتا- قايتا ئوقۇپ، ۋەقەلىكلەر، گۈزەل جۈملىلەر يادا بوپكەتكەنلىكى ئېسىمدە. ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ماتېماتىكا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدىمۇ ئەدەبىياتقا بولغان ھەۋىسىم سۇسلىمىدى. شۇ يىللاردا يەنىلا ئېسىل ئەسەرلەرنى خاتىرىلەرگە

قەدىرلەپ كۆچۈرۈشنى يەنىلا توختاتمىدىم. شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتىدا ئاغىنىلىرىم مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن، روزىمۇھەممەت جۇمە، ئابدۇلئەھەد قۇربانلار بىلەن ھەمكارلىشىپ «كۆكۆيۇن»، «چالىقۇشى»... قاتارلىق رومانلارنى سىلاۋيان يېزىقىدىكى ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ كۆچۈرۈپ چىققانمىز. يەنە نېمىلەرنى دەيمىز؟ كىتاب قەھەتچىلىكى يۈز بەرگەن ئاشۇ يىللاردا تېپىلىپ قالغان ئايرىم كىتاب ۋە ئەسەرلەرنى كۆچۈرۈۋېلىش ئەڭ ياخشى چارە ئىدى. شۇ يىللاردا قولىيازما شەكلى بىلەن يوشۇرۇن تارالغان «گۈزەل نابادا جۇش ئۇرۇپ ئاقماقتا» (كېيىن مۇھەممەد ئەمىننىڭ ھېكايىسى ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدۇق)، «پۇل» (پەرھاد جىلان)، «مۇقەددەس» (؟)، «قىز قەلبى»، «ئاخىرقى سىناق» (مەمتىمىن ھوشۇر)، «مۇھەببەت لوگىكىسى» (مەھمۇت ئىلياس ئىدىقۇتلۇق) دېگەندەكلەردىن قايسىلىرىنى كۆچۈرمىگەن بىز؟! ئوقۇش، تاپقانلىكى كىتابلارنى قايتا- قايتا ئوقۇشنىڭ ئۆزى بىر خىل ئۆگىنىش، كۆچۈرمە ئېلىش، ئەقلىيىلەرنى توپلاش بولسا تېخىمۇ ئوبدان ئۆگىنىش. ئەدەبىي ئەسەرلەرنى زور ئىشتىياق بىلەن ئوقۇش، ساقلاش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن بىر ئادەمنى ئەدەبىيات جەھەتتە «بەلگىلىك» تەربىيىلىنىشكە ئىگە بولدى دېيىشكە بولماسمۇ؟ ئەمەلىيەتتە بولسا مەن بېلىنسكىينىڭ، گوركىينىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە دائىر ئەسەرلىرىنىمۇ ئوقۇپ چىققانمەن، يېزىقچىلىق ساۋاتىغىمۇ ئىگە بولغانمەن. مېنىڭچە، مېنىڭ كېيىنكى ئەدەبىي ئىجادىيىتىمگە تەسىر كۆرسەتكەن مەنبە ئەنە شۇلار. ئەپسۇسكى، مېنىڭ ئۆز كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىز جەھەتتىكى ئوقۇش، ئۆگىنىشلىرىم بەكلا كېچىكىپ قالدى. ئۇلاردىن خېلىلا كېچىكىپ تەربىيە ئالدىم. بۇمۇ ئىجادىيىتىمگە ئەلۋەتتە پاسسىپ تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى.

تەربىيىلىنىشنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كۆرسىتىدىغان تەسىرى مۇتلەق بولىدۇ، تەربىيىلەنمىگەن ۋە ياخشى تەربىيىلىنىشكە ئېرىشەلمىگەن ئادەممۇ ياخشى ئەسەر يازالايدۇ دېيىش قەتئىي ئىشەنمەسلىك كېرەك. مېنىڭ ماتېماتىكىدا ئوقۇشۇم ۋە بىر مەزگىل تەبىئىي پەن ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىشىم، ئەلۋەتتە بىلىم دائىرەمنىڭ كېڭىيىشىگە ئاساس سالغان. بىلىم دائىرىسى تار ئادەمنىڭ تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرى ئەلۋەتتە چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرى كەڭ قانات يايالمىغان ئادەم قانداقمۇ ياخشى ھېكايىلەرنى توقۇيالىسۇن؟ ئەلۋەتتە ئەدەبىي ئىجادىيەت تېخىمۇ كۆپ ئاملغا باغلىق.

**قارىغاندا، نۇرغۇن يازغۇچىنىڭ مىجەز- خاراكتېرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئۇسلۇب، ئالاھىدىلىكلىرى ئارىسىدا بەلگىلىك مۇناسىۋەت باردەك قىلىدۇ. بۇ مۇناسىۋەتنى ئەدەبىيات- سەنئەت پسىخولوگىيىسى نۇقتىسىدىن شەرھلىگىنىمىزدە كۆرۈنەرلىك ئىلمىي ئاساسقا ئېرىشەلەيمىز. سارتىر، كافكادىكى پسىخىكا- مىجەزلەر ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتتا ئۆزگىچە يول تۇتۇشىغا تەسىر كۆرسەتكەن. بىزدىمۇ مۇنداق مىساللار كۆپلەپ تېپىلىدۇ. بىز سىزدىكى ئېغىر- بېسىق، تەمكىن، سوغۇققان مىجەز بىلەن ئەسەرلىرىڭىزنىڭ بايانىدىكى سوغۇققان- تەمكىنلىك ۋە مەزمۇن ئېغىرلىقى، ئەقلىي ۋەزىن، بەدىئىي چوڭقۇرلۇق ئارىسىدا بەلگىلىك مۇناسىۋەت باردەكلا ھېس قىلىمىز. سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟**

مىجەز- خاراكتېر بىلەن ئۇسلۇبنىڭ مۇناسىۋىتىگە كەلسەك، بۇ جەھەتتە ئىلگىرى زادىلا ئويلاپ كۆرمەپتىمەن. «شائىرلار شوخ، يېنىك مىجەزلىك بولىدۇ، يازغۇچىلارنىڭ مىجەزى ئېغىرراق بولىدۇ» دېگەندەك گەپلەرنى ئىلگىرى ئاڭلىغىنىم يادىمدا. پسىخولوگىيە جەھەتتىكى بىلىمىم چولتىراق بولغاچقا، شەرھلەپ بېرىشكىمۇ ئاجىزمەن. بۇ گەپ ئىنكاسىنىڭ تېز ياكى ئاستىلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. چاقچاقچىلارنىڭ ئىنكاسى ناھايىتى تېزغۇ. ئۇلار كۆڭلىدىكىنى ئىپادىلەشتە ئۇسلۇبمۇ ياراتقان. ئۇسلۇب دېگەن، مېنىڭچە، تىل ئىشلىتىش ئادىتى، ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شائىرلارنىڭ چاققانلىقى، يازغۇچىلارنىڭ كالانپايلىقىغا دائىر گەپلەر ئاشۇ ئۇسلۇب مەسىلىسىگە قارىتىلغان بولسا، بۇنى قوبۇل قىلىشقا بولار. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداقراق. ۋەھالەنكى، مېنىڭ مىجەز- خاراكتېرىمنى ئېغىر- بېسىق، تەمكىن، سوغۇققان دەپ تەرىپلىگىنىڭىزدە خاتالاشقاندەك تۇرىسىز. بۇ پۈتۈنلەي سىرتقى كۆرۈنۈش- ساختا، ياسالما ھالەت، ئېغىر- بېسىق، تەمكىن، سوغۇققان بولۇۋېلىشقا ئۇرۇنۇشۇم ۋە ئۇنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقىمنىڭ نەتىجىسى. ئەمەلىيەتتە مەن ھەرگىز ئېغىر- بېسىق، تەمكىن ئادەم ئەمەس، سوغۇققان ئادەم تېخىمۇ ئەمەس. مەن ھەر سېكۇنت، ھەر مىنۇت تىتىلداپلا تۇرىمەن، توختاۋسىز ھاياجانلىنىمەن. ھاياجانلىنىشلىرىم بەزىدە سارائىلىق دەرىجىسىگە يېتىدۇ. ھاياجانلىنالمىغان ئادەم شائىر بولالمايدۇ، يازغۇچىمۇ بولالمايدۇ. ھاياجانلىنىپ ئولتۇرۇپ يازمىسام، باشقىلارنى قانداق ھاياجانلاندۇرالايمەن؟ كۆڭلۈمدە كىم بىلەندۇر توختىماي مۇنازىرىلىشىمەن ۋە سوقۇشىمەن. قېنىم ئۈچ مىڭ گرادۇسلۇق ماگمىدەك قايناپلا تۇرىدۇ. ئەمما بۇلار سىرتقا قارىتا كەم ئايان بولىدۇ. ئايان بولىدىغىنى كۆز يېشىم! كۆز يېشىمنى سىلەرمۇ، دوستلۇرۇممۇ كۆرگەن. مەن كىتاب ئوقۇۋېتىپ، بىر نەرسە يېزىۋېتىپ، تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى كۆرۈۋېتىپ، ناخشا- ساز ئاڭلاۋېتىپ، باشقىلار بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپ، ھەر خىل ئىشنى كۆرۈۋېتىپ يىغلايمەن. كۆز يېشىم بۇلدۇقلاپ ئاقىدۇ. ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشىمغا، كۆز يېشىمنى توختىتىۋېلىشقا ئامالىم يوق. ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان ئادەم قانداقمۇ تەمكىن ئادەم ھېسابلانسۇن؟ ھاياجانلىنىپلا، تىتىلداپلا تۇرىدىغان ئادەم قانداقمۇ سوغۇققان ھېسابلانسۇن؟ شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەن ناھايىتى قورقۇنچاق. قورقۇنچاقلىقىم ئېھتىياتچانلىقىمنى قۇۋۋەت بىلەن تەمىنلىگەن. شۇڭا ۋارقىرىيالمايمەن- جارقىرىيالمايمەن. تىتىلداتقانلارغا مۇشت كۆتۈرۈشۈم تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، پەقەت ۋە پەقەتلا يىغلايمەن، يىغلاشقىلا جۈرئەت قىلىمەن. تېخى ھازىرغىچە ھېچكىم يىغىنى، كۆز يېشىنى گۇناھ- جىنايەت ھېسابلاپ باقمىدىغۇ. يىغلاشقا جۈرئەت قىلىشىم مانا

شۇنىڭدىن.

ئەسەرلىرىمدىكى سوغۇققان- تەمكىنلىك، مەزمۇن ئېغىرلىقى، ئەقلىي ۋەزىن ۋە بەدىئىي چوڭقۇرلۇق (ئەگەر ئەسەرلىرىمدە راستىنلا شۇنداق ھالەتلەر بولسا)، قايتا- قايتا ئويلىنىشنىڭ نەتىجىسى، يەنە بىر جەھەتتىن قورقۇنچاقلىقنىڭ، شۇنداق بولۇۋېلىشقا ئۇرۇنۇشنىڭ نەتىجىسى بولۇشى مۇمكىن، ئارزۇ- ئارمانىنىڭ نەتىجىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن. تۇرمۇش چىنلىقى ۋە بەدىئىي چىنلىق شۇنداق بولۇشقا ئېلىپ بارغان بولۇشى مۇمكىن. ئەسەر يېزىلىۋاتقاندا ئۇنىڭدىكى كەيپىياتنى كۆپىنچە ئارزۇ- ئارمان ئەمەس، چىنلىق بەلگىلەپ قويىدۇ.

يازغۇچىلارنىڭ مىجەز- خاراكتېرى بىلەن ئىجادىيەتتىكى ئۇسلۇب- ئالاھىدىلىكلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۈزۈل-كېسىل ئايرىپ قويغىلى بولمايدۇ. يازغۇچى ئادەتتە ئۆز ئۇسلۇبىنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ... ئۇسلۇب- ئالاھىدىلىكلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۈزۈكلار دېگەندەكلا ئەدەبىيات- سەنئەت پسخولوگىيىسى نۇقتىسىدىن ئىزدەپ ھۆكۈم چىقارغىنىڭلار تۈزۈك. بۇ جەھەتتە ھېچنېمە دېيەلمەيمەن. ئەمما مەن ئىلگىرى تىلغا ئالغىنىمدەكلا لۇشۇن ئەپەندىنىڭ «بۇلاقتىن سۇ چىقىدۇ، تومۇردىن قان» دېگەن سۆزىگە ئىخلاس قويغۇچى. يېزىقچىلىق تېخنىكىلىرىنى ئۆگەنگەن ئادەم، ئەگەر ئۇ ئەخلاقلىق بولمىسا، ئۇنىڭدىن ئەخلاقسىزلىق تەرغىب قىلىنغان ئەسەر چىقىدۇ. پۇل، مال- دۇنياغا بېرىلگەن ئادەم بولسا، ئۇنىڭدىن ئەخلەت ئەسەر چىقىدۇ. بۇ گەپلىرىم ئەلۋەتتە مىجەز- خاراكتېر توغرىسىدا ئەمەس، ئەخلاق توغرىسىدا بوپقالدى. بۇنىڭ سوئال بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق.

**بىز ئىجادىيىتىڭىزنىڭ دەسلەپكى مېۋىلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان «بويناق ھەققىدىكى خاتىرىلەر»دىن تاكى يېڭى ئەسىرىڭىز «قاغا بولۇپ قايتتى قارلىغاچ» (بۇ ھېكايە ژۇرنىلىمىزنىڭ 2009- يىل 4- سانىدا ئېلان قىلىنغانىدى.- مەسئۇل مۇھەررىردىن)قىچە ئوقۇغىنىمىزدا تىل ئىشلىتىش، بايان، تەسۋىر، ئوبراز يارىتىش جەھەتلەردە سىزدە بەك چوڭ بۇرۇلۇش، ئۆزگىرىش بولمىغانلىقىنى، ئاساسەن بىر خىل لىنىيە بويىچە مېڭىپ كېلىۋاتقىنىڭىزنى بايقايمىز. ۋەھالەنكى، بۇ ئارىدا ئەدەبىياتىمىزدا نۇرغۇن يېڭىلىق، سىناق، بۇرۇلۇش، ئۇرۇنۇش بولۇپ ئۆتتى. بۇ يېڭىچە ئۇرۇنۇشلار ئىجادىيىتىڭىزگە ئۇنچىۋالا چوڭ تەسىر قىلغاندەك ئەمەس. بۇنىڭغا ئۆزىڭىز قانداق قارايسىز؟**

ئەگەر ئەھۋال راستىنلا سىلەر دېگەندەك بولسا، بۇ چاتاق بولغىنى. ئەگەر بىر يازغۇچىنىڭ دەسلەپكى ئەسىرىنىڭ سەۋىيىسى بىلەن ئاخىرقى ئەسىرىنىڭ، دەسلەپكى ئەسىرى ياراتقان بەدىئىي مۇھىت بىلەن ئاخىرقى ئەسىرىدە يارىتىلغان بەدىئىي مۇھىت، دەسلەپكى ئەسىرى يەتكەن بەدىئىي چوققا بىلەن ئاخىرقى ئەسىرىدە يارىتىلغان بەدىئىي چوققا ئوخشاش ۋە تەڭ بوپقالسا، بۇ يازغۇچى تۇغۇلۇپلا بويى ۋە ئەقلى ئۆسمەي يىگىلەپ قالغان نىمجان بالىغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئەدەبىياتتا «ئالدىنقى قېتىملىق ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىش، دەۋرداشلىرىدىن ئېشىپ كېتىش، ئىلگىرىكىلەردىن ئېشىپ كېتىش» دېگەن شوئار بار. بۇنى ئازراق بولسىمۇ ئىشقا ئاشۇرالمىغان يازغۇچى ياخشى ۋە باشلامچى يازغۇچى ئەمەس. بۇنداقلار نەچچە يۈز پارچە ئەسەر ئېلان قىلسىمۇ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە قالغۇدەك بىرەر نەرسىسى بولمايدۇ. بۇنداق يازارمەننى ھېچكىممۇ ئېسىدە تۇتمايدۇ... ماڭا سەل ئۇۋال قىلغاندەك تۇرىسىلەر. مەن تېخى ئالدىنقى يىلىلا ئەسەرلىرىمنى توپلام قىلىش سەۋەبى بىلەن ھەممىنى بىر قۇر كۆرۈپ چىقتىم. ھېس قىلىشىمچە، يېزىقچىلىقنىڭ تېخنىكا مەسىلىلىرىدىن تارتىپ تېما تاللاشقىچە، ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىن تارتىپ يەتمەكچى بولغان مەقسەتكىچە، ئەسەرلىرىمدىكى كەيپىيات- تۇيغۇدىن تارتىپ مەزمۇنغىچە تەدرىجىي ئۆزگىرىپ بېرىۋاتقانلىقىنى، ياخشىلىنىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. تەسۋىرنىڭ كۆپىيىپ، بايانىنىڭ، مۇھاكىمىنىڭ كېمىيىپ بارغانلىقىنى بايقىدىم. يۈزەكى مەسىلىلەرنى يېزىشتىن ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى قەلەمگە ئېلىشقا ئۆتكەنلىكىمنى، ۋەقەنى تەسۋىرلەشتىن ئادەمنى تەسۋىرلەشكە ھالقىغانلىقىمنى، دەۋرنى يېزىشتىن مەدەنىيەتنى يېزىشقا كۆچكەنلىكىمنى، مېدىيىلەرگە ئەگىشىشتىن مۇقەددەس چاقىرىقلارغا قۇلاق تۇتۇشقا بۇرۇلغانلىقىمنى سەزدىم. بۇلارنى ئۆزگىرىش دېيىشكە بولماسمۇ؟ سىلەرگە مەلۇم، مەن ئەسەرلىرىمنىڭ سانى بىلەن ئەمەس، سۈپىتى بىلەن دىققەت قوزغىغان يازغۇچى؛ ئەسەرلىرىمنىڭ ھەجمى بىلەن ئەمەس، بەدىئىيلىكى بىلەن دىققەت قوزغاشقا ئۇرۇنغۇچى. ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىم ئىچىدە ئەدەبىيات ساھەسىدە يازما ئوبزور ئېلان قىلىشقا سازاۋەر بولغانلىرىنىڭ ھەممىسىدە مەزمۇنغا ئەمەس، بەدىئىيلىككە نەزەر سېلىندى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئەسەرلىرىمنىڭ مەزمۇنىنى قايتا چۈشەندۈرۈپ يۈرۈشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى ۋە پايدىسى يوق... ئۆزگىرىش بولدى. ئىلگىرىلەشلەر خېلى چوڭ. 1980- يىللاردا يازغانلىرىمغا سېلىشتۇرغاندا، 1990- يىللاردا يازغانلىرىم بەزى تۈپلۈك ئۆزگىرىشلەرگە ئىگە. ئالدىنقىسى مېدىيىلەرگە ئەگىشىش، دەۋرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش، دەۋر روھى دېگەنلەرنى قوغلىشىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بوپقالغان بولسا، كېيىنكىلىرى ئىنساننىڭ، تۇرمۇشىمىزنىڭ ماھىيەتلىرىگە نەزەر ئاغدۇرۇش بىلەن پەرقلەندى. تىل ئىشلىتىش ئادىتىمدە ئۆزگىرىش بولمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما تىلنى نەگە ئىشلىتىش جەھەتتە ئۆزگىرىش بولدى. بايان، تەسۋىرلەرنىڭ سالمىقى ۋە سۈپىتىدە ئۆزگىرىش بولدى. ئوبراز- پېرسوناژلارنىڭ ئېنىقلىق، ئۆزگىچىلىك، چىنلىق دەرىجىلىرىدە ئۆزگىرىش بولدى. ئۆزگىرىش بولمىغان تەرەپ ئىجادىيەت مېتودىدا. باشتىن- ئاخىر رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىدىن ئېغىپ كەتمەسلىككە دىققەت قىلىپ كەلدىم. رېئالىزمغا چاپلانغان ھەرقانداق بوھتان- ياللاردىن قورقۇپ كەتمىدىم... دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىكى كلاسسىكلار، مەشھۇرلارنىڭ ھەممىسىنىڭ رېئالىزمچى ئىكەنلىكى سىلەرگە ئايان. مەشھۇر بولغان ھالەتتىمۇ رېئالىزمدىن چەتنەپ كەتسە كلاسسىك بولالمايدۇ. ئۆتكەندە، چىڭغىز ئايتماتوۋ ۋاپات بولغاندا چىققان ماقالىلەردىن كۆرگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن. شاڭخەيدىكى بىر كىتابخانىدا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كلاسسىكلارنىڭ ئەسەرلىرى قويۇلىدىغان ئىشكاپلارغا تىزىلماپتۇ. مۇخبىر بۇنى

سورىغاندا، كىتابخانا دىرېكتورى: «ئۇنىڭ رېئالىزمدىن چەتنەپ كەتكەن تەرەپلىرى بار. ئۇنى كلاسسىك يازغۇچى ھېسابلاشقا بولمايدۇ» دېگەندەك گەپلەرنى قىپتۇ. بۇ گەپ سىزگە رېئالىزمنىڭ ئەھمىيىتى ۋە نوپۇزىنى قايتا بىر قېتىم ئەسكەرتىدۇ. رېئالىزمدىن باشقا مېتودلاردا، مەيلى ئۇنى ھەرقانچە پەردازلاشسىمۇ، خۇددى ھامبۇرگ بولكىسى، پىسا قاتلىمىسى دېگەنلەرگە ئوخشاش، ئازراق ئۆزگىچە تەم باردەك سېزىلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ماھىيىتى يەنىلا بىر ئەخلەت، ھېچقانداق قۇۋۋەت يوق. قۇۋۋەتسىز يېمەكلىك كۈچ بېرەلمىگەندەك، ھېلىقىدەك مېتودلاردا ئىجاد قىلىش ئوقۇرمەنگە نېمە بېرەلىسۇن؟ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىشنى چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ. ئەپسانىلاشتۇرۇش دەمدۇ، غۇۋالاشتۇرۇش دەمدۇ، سىرلىقلاشتۇرۇش دەمدۇ، مېنىڭچە، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى رېئاللىقنى ئېچىپ بېرىشكە، بايقاشقا، تەسۋىرلەشكە خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك. رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىدىن چەتنەپ كېتىشكە بولمايدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە، ھېلىقىدەك سىناق، ئۆرۈنۈشلارنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى رولى ۋە تەسىرى تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. بۇ نۇقتىنى سىز ھېس قىپسىز. بىز چۈشىنىشىمىز كېرەككى، ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە پەقەت رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىلا، شۇ مېتودتا ئىجاد قىلىنغان ئەسەرلەرلا ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلالايدۇ. بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئەھۋالى تېپىشماق تاپتۇرۇشقا ئەمەس، بەلكى ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىشكە موھتاج.

**ئەدەبىياتتا تۈرلۈك ئېقىم- ئىزم مەۋجۇت. ۋەھالەنكى، ھەممىسى يازغۇچى ۋە ئوقۇرمەننىڭ ئەدەبىيات- سەنئەت قارىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بەزىلەر ئەدەبىياتتىن مەقسەت ئىزدەيدۇ. يەنە بەزىلەر ساپ ئېستېتىك زوق ئىزدەيدۇ. يەنە بەزىلەر ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىنى تەكىتلەيدۇ. سىز ئەنۋەر ئابدۇرېھىم بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىڭىزدە ئۆزىڭىزنىڭ ئەدەبىياتنىڭ مەقسىتىنى پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش مەنىسىدە چۈشىنىدىغانلىقىڭىزنى تەكىتلىگەنتىڭىز... ھېلىھەم مۇشۇ قاراشتىمۇ سىز؟ ئەمما سىزنىڭ مىللەتتىكى ئاجىزلىق، كەمچىلىكلەرنى ئەيىبلەپ، تەنقىدلەۋەرگەندىن كۆرە ياخشى تەرەپلەرنى يورۇتۇشنىڭ پايدىسى، ئەھمىيىتى ھەققىدە كۆيۈنۈپ سۆزلىگىنىڭىزنىمۇ ئاڭلىغانىمىز. ئەدەبىي ئاخباراتلىرىڭىزدىمۇ تىرىشچان، مېھنەتكەش كىشىلەر، كارخانىچىلار، يەنى، ياخشى تىپلارنىڭ ئوبرازى كۆپرەك يارىتىلدى. مۇبادا شۇنداق دېيىلسە، بۇ سىزنىڭ ئەدەبىياتنىڭ مەقسىتى «پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش» دەيدىغان قارىشىڭىز بىلەن زىت بوپقالامدۇ- قانداق؟...**

ھېلىقى قاراش بۈگۈنكى مەن ئۈچۈن خاتا. ئەينى چاغدا (بۇ بەلكىم 1980- يىللارنىڭ ئاخىرلىرى ياكى 1990- يىللارنىڭ بېشىدىكى قارىشىم بولۇشى مۇمكىن) تېتىقسىزلىقلار ئۈستىدىن ئازراق شىكايەت قىلغىلى بولىدىغان ۋەزىيەت پەيدا بولغانلىقىدىن، ئەدەبىياتنىڭ يۈزلىنىشى كۆپرەك شۇ تەرەپكە بۇرالغانىدى. لۇشۈندىن، چىخوپتىن قالغان ئەنئەنىمۇ شۇ ئىدى. ئەزىز نەسىنمۇ شۇ يولنى تۇتقانىدى. شۇ مەزگىلدىكى ئەدەبىيات قارىشىم ئاشۇ ئىش ۋە ئاشۇ پېشىۋالارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئېچىۋېتىش شارائىتى بىزنى بەكمۇ كۆپ ئۇچۇر ۋە بىلىم بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. دۇنيا قارىشىم، قىممەت قارىشىم، تۇرمۇش قارىشىم ۋە ئالەمنى چۈشىنىشىمدە تۈپلۈك ئۆزگىرىشلەر بولدى. ھازىر ئېيتالايمەنكى، 20 يىل بۇرۇنقى مەن ھەرگىز ھازىرقى مەن ئەمەس. ئۇ بىر تەنتەك، ئاسمانغا پىچاق ئاتقىلى بولىدۇ دېسە شۇنىڭغا ئىشىنىپ يۈرىدىغان نادان، باشقىلارنىڭ شادلىقىغا كۆلۈشۈپ بېرىدىغان ئەخمەق! شۇڭا ئاشۇنداق ئەخمقانە گەپنى دېگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇ گەپنى ئېسىڭلاردىن كۆتۈرۈۋېتىڭلار. ئالەمنىڭ ئەسلىي قىممىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەنقىد قىلىش، پاش قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ۋە ئۇنىڭ ئىگىلىرى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدۇ. ئەدەبىيات ئۇنداقلارنى تىلغا ئېلىپ يۈرمەسلىكى كېرەك. كلاسسىك ئەدەبىياتتىكى «قەھرىمانلارنى يېزىش، ياخشىلىقنى مەدھىيىلەش، گۈزەللىكنى كۈيلەش» تەشەببۇسىنى سەل كېيىنرەك چۈشەندىم. بۇ ھەرگىزمۇ بالايىئاپەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىكى تۆت مەلئۇن تەشەببۇس قىلغان مەنىگە ئىگە ئەمەس. ئۇنىڭ ئەھمىيىتى بەك چوڭ. ناچارلار ۋە ناچارلىق، رەزىللەر ۋە رەزىللىك، قانخورلار ۋە قاباھەت ئالەمدە مەڭگۈ 2-، 3- دەرىجىلىك پېرسوناژ. ئەدەبىيات 1- دەرىجىلىك پېرسوناژنى تىلغا ئېلىشى، شۇنى تەسۋىرلىشى كېرەك. كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ھايات ۋەقەلىرىنى قايتا نامايان قىلىپ بېرىشى كېرەك. رېئالىزم دېگەن قايتا يورۇتۇپ بېرىشكى، ھەرگىزمۇ قامچا ئوينىتىش ئەمەس.

**قانداق قىلىپ تارىخىي ھېكايىلەرنى يېزىشقا قىزىقىپ قالدىڭىز؟**

ھەرقانداق پارتلاشقا پىستان كېرەك، رېئال تېمىدىكىلىرىڭىزمۇ، تارىخىي تېمىدىكىلىرىڭىزمۇ ئىلھامنى ئوت ئالدۇرىدىغان چاقماق بولمىسا بولمايدۇ. تارىخىي ۋەقەلەردىن تولىراق قىسقىلا بايان ۋە خۇلاسىلا يېتىپ كېلىدۇ. بەزىدە ماكان، زامان ۋە ئادەم ئىسىملىرىمۇ يېتىپ كېلەلمەيدۇ. جەريان بولسا ئەسلا يېتىپ كەلمەيدۇ. يېتىپ كەلگەنلىرىمۇ بۇرمىلانغان ھالەتتە. ۋەقەنىڭ سەۋەبلىرى تۇتۇرۇقسىز بولىدۇ. يازغۇچىغا كېرىكى جەريان. ماھارەتلىك يازغۇچى جەرياننى ئىلاجىنىڭ بارىچە ئەينى زامان چىنلىقىغا ئوخشىتىپ توقۇيدۇ. بۇرمىلانغان يەرلەرنى تۈزىتىدۇ، سەۋەبلەرنى قايتا ئىزاھلايدۇ. خەۋىرىڭلاردا باردۇ، ئابدۇللا قادىرىينىڭ «مېھرابتىن چايان» رومانىنىڭ يېزىلىشىغا «خۇدايارخان ئوردىسىدىن بىر كېنىزەك قېچىپ كېتىپتۇ، تاشكەنتكە كېلىۋاپتىكەن» دېگەن بىر تارىخىي مىش- مىش پىلتە بولغان، مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «قۇم باسقان شەھەر» رومانىنىڭ يېزىلىشىغا «چۆلدە ياۋايى ئادەم بار ئىكەن، يالىڭاچ يۈرەركەن» دېگەن مىش- مىش پىستان بولغان. قالغان ئىشلار يازغۇچىنىڭ ماھارىتىگە باغلىق.

ھازىرغىچە «قوشتاغدىكى مۇشائىرە» قاتارلىق تۆت پارچە

تارىخىي ھېكايىنى قىلەمگە ئالدىم. (بەزى سەۋەبلەرگە كۆرە سۆھبەت بايان قىلغۇچىنىڭ بۇ ھېكايە ھەققىدىكى بايانلىرى قىسقارتىلدى.ـــ مەسئۇل مۇھەررىردىن). بولاردىن «شاھ مەشرەپ خوتەندە»گە شاھ مەشرەپكە بېرىلگەن خاتا ئىزاھلار پىستان بولدى. «ئالتە كۆنلۈك پادىشاھ» (بۇ تارىخىي ھېكايە ژۇرنىلىمىزنىڭ 2000 ـ يىل 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغانىدى.ـــ مەسئۇل مۇھەررىردىن)نى راخمان گۆكۆت ھەققىدىكى ئاجايىپ پاراڭلار ۋە ئۇنىڭ روھىدىكى جاسارەت، ئاجىزلىق، چەكلىمىلىكلەر كۆتۈرۈپ چىقتى. «شەمس تەبرىزىم مازىرى»دىكى ماجرا» (بۇ تارىخىي ھېكايە ژۇرنىلىمىزنىڭ 2003 ـ يىل 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغانىدى.ـــ مەسئۇل مۇھەررىردىن)نىڭ پىستىنى ـــ لېچەك ـ چۇمبەللەر بىلەن ھەپىلىشىش. قىزىقىپ قېلىشنى رېئاللىقنىڭ ئۆزى پەيدا قىلىدۇ. رېئال سەۋەب بولماي تۇرۇپلا زومۇ زو، تارىخىي تېمىدىكى ئەسەر يېزىش ئۈچۈنلا تارىخىي ئەسەر يازسا، ئۇ ئەدەبىي ئەسەر ئەمەس، تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ تەكرارلانمىسى بوپقېلىشى، قۇرۇق، تەسرلەندۈرۈش كۈچى تۆۋەن بىر نەرسە بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. تارىخىي ئەسەر دېگەن «سىپارتاك»تەك، «باھادىر شاھ لى زىچىڭ»دەك، «چىڭگىزخان»دەك، «مېھرابتىن چايان»دەك بولىدۇ. ئۆلگىلىك تارىخىي ئەسەرلەر دۇنيا ئەدەبىياتىدا بەك كۆپ. بىزدىمۇ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» رومانى، تېيىپجان ھادىنىڭ ھېكايىلىرىنى تارىخىي ھېكايىلەرگە ئۆلگە قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، سىپارتاك توغرىسىدىكى تارىخىي ئەدەبىي ئەسەر سىپارتاك ئۈچۈن، چىڭگىزخان توغرىسىدىكى ئەدەبىي ئەسەر چىڭگىزخان ئۈچۈن يېزىلماسلىقى كېرەك. «چىڭگىزخان» رومانىنىڭ ئاخىرقى قۇرلىرى ئېسىڭىزدە بارمۇ؟ «تۈن ئۇزۇن، تاڭ ئېتىشقا تېخى خېلى بار، بىز ھاجى رەھمىنى قۇتقۇزۇشقا ئالدىرىشىمىز لازىم».

**بەزى ئەدىبلىرىمىزنىڭ «ھازىر جەمئىيەت ئىدېئولوگىيىسى بەك زىللىشىپ كەتتى. ئەسەرلەرگە قويۇلىدىغان سىياسىي ئۆلچەم بەك يۇقىرى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى، پائالىيىتىنى بىر قېلىپقا چۈشۈرۈپ قويىدى. تۇرمۇش رەڭگا ـ رەڭ ۋە قاينام ـ تاشقىنلىق ئەمەس. بۇ ھال ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ‹تېما نامراتلىقى›نى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇڭا ياخشىراق بىر نەرسە يازغىلى بولمايۋاتىدۇ» دېگەندەك پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ قالىمىز. ئەمما، بىز سىزنى بۇ چەكلىمىلىكتىن تامامەن مۇستەسنا دەپ قارايمىز. سىزچىچۇ؟**

ھېلىقى قاراشلار خاتا. نامراتلىقنىڭ سەۋەبى بايلىقنىڭ يوقلۇقىدا ئەمەس، ئۇنى تاپالمىغانلىقتا، ھورۇنلۇق ۋە ئېرىنچەكلىكتە. ئەدەبىيات تېما نامراتلىقى، چەكلىمە كۈچلۈكلۈكى دېگەن باھانە ـ سەۋەبلەرنى مەڭگۈ ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئەدەبىيات تارىخىدىمۇ بولار ھېسابقا ئېلىنغان ئەمەس. پالانى بۈيۈك يازغۇچى بولىدىغان ماتېرىيال ئىدى، چەكلىمىلەر سەۋەبىدىن يازغۇچى بولالمىدى دېگەن گەپنى بىز تېخى ھېچبىر كىتابتا كۆرۈپ باقمىدۇق.

**ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېقىنقى يىللار مابەينىدە نۇرغۇن رومان نەشر قىلىندى. ھەتتا بىۋاسىتە رومانغا تۇتۇش قىلىدىغانلارمۇ كۆپىيىۋاتىدۇ. بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا سىزنىڭمۇ رومانغا تۇتۇش قىلىۋاتقانلىقىڭىز توغرۇلۇق گەپلەر تارالغانىدى. ئەمما، سىزدىن بۇ توغرىسىدا ھازىرغىچە ھېچقانداق سادا ئاڭلىمىدۇق. بۇ گەپلەر راستمۇ؟ ياكى...**

رومان پۈتكۈزۈپ باقمىدىم. يازماقچى بولغىنىم راست، ئەمما...بۇرۇنقى باشقا سۆھبەتلىرىمدە بۇنىڭغا كۆرسەتكەن باھانىلىرىمنىڭ ھەممىسى ياسالما گەپلەر. قارىغاندا، مەن رومانچى بولالمايدىغاندەك قىلىمەن. بىلىم ـ تەجرىبىلىرىمنىڭ كەملىكى، ھورۇن ـ ئىقتىدارسىزلىقىم، ئويۇن ـ تاماشىچىلىقىم بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى. قورقۇنچاقلىقىممۇ شۇ ۋەجىدىن. ھېكايە ـ پوۋېستلىرىچىلىك يازالماپتۇ، دېيىلىشتىن قورقۇۋاتىمەن.

**سىزنى ئەدەبىياتىمىزدىكى پىشقان، تىرىشچان، توختىماي ئۆلۈيدىغان، ئۆگىنىدىغان، يازىدىغان، تەپەككۇرى ئويغاق ساناقلىق مۆتىۋەر يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى دەپ بىلىمىز. ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېقىندىن بۇيانقى ئەھۋالىدىن سىزنىڭمۇ خەۋىرىڭىز بار... پروزا ئەسەرلىرىدىكى ئاددىيلىشىش كىشىنى ھەقىقەتەن ئەندىشىگە سالىدۇ. ئاددىيلىقمۇ سەنئەت. لېكىن بىزدىكى ئاددىيلىشىش ئەسەرلەرنىڭ تىل، قۇرۇلما، بايان، ۋەقەلىك، مەزمۇن، شەكىلگىچە شۇنچىۋالا ئاددىي، قۇرغاقلىشىپ كېتىۋاتقاندەكلا تۇيغۇ بېرىدىغان بوپقالدى. بۇنى كۆپ ئادەمنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلاۋاتىمىز. بىر پىشقان قەلەم ئىگىسى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن بۇ مەسىلىگە قانداق قارايسىز؟ سىزنىڭچە، ئەدەبىياتىمىزدىكى بۇ خىل ئاجىزلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟**

بۇنى تەلەپ بىلەن تەمىنلەش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت دەپ قاراش كېرەك. ئالدى بىلەن ئويلىشىپ كۆرىدىغان مەسىلە ـــ تەلەپ ئېشىپ كەتتىمۇ ياكى يەتكۈزۈپ بېرىلىۋاتقان مالنىڭ سۈپىتى چاتاقمۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت. تەلەپنىڭ ئېشىشى ياخشى ئەھۋال. ھەقىقەتەنمۇ ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ساپاسىدا زور ئۆسۈش بولدى. ئىشچى ـ دېھقانلىرىمىز ئارىسىدىنمۇ يۇقىرى ساپالىق ئوقۇرمەنلەر يېتىشىپ چىقىۋاتىدۇ. بۇنداق ئەھۋال مۇقەررەر ھالدا تەلەپنىڭ تېخىمۇ ئېشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىدۇ. يۇقىرى ـــ سۈپەتلىك ئىستېمالغا ئىشتىھا راسلاپ تۇرغانلارغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغىنىمىز يەنىلا «ئاتام ئېيتقان بايىقى» بوپقالسا، بۇ يەردە چوقۇم سىزنىڭ تەسراتىڭىزدەك ھال پەيدا بولىدۇ. يەتكۈزۈپ بېرىلىۋاتقانماللارنىڭ سۈپىتىگە كەلسەك، ئومۇمىي ئەھۋال ياخشىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە راستتىنلا ئاددىيلىشىپ كېتىش ئەھۋالى مەۋجۇد. ئاددىيلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئامىللار ئىچىدە قەلەمكەشلەرنىڭ ئىزدىنىش جەھەتتىكى ئېرىنچەكلىكى بىلەن زامان تەرتىپلىرىنىڭ كۈچىيىپ كەتكەنلىكى

تۈپ ئامىل بولۇشى مۇمكىن. تەرتىپ قاشالىرىنى ئىزدىنىش ئارقىلىق بۆسۈپ ئۆتكىلى بولاتتى. ۋەھالەنكى، ئارىمىزدا يېزىقچىلىقنى ئاساسەن ھۈنەر ھېسابلايدىغان، شۇنداقلا يېزىپ قويۇپ، ئۆزىنى شۆھرەت پەشتىقىدا كۆرىدىغانلار كۆپىيىپ قالدى. سىلەردە ئاشۇنداق تەسىرات پەيدا قىلغانمۇ شۇلار. ئەمما ياخشى ئەسەرلەرمۇ يوق ئەمەس. مەن خېلىدىن بېرى تۇرسۇن مەھمۇتنىڭ ھېكايىلىرىنى ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن. يېقىندا ئورخان پاموكنىڭ «يېڭى ھايات» رومانىنى ئوقۇپ، تۇرسۇن مەھمۇتنىڭ پاموكچە تەسۋىر ۋە بايانلارنى، باشلانما ۋە يېشىملەرنى ئاللىقاچان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئىشقا ئاشۇرۇپ بولغانلىقىنى سەزدىم. پاموكنىڭ ئەسەرلىرى ئەمدىلا تەرجىمە قىلىنىۋاتقان تۇرسا؟ مېنىڭچە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ سەۋىيىسى ھەرگىز باشقا ئەدەبىياتلاردىن كەم ئەمەس. ئابدۇرەھمان ئەزىزنىڭ، ئالتۇنگۈل رەجەپنىڭ، مۇتەللىپ سەيپۇللانىڭ، ئابدۇكېرەم قادىرنىڭ، ياقۇپ كېرەمنىڭمۇ ياخشى ھېكايىلىرىنى ئوقۇشقا سازاۋەر بولدۇم. بۇلارمۇ بىزدە ياخشى ھېكايىلەرنىڭ، ياخشى ھېكايىچىلارنىڭ ئۈزلۈكسىز چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ئىزدىنىش، تىرىشىش روھى بولسىلا ياخشى ئەسەرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقارغىلى بولىدۇ، توسالغۇلارنى يەڭگىلى بولىدۇ. ئىش پەقەت بىزنىڭ يوللارنى، يېڭى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى تاپالىشىمىزغا باغلىق. سىز دېگەندەك ئاددىي، قۇرغاق تەسىرات قالدۇرىدىغان، جىنس مۇھەببىتىنىلا تەسۋىرلەشنى رامكا قىلىۋالغان، چىنلىق تۇيغۇسى كەم، ئەدەبىي قىممىتى تۆۋەن ئەخلەت يازمىلارنى توسۇپ قالغىلى بولماسلىقى مۇمكىن. ئۇنى يازىدىغانلارنىمۇ قەلەمنى تاشلاشقا كۆندۈرگىلى بولماسلىقى مۇمكىن. بۇ بىر تەبىئىي ئەھۋال. ئەخلەت يازمىلارغا سېلىشتۇرۇلمىسا ئېسىل يازمىلارنىڭ قىممىتىنى قانداق مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ؟ جاھان دېگەندە دان بىلەن سامان ھامان بىللە مەۋجۇد بولىدۇ. گەپ، ئۇنى پەرقلەندۈرۈشتە. سىلەرمۇ پەرقلەندۈرۈپسىلەر، يەنە پەرقلەندۈرگەنلەر بار ئىكەن. مانا شۇ پەرقلەندۈرۈش كۈچى ئەدەبىياتىمىزنى، جۈملىدىن پروزا ئەسەرلىرىمىزنى داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىتىدۇ. ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمەسلىك، ئارتۇقچە ئەنسىرەپ كەتمەسلىك كېرەك.

**ئەسەرلىرىڭىزدىن پەيدىنپەي شەكىللىنىۋاتقان جەمئىيەت تارىخىنى، يەنى بەدىئىي تارىخنى سېزىمىز. بولۇپمۇ خوتەن دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇشى، ھاياتىغا زور تەسىر كۆرسىتىدىغان، كۆرسىتىۋاتقان مەسىلىلەر ئەسەرلىرىڭىزدە ئاساسەن ئاجايىپ كەسپىي ئائىلىلەر، ئاجايىپ ئىجتىمائىي دولقۇنلار ۋە ھەر خىل تۈزۈم، يەرلىك سىياسەت، بەلگىلىمە، دولقۇن ۋە ئۆلارنىڭ كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا، ئىدىيىسىگە، تۇرمۇش ئۇسۇلىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئىنچىكە خاتىرىلەنگەن. سىز ئاشۇنداق خاتىرىلەشنى مەقسەتلىك قىلىۋاتامسىز، ياكى...**

ئەسلىي مەنىسىدىمۇ رېئالىزملىق ئەدەبىي ئەسەر جەمئىيەت تارىخى ھېسابلىنىدۇ. بۇ، پۈتكۈل دۇنيادا ئورتاق. ئەدەبىيات تەنقىدچىلىرىنىڭ ھيوگو ۋە بالزاكنىڭ ئەسەرلىرىنى فرانسىيە جەمئىيىتىنىڭ تارىخى دېيىشكەنلىرىنى، تولستوي ۋە چېخوپنىڭ ئەسەرلىرىنى روسىيىنىڭ ئىجتىمائىي تارىخى دېيىشكەنلىرىنى سىلەرمۇ ئاڭلىغان بولغىيتىڭلار. لۇشۈننىڭ ئەسەرلىرى بولسا جۇڭگونىڭ ئەينى زاماندىكى ئىجتىمائىي تارىخى. ئادەتتە دېيىلىۋاتقان تارىخ كۆپرەك بىر دۆلەتنىڭ سىياسىي تارىخى ۋە ھاكىمىيەت ئالمىشىش تارىخىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ زور، پۈتكۈل جەمئىيەت خاراكتېرلىك تەسىرگە ئىگە ۋەقەلەرنى خاتىرىلەيدۇ. پۇقرالارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىشلەر، ئېڭىدىكى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىدىكى، ئىنتىلىش ـ تىرىشىشلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى، كەچۈرمىشلىرىنى بولسا ئەدەبىيات خاتىرىگە ئالىدۇ. بۇ ئاشۇ پۇقرالار ئۈچۈن شەخسىي تارىخ، شۇنداقلا ئىجتىمائىي تارىخ. ئەگەر بىر ئەدەبىي ئەسەر ئاشۇ ئىجتىمائىي تارىخنى خاتىرىلەشنى ئىشقا ئاشۇرالمىسا، ياكى ئاشۇ ئەسەرنى ئوقۇغىنىمىزدا بىز ئىجتىمائىي تارىخنىڭ بىر كىچىك كەسمە يۈزىنى كۆرەلمىسەك، بۇ ئەسەر تۈز ـ تەمى تېتىشلىمىگەن تاماقتەك بىزگە تېتىمايدۇ قالىدۇ... ئەسەرلىرىمدە ئىجتىمائىي تارىخنى خاتىرىگە ئېلىشنى مەقسەت قىلمىغان بولۇشۇم مۇمكىن. ئەمما يېزىلىۋاتقان جەريان بۇنى تەبىئىي ئىشقا ئاشۇرغان دەپ ئويلايمەن. ئەسەرلىرىمدىن باشقا يۇرتتىكىلەر خوتەننى، كەلگۈسىدىكىلەر ھازىرنى كۆرۈپ يېتەلىسە، بۇ ئەلۋەتتە نەتىجە ھېسابلىنىدۇ. بىرەر ئىشلەپچىقىرىش ـ ئەمگەك جەريانى تەسۋىرىدىن ئەينى چاغ ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى ۋە تېخنىكىسىنى بىلەلىسە، بۇ تېخىمۇ زور نەتىجە ھېسابلىنىدۇ. نەۋائىي ھەزرەتلىرى فەرھادنىڭ مېتىن ـ كەكىلەر بىلەن تاشنى كەسكەندەك كېسىپ ئۆستەڭ قازغانلىقىنى تەسۋىرلىگەندە، مېتىن ـ كەكىلەرنى نېمىدىن ياسىغانلىقىنى، خورۇچىنى قانداق سۇغۇرغانلىقىنى، ئۇنى لاي كەسكەندەك كېسىش ئىقتىدارىغا قانداق ئېرىشتۈرگەنلىكىنى يازمىغانلىقىدىن ئەپسۇس چەككەنىدىم. قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ ئېھرام قوپۇرغان 80 توننىلىق تاشلارنى قانداق يۆتكىگەنلىكىنى ياكى قايسى ھۈنەر بىلەن ياسىغانلىقىنى بىلىشەلمەي ھازىرمۇ ئىزتىراپ چېكىشىۋاتىدىغۇ. مېنىڭچە، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئىنچىكە، تارىخ بولغۇدەك تەسۋىرلەپ قويۇشنىڭ زىيىنى يوق. ئەدەبىي ئەسەر ۋەقەنىڭ ئۆزىنى ئەمەس، ۋەقەدىن كېيىنكى ئۆزگىرىشنى ھېكايە قىلىدۇ. نەتىجىنى ئەمەس، جەرياننى ھېكايە قىلىدۇ. تارىخىي تېمىدا ھېكايە يېزىم باقتىم. بىزگە پەقەت نەتىجە ـ يەكۈنلا يېتىپ كەلگەچكە، جەرياننى توقۇلما قىلىشقا توغرا كەلدى. قانچىلىك ئوخشىدى؟ ئەينى زامان چىنلىقىغا ئۇيغۇن بولدىمۇ؟ بۇنىڭغا ھۆكۈم قىلماق تەس. كېيىنكىلەر ئۈچۈن بولسىمۇ ئىجتىمائىي تارىخنى خاتىرىلەپ قويۇش زۆرۈر. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، بىز ئەدەبىي ئەسەردە ئادەمنى يازىدىكەنمىز، ئىجتىمائىي ئادەمنى، يەنى جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسىنى يازماسلىقىمىز مۇمكىن ئەمەس. ئىنسانىيەت يۇكسەك دەرىجىدە ئىجتىمائىيلاشقان بۈگۈنكى كۈندە يەككە ئادەمنى تاپماق بەسىي مۇشكۈل. شۇنداقكەن، بىزنىڭ پېرسوناژلىرىمىزنىڭ ھەرىكىتى چوقۇم ئاشۇ جەمئىيەت،

ئىجتىمائىي دولقۇن، ھەرخىل تۈزۈم، سىياسەت، بەلگىلىمىلەر ئىچىدە بولىدۇ. ئارقا كۆرۈنۈش — دېكوراتسىيە چوقۇم شۇلار بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋال چوقۇم ئىجتىمائىي تارىخنى خاتىرىلىگەندەك تەسىرات قالدۇرىدۇ.

**بىز ئەسەرلىرىڭىزدىكى پېرسوناژلار ھەققىدە ئويلانغىنىمىزدا، ئۇلاردا ناھايىتى كۈچلۈك تراگېدىلىك گاڭگىراش، تەڭقىسلىق، بىچارىلىكنى سېزىمىز. ئۇلار قانداقتۇر بىر مەنزىل، ئەقىدە ئۈچۈن تىركىشىدىيۇ، كۆپىنچىسى يېتەلمەي قىينىلىدۇ. قانداقتۇر بىر مەيدان-مەسلەكنى ساقلىماق بولۇشىدىيۇ، ئاجىز كېلىدۇ… بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟**

بۇنى تارىخىي كەچۈرمىشلىرىمىزنىڭ، سىياسىي، ئىجتىمائىي رېئاللىقىمىزنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى دېيىش كېرەك. ئاشۇنداق يېزىلمىغان بولسا، بۇ، تارىخ ۋە ئىجتىمائىي رېئاللىققا، چىنلىققا ئۇيغۇن بولمىغان بولاتتى. بۇ مېنىڭ ئەسەرلىرىدىمدىلا ئەمەس، مەسئۇلىيەتچان ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆرۈلگەن ئەھۋال. خەلقىمىز كۆپ ماتېرىيالدا چاقچاقچى، ھەزىلكەش خەلق، ناخشىچى خەلق، بىغەم- بىپەرۋا خەلق، ھۇرۇن- لايغەزەل خەلق، نادان- ئەخمەق خەلق، ئەقىدە- ئىخلاسى سۇس خەلق، ئامەت كۆتۈشكە خۇشتار خەلق، قورقۇنچاق- ياۋاش خەلق، چېقىمچى- ساتقۇن خەلق، چېچىلاڭغۇ- ئىتتىپاقسىز خەلق… دەپ تەرىپلىنىپ (19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دىيارىمىزغا سەپەر قىلغان ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ خاتىرىلىرىگە قاراڭ) كەلدىغۇ. تېخى ئۆزىمىزمۇ شۇنداق تەرىپلەشكە خۇشتار بولۇپ يۈردۇق. ئەكسىچە، چاقچاق- ھەزىللىرىمىزدىكى قارا يۇمۇردەك ئاچچىق تەنبىھكە، ناخشىلىرىمىزدىكى ھەسرەت- نادامەتكە، بىغەم- بىپەرۋالىقىمىزغا يوشۇرۇنغان قىيداشقا، ھۇرۇن-لايغەزەللىكىمىزنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىشسىزلىقىمىزغا، نادان-ئەخمەقلىقىمىزنى كەلتۈرۈپ چىقارغان مۇھىتقا، ئەقىدە-ئىخلاسىمىزنىڭ سۇسلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان تارىخىي سەۋەبلەرگە، قورقۇنچاق- ئېھتىياتچانلىقىمىزنى كۈچەيتكەن تەكرارلىنىشلارغا توغرىراق باھا بېرىشكە ھەپىسلىمىز كەم بولدى. ئاشۇلارنىڭ ئۆزى راستىنلا پاكىت. ئاشۇرۇۋېتىلگەن دېيىلگەندىمۇ ئۇنىڭغا بىر قىسىم رېئاللىق يوشۇرۇنغان. بۇلار نېمىنىڭ مەھسۇلى؟ گاڭگىراش، تەڭقىسلىق، بىچارىلىكنىڭ مەھسۇلى ئەمەسمۇ؟ خەلقىمىز نەچچە ئەسىر ئاشۇ تەڭقىسلىق، بىچارىلىك ئىچىدە گاڭگىراپ يۈردى. تۈگىشىپ كەتكەنمۇ بولاتتى، لېكىن ئاشۇ قاملاشمىغان قىلىق دەپ تەرىپلەنگەن ئىشلاردىكى ئەۋرىشىملىك بىزنىڭ مەۋجۇدلۇقىمىزنى كاپالەتلەندۈرۈپ تۇردى. كۈچلۈك بوراندا مەجنۇنتالغا قارىغاندا چىنار ئۇڭايراق سۇنىدۇ. ئەۋرىشىملىكنىڭ ئۆزى بىرخىل ساقلىنىپ قېلىش چارىسى. ئاشۇ بىچارىلىك، تەڭقىسلىق ئەۋرىشىملىكىمىزنى كەلتۈرۈپ چىقارغان مۇھىت — تارىخىي چىنلىق ۋە ئىجتىمائىي چىنلىق. ئەدەبىيات تۇرمۇش چىنلىقىغا سادىق بولۇشقا ئەھدە قىلغانىكەن، بىز ئاشۇ تەڭقىسلىقنى، بىچارىلىكنى ئەكس ئەتتۈرۈشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە. يەنە بىر نۇقتىدىن ئالغاندا، بىچارىلىك ۋە تەڭقىسلىقتا قېلىش ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ ماھىيىتى. «ئىنسان ئاجىز يارىتىلدى» («قۇرئان كەرىم»، ئۇيغۇرچە، 83- بەت). ئاجىزلىق ئىنساننىڭ ماھىيىتى ئىكەن، ئۇ ئەلۋەتتە بىچارىلىك ۋە تەڭقىسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەدەبىيات ئىنسان ماھىيىتىنى، تۇرمۇش ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك. دەپ شوئار توۋلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بىزنىڭ يازغانلىرىمىزمۇ چوقۇم شۇ شوئارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ ۋە ئەسەرلىرىمىز ئاشۇنداق يېزىلىدۇ.

پېرسوناژلىرىمنىڭ تىركىشىشلىرىگە كەلسەك، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىز بىلەن بۈگۈنكى «يەر شارىلىشىش»دولقۇنىدا بىزگە كۆچەپ تونۇشتۇرۇلۇۋاتقان رەڭگارەڭ مەدەنىيەتلەر ماس كەلمەي قالدى. ئەنئەنىۋى قاراشلىرىمىز بىلەن تەرغىب قىلىنىۋاتقان قاراشلار ماس كەلمەي قالدى. ئارزۇ- ئارمانلىرىمىز رېئاللىققا ئۇيغۇن بولماي قالدى. بولليۇۋد (ھىندىستان) كىنو-چولپانلىرى ئۆزۈندىن بېرى كۆز قىسىپ كەلگەن بىزگە ئىسلاھات- ئېچىۋېتىشتىن كېيىن ھولليۇۋد چولپانلىرىمۇ قاش ئېتىشقا باشلىدى. بىز تەڭقىسلىقتا قالدۇق، زىددىيەتلەر ئارىسىدا قالدۇق. خۇداغا شۈكۈر، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىز، ئەنئەنىۋى قاراشلىرىمىزنىڭ كۈچلۈك ۋە چوڭقۇر يىلتىزى بىزنى يەنىلا ساقلاپ تۇرۇپتۇ. ساقلىنىپ قېلىش ئۈچۈن تىركىشىش كېرەك. پېرسوناژلىرىم تىركىشىۋاتىدۇ، ئاجىز كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ تىركىشىۋاتىدۇ. بۇ ھازىرقى رېئاللىقىمىز. يازغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى رېئاللىقنى سادىقلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش، تىركىشىشنىڭ نەتىجىسىگە كۆڭۈل بۆلۈش ئەمەس. شۇنداقتىمۇ، بۇ يەردە تىركىشىشلەرنىڭ ئۇزۇن يىللارغىچە داۋام قىلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا جۈرئەت قىلىمەن. بۇنى ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىز ۋە قاراشلىرىمىزنىڭ ئۈلغارلىقى بەلگىلىگەن.

**ئەسەرلىرىڭىزدە سان- ساناق، كىشى ئىسىملىرى، يەر-جاي ناملىرى ناھايىتى دەل، ئېنىق. بولۇپمۇ تارىخقا مۇناسىۋەتلىك بايانلاردىكى دەللىك كىشىنى ھەقىقەتەنمۇ قايىل قىلىدۇ. بۇ، يالغۇز ئەدەبىي ئاخباراتلىرىڭىزنىڭلا ئەمەس، ئەدەبىي ئەسەرلىرىڭىزنىڭمۇ ئىنتايىن روشەن ئالاھىدىلىكى ۋە كىشىنى قايىل قىلىدىغان تەرىپى. سىز بۇ خىل ئۇچۇرچانلىقنىمۇ بىر خىل مەقسەت سۈپىتىدە چۈشىنەمسىز؟**

ئەدەبىي ئاخبارات ۋە تارىخىي ئەسەرلەردە ئورۇن، ۋاقىت (ماكان ۋە زامان)، كىشىلەر ئىسمى توقۇلما قىلىشقا بولمايدىغان تەرەپ ھېسابلىنىدۇ. سان- سىپىرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە. بۇ يەردە يۇقىرى- توغرا دەللىلىك، پاكىتلارغا ھۆرمەت ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ، يۈكسەك دەرىجىدە توغرا بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ، ئەقەللىي تەلەپ.

ئۇچۇرچانلىق مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇ سىلەر دېگەنلەرنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىشى ناتايىن. ئۇ يەنى تارىخىي ئۇچۇر، ئىجتىمائىي ئۇچۇر، تەبىئەت ئۇچۇرى، مەدەنىيەت ئۇچۇرى، پەن-تېخنىكا ئۇچۇرى… دېگەندەك كۆپ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە

ئالىدۇ. ئۇچۇرنىڭ دائىرىسى بەك كەڭ. مەن ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ھەر جۈملىسىدە، ھەر ئابزاسىدا، ھەر بابىدا ئۇچۇر يەتكۈزۈلۈشى كېرەك، دەپ قارايمەن. ئۇچۇرسىز بايان ۋە ئۇچۇرسىز تەسۋىرنىڭ جېنى بولمايدۇ، ئۇنىڭ رەڭ ۋە نۇرى تېخىمۇ جۇلالانمايدۇ. ئوقۇرمەننى قىزىقتۇرۇپ، ئەسەر ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ كېتىدىغان ئامىل دەل ئۇچۇر. ئۇچۇر بىلەن ئاخبارات- خەۋەر بىر گەپ ئەمەس، ئاخبارات ۋە خەۋەر ھازىر بولۇۋاتقان ئىش- ۋەقەلەرنىلا يەتكۈزىدۇ، ئۇچۇر بولسا ئۆتمۈشنىڭ، ھازىرنىڭ، يىراقنىڭ، يېقىننىڭ، ئېتىقادنىڭ، مەدەنىيەتنىڭ، ئەنئەنىنىڭ، ئادەتنىڭ، ھادىسە- ۋەقەلەرنىڭ، كۆرۈنۈش- ھالەتلەرنىڭ... ھەممىسىدىن خەۋەردار قىلالايدۇ. ياخشى يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەر ياكى ئەدەبىي ئاخباراتتا بۇنداق ئۇچۇرلار بەك كۆپ بولىدۇ. ئالايلۇق، مەن يازغان «تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە» دېگەن ئەدەبىي ئاخباراتتا فەرھاد- شىرىن ۋەقەلىرى توغرىسىدا، چىرا تاغلىرىدا 10- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بولۇپ ئۆتكەن دىنىي ئۇرۇشلار توغرىسىدا، ئىمام زەبىبۇللارنىڭ نەسەبلىرى توغرىسىدا، مافىڭ ئاپتورلۇقىدىكى «يېزىمىزنىڭ ياشلىرى» دېگەن كىنو توغرىسىدا، مەرھۇم قەييۇم تۇردىنىڭ «قىزىل تاغ باتۇرلىرى» رومانى توغرىسىدا، نىياز ھېكىمبەگنىڭ بوستاندا كارىز تونىلى قازدۇرغانلىقى توغرىسىدا، بوستانلىقلارنىڭ سۇسىزلىقتىكى نامرات تۇرمۇشى توغرىسىدا، شۇ چاغدىكى بوستان يېزىلىق پارتكوم سېكرېتارى ھاتەمنىڭ قاشلىرىنىڭ قاش ئاتقاندەك يۇقىرى- تۆۋەن لىكلىداشلىرىنىڭ ئاۋارىچىلىك كەلتۈرگەنلىكى توغرىسىدا، بوستاندا ئۆتكەن مەشھۇر ئۆلىما ۋە شائىر سېلىم ئەئلەم توغرىسىدا، ئاددىي دېھقان روزاخۇن كارىز توغرىسىدا، بوستانلىق باللارنىڭ ماڭاشقا ئېرىشتۇرىدىغان شەھەردىكى ئوقۇشتىن قېچىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا... دېگەندەك بىر تالاي ئۇچۇرنى كەلتۈرگەنىدىم. بۇ ئۇچۇرلارنىڭ ئەسلىدە ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بىلەن ھېچقانچە مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. ئەمما ئاشۇ ئۇچۇرلارنىڭ قوشۇپ يېزىلىشى «تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە»گە خېلى جازىبە قوشۇۋەتتى. بۇنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ باھالىرىدىن بىلدىم. بۇنداق مىساللارنى باشقا ئەدەبىي ئاخباراتلىرىمدىنمۇ، باشقا ھېكايە- پوۋېستلىرىمدىنمۇ تاپقىلى بولىدۇ... شۇڭا، بۇ يەردە ئېيتىمەنكى، ئۇچۇرچانلىق ھەم مەقسەت ۋە ۋاستە، ئۇ، ئەسەرنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ. سىلەرنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئۇچۇرچانلىق توغرىسىدا مەخسۇس تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىپ بېقىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، بۇ جەھەتتە مېنىڭ بىلىمىم يېتەرسىز. يۇقىرىقى گەپلىرىمدە كېتىپ قالغان يەرلەر بولۇشى مۇمكىن.

**ھەرقانداق سورۇن، يىغىن، ھەتتا زىيارەتلەردىمۇ قولىڭىزدىن قەغەز، قەلەم چۈشمەيدۇ. كۈندىلىك خاتىرە يېزىش ئىجادىيىتىڭىزگە ناھايىتى زور نەپ ئېلىپ كەلدى دەپ بىلىمىز. ئەمما مۇنداق خاتىرە يېزىش ئادىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان ۋە ئۇنى ئىجادىيىتىگە مۇھىم ماتېرىيال مەنبەسى قىلىدىغان يازغۇچىلار كۆپ ئەمەس. بۇ ئادەت ۋە ئۇنى قانداق داۋاملاشتۇرغانلىقىڭىز ھەققىدە سۆزلەپ بەرسىڭىز بوپتىكەن؟**

باشتا، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدىن باشلاپلا گۈزەل شېئىرلار ۋە نەسرىي ئەسەرلەردىكى ئەقلىيە سۆزلەرنى خاتىرە- دەپتەرلەرگە كۆچۈرۈپ يۈرگەنلىكىمنى دەپ ئۆتتۈم. ئەمەلىيەتتە ئۇمۇ بىرخىل كىتاب ئوقۇش خاتىرىسى قالدۇرۇش. كېيىنرەك- تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان يىللاردا رەسمىي ھالدا كىتاب ئوقۇش خاتىرىسى، كىتاب ئوقۇش تەسىراتى يېزىپ يۈردۈم. ئۇ چاغلاردىكى خوتەن ۋىلايەتلىك كۇتۇپخانىدا غازى قۇربان ئىسىملىك بىر مەسئۇلىيەتچان مويسىپىت كىتاب باشقۇرغۇچى ئىدى. ئارىيەت ئالغان كىتابتىن تەسىرات سۆزلەپ بەرمىسە يېڭى كىتاب بەرمەيتتى. مەن ئاشۇ مويسىپىتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن بولسىمۇ كىتاب ئوقۇش تەسىراتى يېزىپ يۈردۈم. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئوقۇغان ئەسەرلەردىكى ۋەقەلىكلەرنىڭ تەكرارلىنىشىدەك، قىسقارتىلىپ بايان قىلىنىشىدەك بىر نەرسىلەر ئىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ دەسلەپكى كىتاب كۆيدۈرۈشىنىڭ ئالدىدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ، ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىدىن نۇرغۇن كىتاب، خاتىرە، ئاتكرىتكا، رەسىم دېگەندەك ماتېرىيال بۇلاپ كېتىلدى. ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئىچىدە زامان ياقتۇرىدىغان سىياسىي كىتابلارمۇ بار ئىدى، ھەممىنى قارىقويۇق كۆيدۈرسە بولمايتتى. بىز بىر قانچىمىزنى سىياسىي كىتابلارنى ئايرىۋېلىشقا بەلگىلىدى. پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىر قىسىم كىتاب، خاتىرىنى، «فانايى» دېگەن شائىرنىڭ قوليازمىسىنى «ئوغرىلىۋېلىش»قا مۇۋەپپەق بولدۇق. شۇلار ئىچىدە بەختىيار (ئىسمىمۇ، تەخەللۇسىمۇ؟) دېگەن بىرسىنىڭ ئۈچ دانە كۈندىلىك خاتىرىسىنىمۇ ئېلىپ چىقىپتىمىز. كېيىن ئوقۇپ كۆرسەك، ئۇ 1960 - ، 1962 - يىللاردا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تۇرمۇشىنىڭ ناچارراق يېزىلغان ئەسلىمىسى ئىكەن. گەپ پۈتۈنلەي ئەتىگەندە، چۈشتە، كەچتە نېمە يېگەنلىكى، سائەت نەچچىدە قورسىقى ئېچىشقا باشلىغانلىقى، يېمەك- ئىچمەك توغرىسىدىكى خىياللار، يېمەك- ئىچمەك ئارزۇلانغان گەپ- سۆزلەر توغرىسىدا باراتتى. بۇ خاتىرە مەندە چوڭقۇرراق تەسىرات قالدۇرغان بولسا كېرەك، شۇنىڭدىن كېيىن مەنمۇ كۈندىلىك خاتىرە يېزىشقا كىرىشتىم. ئۇ چاغدا ھەر كۈن توغرىسىدا تولۇق يازاتتىم. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ بوران- چاپقۇنلىرى ئاساسەن توختىغان 1970- يىلغا كەلگەندە كۆچۈرگەن، خاتىرە يېزىلغان دەپتەرلىرىم 30دەك بوپقالدى. «قايتا تەربىيە ئېلىش» ئۈچۈن يېزىغا قايتقىنىمىزدا ئۇلارنى بىللە ئەكەتتىم. 1970- ، 1971- يىللاردىكى «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچنى تەنقىد- كۆرەش قىلىش» ۋاقتىدا قورال ئىزدەپمۇ ياكى كىتاب ئىزدەپمۇ، ئىشقىلىپ ئائىلىمىز ئۈچ قېتىم ئاختۇرۇلدى، كىتاب- ماتېرىياللارنى ئەكېتىشتى، ھەتتا ئانامنىڭ پەرىجە- پەشمەتلىرىگە قادالغان كۈمۈش تۈگمىلەرنىمۇ ئەكېتىشىپتۇ. ياخشى بولغىنى، خاتىرە- دەپتەرلىرىمنى تېپىشالماپتۇ. مەن ئۇلارنى بىر كونا قاپاقنىڭ ئىچىگە تىقىپ، ھويلىمىزدىكى ئۈجمە

دەرىخنىڭ شىخىغا ئېلىپ قويغانىدىم. ئەسكى قاپاق ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى قوزغىمىغان چېغى، ئۇ قېتىم قۇتۇلۇپ قالدى. ئەمما ئۆيىمىزنى ئاختۇرۇش توختىمىدى. ئاتا- ئانام بەك ئەنسىزلىك ئىچىدە قالدى. دادام ئاشۇ دەپتەرلەر ئىش تېرىپ بېرىدۇ دەپ ئويلىغانمۇ، مەن ئۆيدە يوق بىر كۈنى دەپتەرلىرىمنى تېپىپ، ئوكامغا كۆتۈرتۈپ بورانچى دەرياسىغا تاشلىۋېتىپ كېتىپتۇ. كېيىن مەن بۇنى ئۇقۇپ بىر ھازا جېدەللەشتىم. دەسلەپكى دەپتەر- خاتىرىلىرىمنىڭ ئاقىۋىتى ئەنە شۇنداق بولدى. لېكىن مەن خاتىرە يېزىشنى توختاتمىدىم. «قايتا تەربىيە» ئېلىۋاتقان تۆت يىلدا داۋاملىق خاتىرە يازدىم، لېكىن بۇ كۈندىلىك خاتىرە ئەمەس، چوڭ ئىشلار خاتىرىسىدەك بىر نېمە ئىدى. چوڭراق، تەسىر قىلغانراق بىرەر ئىش بولغان كۈنلىرىلا يېزىپ قوياتتىم ياكى ھەپتە- ئون كۈندە بىر قېتىم ئومۇملاشتۇرۇپ يازاتتىم. شۇ چاغدىكى بىر دەپتىرىم ھازىرمۇ قولۇمدا. سىلەرگە بۇ گەپلەرنى يېزىۋېتىپ، يەنە ۋاراقلاپ كۆردۈم. كۈندىلىك خاتىرىلەر، تەسىراتلار، ماقال- تەمسىللەر، شېئىرىي مەشىقلىرىم ھەممىسى ئەينەن تۇرۇپتۇ. بۇنى بىرخىل ئەبجەش خاتىرە دېيىشكە بولىدۇ. 1973- يىلى كۈزدە ئالىي مەكتەپكە كىرىۋالغىنىمدىن كېيىن كۈندىلىك خاتىرىنى نەسر شەكلىدە يېزىپ يۈردۈم. شۇ چاغدا يازغان نەسرلىرىمنى باشقا ساۋاقداشلىرىممۇ كۆرگەن ۋە كۆچۈرۈۋېلىشقان. ئەمما ئالىي مەكتەپتىكى ئاساسىي ئىشىمىز باشتا يازغىنىمدەكلا ئېسىل ئەسەرلەرنى كۆچۈرۈۋېلىپ ساقلاش ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھېلىھەم قولۇمدا.

يۇقىرىقىلارنى تەپسىلىي بايان قىلىشتىكى مەقسەت، خاتىرە قالدۇرۇشقا كىچىكىمدىنلا ئادەتلەنگىنىمنى ئىزاھلاش ئۈچۈن. كېيىنكى چاغلاردىكى يېزىپ يۈرۈشلىرىم كۆپكە مەلۇم. ئادەتتە، ئومۇمەن كۆرگەن- ئاڭلىغانلىرىمدىن تولۇق خاتىرە قالدۇرۇشقا تىرىشىمەن، بولۇپمۇ سىرتتىكى، باشقا شەھەر- يۇرتلاردىكى پائالىيەتلىرىمدىن. مېنىڭچە، بۇ بىر خىل ماتېرىيال يىغىش جەريانى. يىغىلغان ماتېرىياللارنىڭ، مەيلى كۈندىلىك خاتىرىدىكى ياكى باشقا يازمىلاردىكى (ئۆزۈم ساقلىغان) ماتېرىياللارنىڭ يېزىقچىلىقتىكى ئەھمىيىتىنى ھەممە كىشى تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ. خاتىرە يېزىشنىڭ ئىجادىيىتىمگە ئېلىپ كەلگەن قولايلىقى توغرىسىدا گېپىڭلار توغرا، مەن راستىنىلا بۇ جەھەتتە نەپ ئالغۇچى.

خاتىرە قالدۇرۇش ئۇسۇلى توغرىسىدا، باشتا دەپ ئۆتكىنىمدەكلا يازغۇچى ئۈچۈن جەريان كېرەك، باھا ۋە خۇلاسىنىڭ چوڭ زۆرۈرىيىتى يوق، خاتىرە مۇشۇنداق يېزىلسا خەتىرى ئاز بولىدۇ. ماكان، زامان ۋە جەريانىنىلا خاتىرىلەش كېرەك، تەسرات ۋە ھېس قىلغانلاردىن خاتىرە قالدۇرۇشتا ئېھتىيات قىلماق كېرەك، بۇنى يازسا بولىدۇ، ئەمما ساقلاش خەتەرلىك. بۇنى مەنمۇ يازىمەن، لېكىن ساقلىمايمەن، كۆپىنچە باشقىلارغا بېرىۋېتىمەن ياكى يېزىپ بولۇپلا يىرتىۋېتىمەن.

**ئەدەبىياتىمىز تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ تەسىرىدە ئىزچىل ئېگىز- پەس داۋالغۇپلا تۇردى. يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىمۇ زور ئۆزگىرىش بولدى. يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئېستېتىك ئېڭىدىمۇ تەدرىجىي ئۆسۈش بولدى. سىزمۇ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىڭىزگە تەسىرى بولدى دەپ قارامسىز؟ بولسا، قايسى تەرەپلەردە بەكرەك ئىپادىلەندى؟**

ھەرقانداق ئۆزگىرىشنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە تەسىرى بولىدۇ. ئىجابىي ئۆزگىرىش ئىجابىي تەسىر، سەلبىي ئۆزگىرىش سەلبىي تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ. كىچىك ئۆزگىرىش كىچىك تەسىر، چوڭ ئۆزگىرىش چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسىنى يامان ئىش دېگىلى بولماس، ھەممىسىنى يامان تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ دېگىلى بولماس. يامان ئۆزگىرىشنىڭ يامان تەسىرلا ئېلىپ كېلىشىمۇ، ياخشى ئۆزگىرىشنىڭ ياخشى تەسىرلا ئېلىپ كېلىشىمۇ ناتايىن. بىر يامان ئۆزگىرىشتىن كېيىن ئەسەرلەردىكى خاھىش پىنھانلىشىپ، غۇۋالىق ئىچىدىكى گۈزەللىكنى نامايان قىلىشى مۇمكىن. بىر ياخشى ئۆزگىرىشتىن كېيىن ئەسەرلەردىكى خاھىش بەكلا ئاشكارىلىنىپ، قۇرغاق، زېرىكىشلىك تەسرات پەيدا قىلىشى ھەم مۇمكىن. ھەرقانداق ئۆزگىرىش بىزنى يېڭى يول، يېڭى چارە تېپىشقا ئۈندەيدۇ، ئىزدىنىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. سىز دېگەن ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدە، يازغۇچىلارنىڭ ئېستېتىك ئېڭىدا ئۆزگىرىش ۋە ئۆسۈش بولدى دېگەن مەسىلە شۇ. داردا ماڭغۇچىنىڭ تەقدىرى تەڭشەك خادىسىنى باشقۇرۇش ماھارىتىگە باغلىق. تەڭشەك خادىسىنى باشقۇرۇشنىڭ ماھارەتلىرىنى يېتىلدۈرۈش ئىزدىنىشىمىزگە باغلىق. چارە- ئۇسۇل تولىمۇ كۆپ ئالەم بۇ، ئەمما ئۇلار يوشۇرۇپ قويۇلغان، ئىزدەپ، قىدىرىپ تېپىش كېرەك. ئۇنى تاپقىنىمىزدىلا ئۆزگىرىشلەرگە تاقابىل تۇرالايمىز.

ئۆزگىرىشلەرنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن تەسىرىمۇ كىچىك ئەمەس، ئۇلار نۇرغۇن پىلانىمنى، يەنى تارىخىي تېمىدىكى نەرسىلەرگە قەلەم يۈگۈرتۈش پىلانلىرىمنى يوققا چىقاردى. بىر تالاي يازمامنى داۋاملاشتۇرالماي قالدىم، يېرىمىدا توختاپ قالغانلىرىمۇ ئاز ئەمەس. بۇ مېنى ئاخىرى يەنىلا رېئالىزمغا قايتۇرۇپ كەلدى، كۆزىتىش نۇقتىسى ۋە پايدىلىنىش نۇقتىسىنى ئۆزگەرتىشكىمۇ مەجبۇر قىلدى. شۇڭا توختاپ قالمىدىم، سەپتىن چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن يەنىلا تىرىشىۋاتىمەن.

**سىز ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن غوللۇق كۈچ قاتقان يازغۇچى. ئەدەبىي ئاخباراتنى نېمە ئۈچۈن مۇھىم بىلدىڭىز؟**

يىغقان، ئېرىشكەن ماتېرىياللار ئىچىدە ھېكايە- پوۋېست قىلىشقا لايىقلىرى بولغاندەك، ئەدەبىي ئاخبارات، نەسر قىلىشقا لايىق كېلىدىغانلىرىمۇ بولىدۇ. ئۇلارنى زورمۇ زو ھېكايە- پوۋېست قىلىشقا ئۇرۇنۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، قايسىسىغا لايىق كەلسە، شۇ ژانىرغا قەلەم ئېلىش كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېيىنكى چاغلاردا كىشىلەرنىڭ قىزىقىشىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. مەۋھۇم نەرسىلەردىن كۆرە ئىجتىمائىيەتتىكى راست ئىشلار توغرىسىدىكى ئەسەرلەرگە بەكلا يېپىشىدىغان بولدى. بۇ

تەرەپمۇ مېنى جەلپ قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ ئۆزى بىرخىل شەكلى ئۆزگەرگەن تەزكىرىچىلىقتۇ ئاخىر. ئۇزۇندىن بېرى بىزدىكى تەزكىرىچىلىك ئومۇملاشمىغان ئەھۋال ئىچىمنى ئېچىتىپ كېلەتتى. بۇ قاراشلىرىمنى باشقىلارغىمۇ دېگەنمەن. ئۇلارنى ئائىلە تەزكىرىسى، يۇرت تەزكىرىسى، مەسچىت تەزكىرىسى، شەھەر- بازارلار تەزكىرىسى، ئېرىق- ئۆستەڭ تەزكىرىسى، يول- كۆۋرۈك تەزكىرىلىرىنى تۇرغۇزۇشقىمۇ ئۈندىگەنمەن. مۇشۇ جەھەتتىكى ئويلىنىشلىرىم مېنى ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرىغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈشكە ئېلىپ كەلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. راستىنلا ئەدەبىي ئاخباراتقا تەۋە خېلى كۆپ (30 نەچچە پارچە) نەرسىنى يازدىم. كىتاب قىلسا ئىككى- ئۈچ توم چىقىدۇ. ئۇلاردىن هازىرقىلارلا ئەمەس، كېيىنكىلەرمۇ پايدىلىنالايدۇ. تېخى ئۇلارنىڭ سۈپىتىمۇ، ئوقۇرمەنلەرنى قىزىقتۇرۇش كۈچىمۇ يامان ئەمەس. ئەدەبىي ئاخباراتلىرىم ھەققىدە مەن خەت ۋە تېلېفونلارنىمۇ تاپشۇرۇۋېلىپ تۇرىمەن. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىغا بېسىلغان ھېلىقى «يۇ جەمەتى» ھەققىدىكى ئەدەبىي ئاخباراتىم تېخى ئىككى قېتىم (ئۇيغۇرچىسىمۇ، خەنزۇچىسىمۇ) مۇكاپاتقا ئېرىشتى. خەنزۇ يازغۇچىلاردىن «ياخشى يېزىپسەن» دېگەن باھانىمۇ ئاڭلىدىم. گەرچە ئەدەبىي ئاخبارات دېگەننىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنى بەكلا پەگادا بولسىمۇ، مەن ھەرگىز ئۇلارنى قىممىتى يوق دەپ قارىمايمەن. مەسىلە، ئۇنى قانداق يېزىشتا. ياخشى يازالىساقلا ئۇ چوقۇم پايدىلىنىش، زوقلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولالايدۇ. ئۆتكەندە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى، ساۋاقدىشىڭلار ئايشەمگۈل قادىر ئەدەبىي ئاخباراتلىرىمنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىپ تاللاپ، دىسسېرتاتسىيە ياقلىغانىكەن، پىكىر ئېلىش نۇسخىسىنى كۆرۈپ، بەزى پىكىرلىرىمنى دېدىم. بۇ يېڭى ئەھۋال، شۇنداقلا ئەدەبىي ئاخباراتلارنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشىشنىڭ باشلىنىشى بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭچە، ئەدەبىي ئاخباراتلارنىمۇ تەتقىق قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ. ئۇلار ھەتتا بەزى نۇقتىلاردا ھېكايە- پوۋېستلاردىنمۇ بەكرەك قىممەتكە، رېئال ۋە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشى مۇمكىن.

ئەمدىكى گەپ ئاشۇ ژانىرنىڭ نامى توغرىسىدا. ئاشۇ نام تەرجىمىدىن كىرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن بۇرۇنراق «ئوچېرك» دەيدىغان گېپىمىز بار ئىدى، هازىر بولسا يەنە «راست ئىشلار ئەدەبىياتى»، «ئەدەبىي خاتىرە» دېگەندەك گەپلەرمۇ پەيدا بولدى. «ئەدەبىي ئاخبارات» دېيىشكەنلىرى يېزىۋاتقانلىرىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ بېرەلمىگەندەك، كېيىنكى گەپلەرنىڭ ئىپادىلەپ بېرەلىشىدىنمۇ گۇمان بار. شۇڭا، ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسى ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل- يېزىق خىزمىتى كومىتېتى بىلەن پىكىرلىشىپ بۇ ژانىرغا، مۇشۇ ژانىرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ بېرەلىگۇدەك بىر ئىسىم قويۇپ چىقسا بولاتتى. بۇ ژانىردا كۆپ كونىراپ كەتكەن ئىشلارنىمۇ يېزىۋاتىمىز، ئاخبارات- خەۋەر، ئاخبارات- دوكلاتلىقى يوققا چىققان ئىشلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە. ئەدەبىيلىكى بولسا ئاخباراتلىقىدىن ئۈستۈن ھالەتلەرمۇ مەۋجۇد. زادى نېمە دېيىش كېرەك؟ مېنىڭچە، «ئوچېرك»نى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇۋاپىق. بۇ ئىسىمنى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئونچەچە يىلدىن بۇيان ئىشلىتىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر تىلى باشقا تىللاردىن تېرمىن قوبۇل قىلىش ئارقىلىق تەرەققىي قىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ئىخچام بولسىلا، مەنىسىنى ئېنىقلىما بېرىش ئارقىلىق ھەل قىلىۋالغىلى بولاتتى.

**ئەسەرلىرىڭىزدە باياندىن مۇھاكىمە، خۇلاسە، دەلىل، ئىسپات، چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ كۆپلۈكىنى بىلىمىز. كۆپىنچە يازغۇچى باياننىلا تەكىتلەپ، ئەقلىي خۇلاسە، يېشىمنى ئوقۇرمەنگە قالدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىۋاتقاندا، سىز بۇ خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى ئەسەرنىڭ ئېستېتىك ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ دەپ قارىمامسىز؟...**

ئەسەرلىرىم توغرىسىدا «بايان» سۆزىنى خېلى كۆپ ئىشلەتكەندەك تۇرىسىلەر. ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، مېنىڭ يازغانلىرىم ئەدەبىي ئەسەر، ئەدەبىي ئەسەرنى ئەدەبىي ئەسەر قىلىپ تۇرىدىغىنى «بايان» ئەمەس بەلكى «تەسۋىر». ھېلىلا توختالغان ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرىنى مىسالغا ئالساق، ئۇنىڭ ئاخباراتلىقىنى بايان، ئەدەبىيلىكىنى تەسۋىر، قۇرۇلما ۋە باشقا ئامىللار ئىشقا ئاشۇرىدۇ. ھېكايە- پوۋېستلاردا بولسا ۋەقە، جەريانلارنى بايان، ئۇنىڭدىكى كەيپىياتنى تەسۋىر ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. ئەسەردىكى كەيپىيات- ھېسسىيات قويۇق بولمىسا، بۇنداق ئەسەر قۇرۇق، تۇزسىز، زېرىكىشلىك، لىرىكىسىز بوپقالىدۇ. 2007- يىلى ئۆكتەبىردە «خەلق ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى لى جىڭدې ئەپەندى دوكلات بەرگەندە، قانۇن ئورگانلىرى دېلو ئەھۋالىدىن يازغان خۇلاسىنىمۇ، رادىئو- تېلېۋىزىيىلەردە سۆزلىنىۋاتقان ۋەقەلەرنىمۇ، گېزىت- ژۇرناللاردىكى تەسۋىرىي خەۋەرلەرنىمۇ «ھېكايە» دەپ ئاتاپ، بۇنداق «ھېكايە»لەر بىلەن ئەدەبىي ھېكايىنىڭ، يەنى، ھەقىقىي ھېكايىنىڭ پەرقىنى شەرھلىگەن.كۆرۈۋالايسىلەركى، ئالدىنقىسى بايان ئارقىلىقلا يەتكۈزگىلى بولىدىغان ھېكايىلەر، كېيىنكىسىنى بولسا بايان ئارقىلىقلا يەتكۈزگىلى بولمايدۇ. مەمتىمىن ھوشۇر بىر قېتىم ئەنگلىيىنىڭ كۆپ قىسىملىق رازۋېدكا تېلېفىلمى «5- باشقارما ھەرىكەتتە»نى كۆرۈۋېتىپ، بۇلار ئەدەبىياتقا تەۋە نەرسىلەر ئەمەس... دېگەن. روشەنكى، 1950- ، 1960- يىللاردا ھېكايە دېگىلى بولىدىغان بەزى نەرسىلەرنى هازىر ھېكايە دېيىشكە بولمايدۇ. ئۇلار هازىرقى ھېكايىلەرنىڭ ئۆلچىمىگە توشمايدۇ. هازىرقى ھېكايىلەر يۈز بەرگەن ۋەقەنى بايان قىلىش بىلەنلا چەكلەنمەي، ۋەقەدىن كېيىنكى بارلىق ئۆزگىرىشنى تەسۋىرلەپ بېرىش ئارقىلىق مەلۇم كەيپىيات يارىتىپ، ئوقۇرمەنگە تەسىر قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. تەسۋىرسىز بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ماي بوياق رەسىم بىلەن سىدام سىزمىنىڭ بېرىدىغان تەسىرى ئەلۋەتتە ئوخشىمايدۇ. ئالدىنقىسىنى ھەرقانچە بولسا سىدام سىزما دېگىلى بولار، ئۇ ھەرگىزمۇ ماي بوياق رەسىمگە تەڭلىشەلمەيدۇ.

ئەمدى خۇلاسىسىزلىك مەسىلىسىگە كەلسەك، مەن بۇنى جەريانىنى بىرىپ، يېشىمىنى قالدۇرۇپ قويۇش دەپ چۈشىنىمەن. بۇ ھەقتە يۇقىرىدىكى چارە- ئامالغا قەلەم يۈگۈرتكىنىمدە توختىلىشىم كېرەككەندۇق. سىلەر دېمەكچى بولغاننى بىر چارە دەپ چۈشىنىش كېرەك. بۇمۇ بولىدۇ. ئەمما بۇنى كۆپ ھالدا سۇبيېكتىپ ئاكتىپلىقىمىز ئەمەس، بەلكى يېزىۋاتقان تېمىمىزنىڭ ئوبيېكتىپ ئەھۋالى بەلگىلەيدۇ. تېمىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ يېشىمىنى بېرىشكىمۇ، بەرمەسلىككىمۇ بولىدۇ. بەرمەسلىك چارە بولغاندەك، بېرىشمۇ بىر خىل چارە. داردا مېڭىۋاتىمىزغۇ، دارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئويۇن كۆرسەتسەكمۇ، ئاخىرىغا بېرىپ بولۇپ ئويۇن كۆرسەتسەكمۇ بولۇۋېرىدۇ. ئېستېتىك ئۇنۇمگە تەسىر كۆرسىتىش— ئوقۇرمەنىنىڭ سەۋىيىسىگە باغلىق ئىش. تالىلىۋالغان چارىمىزنى ئوقۇرمەنلەر توپىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بېكىتىش كېرەك.

مەن ھازىرغىچە ھەقىقەتەنمۇ يېشىمنى تېپىشماق- مۇئەمما قىلىپ باقمىدىم. ئەسەرلىرىمنىڭ يېشىمى بەكلا ئېنىق. ھازىرغىچە بۇنداق ئېنىقلىقتىن بىزار بولغانلىق ھەققىدە ئوبزور چىقىپ باقمىدى. يېشىمى مۇنداقراق بولسا بوپتىكەن، دېگەن گەپلەرنىمۇ ئاڭلاپ باقمىدىم. بۇ گەپلەرنى ئېستېتىك ئۇنۇمگە تەسىر كۆرسەتمىگەنلىككە مىسال قىلغىنىم توغرا بولىدىمۇ؟ مەن تەنقىدنى قارشى ئالىمەن. بۇندىن كېيىنكى ئەسەرلىرىمدە يېشىمنى قالدۇرۇپ قويۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆرۈشۈم مۇمكىن. بۇنى سىلەر ئەسكەرتتىڭلار. ئەمما ئىشقا ئاشۇرالامدىم- يوق، بۇنىڭغا بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ. «كۆنگەن خۇي ئۆلگىچە ئۆزگەرمەس» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟

**جەمئىيەت، مائارىپ سىياسىتىدىكى تۈرلۈك ئۆزگىرىش مىللىي تىل- يېزىق، ئەدەبىياتنىڭ مەۋجۇدلۇق شەكلى، سورۇنىغا ئوخشاش بولمىغان تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلدى. مېنىڭچە، دەۋر يازغۇچىلارنىڭ يەلكىسىگە تېخىمۇ زور مەسئۇلىيەت يۈكلىدى. سىز بىر مەسئۇلىيەتچان يازغۇچى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن ئەدەبىياتىمىزنىڭ، نەشرىياتچىلىقىمىزنىڭ كەلگۈسىگە قانداق قارايسىز؟**

تىل- يېزىق ۋە ئەدەبىياتىمىزنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا خىرىس پەيدا بولدى دېگەن گەپلەر سەل مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلدىمۇ- قانداق، بۇنى يەنە ئويلىشىپ كۆرۈشكە بولىدۇ. ئىشلەتكۈچىلەر ۋە ئوقۇرمەنلەر توپىنىڭ ئازىيىۋاتقانلىقى پاكىت بولۇشى مۇمكىن. ھەقىقىي تۈردە خىرىسقا دۇچ كېلىشكە يەنە نەچچە ئەۋلاد ئۆتكۈچىلىك ۋاقىت بار. ئىلگىرى ئامېرىكىلىق بىر جەمئىيەتشۇناسنىڭ 1970- يىللاردىكى بىر تەكشۈرۈشىدىن، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى ئۆزبېكىستاندا 20%كە يېقىن ئۆزبېكنىڭ «ئانا تىلى» دېگەن كاتەكچىنى «رۇس تىلى» دەپ تولدۇرغانلىقىنى ئوقۇغانىدىم. بىزدە ھازىرمۇ ئانا تىلى ئۆز تىلىدا چىقمىغان بالا 2%كىمۇ يەتمەيدۇ. ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى توختىتىپ قويۇلغىنى يوق، ئاتا- ئانىلارمۇ ھەر ئىككى تىلغا تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ. تەتىل- كانىكۇللاردىكى ئانا تىل كۇرسلىرى بۇنىڭغا پاكىت، شۇڭا بەكلا ئەنسىرەپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق. بىزدە ئەدەبىيات داۋاملىق گۈللەيدۇ، تېخىمۇ سەرخىل يازغۇچىلار، ھەتتا بىر قانچە تىلدا يازالايدىغانلار مەيدانغا چىقىدۇ. نەشرىياتلار داۋاملىق روناق تاپىدۇ. ھۆكۈمەتتىن ئاز سانلىق مىللەتلەر نەشرىياتلىرىنى قوللاش سالمىقىمۇ ئېشىۋاتقانلىقى مەلۇم. يېقىندا تېخى بېيجىڭدا ئۇيغۇر تىلىدا چىقىدىغان بىر ژۇرنال «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» كۆپەيدى. ئىنتېر تورى ئەدەبىياتىمۇ داۋاملىق گۈللەشكە، يۇقىرى سەۋىيىگە قاراپ ماڭىدۇ. قارىغاندا، بىزنىڭ ئۆمرىمىزدە، ھەتتا سىلەرنىڭ ئۆمرىڭلاردىمۇ ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى ئۆتمۈشكە، ئاسار ئەتىقىگە ئايلانمايدۇ.

يازغۇچىلاردىكى مەسئۇلىيەت ئانا تىلنىڭ ماھىيىتىنى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكۈزۈپ، تېخىمۇ كۆپ ئوقۇرمەننى جەلپ قىلىش. گۈلىستان گۈزەل بولسىلا، كېپىنەكلەرنىڭ يوپۇرۇلۇپ كەلمەسلىكىدىن، بۇلبۇللارنىڭ قونماسلىقىدىن ئەنسىرەش بىھاجەت. «ئەدەبىيات— چىرايلىق سۆزلەشتۇر» دېيىلىپتۇ بىر كىتابتا. ھەربىر قەلەم ئىگىسى ئاشۇ چىرايلىق سۆزلەشنى ئىشقا ئاشۇرالىسا، تىلمۇ، ئەدەبىياتمۇ خېرىدارسىز قالمايدۇ.

**ئەسەرلىرىڭىزدە «كۆككۈم» تولا تىلغا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن: «ئېشىپ قالغان بىر نامرات»، «ھېلىمنىڭ ھال ئېيتىشى»، «قارلىغاچ ئۇۋا سالغان ئايۋاندا» (بۇ پوۋېست ژۇرنىلىمىزنىڭ 1997- يىل 2-، 3- (قوشما) سانىدا ئېلان قىلىنغانىدى.— مەسئۇل مۇھەررىردىن)، «قاغا بولۇپ قايتتى قارلىغاچ» قاتارلىقلار. ئەسەرلەردىكى ئوبراز، سيۇژېتلارنى مۇنداق ئوخشاش بىر ماكان تەۋەلىكىگە قويۇپ تەسۋىرلەشنىڭ ئالاھىدە مەنىسى بارمۇ؟**

«كۆككۈم»— مەن ئۈچۈن ئالاھىدە مەنىلەرگە ئىگە. سىلەرنىڭ ئاتاپ ئۆتكەنلىرىڭلاردىن باشقا، ئومۇمەن 1990- يىلدىن كېيىن يېزىلغان ھېكايە- پوۋېستلىرىمنىڭ (تارىخىي تېمىلاردىكىدىن سىرت) ھەممىسىدە ماكاننى «كۆككۈم» قىلىپ ئالدىم. دەسلەپ «شەھلا كۆز»دە ئىشلەتكەندەك قىلىمەن. «ئامانەت»تە ئىشلەتكەن بولۇشۇممۇ مۇمكىن. «كۆككۈم» ياسالما ئىسىم. ئەمما ئۇنىڭ پروتوتىپى بار. ئادەتتە ھېكايە- پوۋېست يازماق بولۇپ، دېكوراتسىيە قويۇلىدىغان ماكاننى ئويلىسামىلا كۆز ئالدىمغا تۇغۇلغان يۇرتۇم— تەۋەككۇل يېزىسىنىڭ ھوك دېگەن يېرى كېلىدۇ. (تەپسىلىي مەلۇمات ئۈچۈن مەن ئېلان قىلغان «ئانا يۇرت ئامان بولسۇن» دېگەن يۇرت تەزكىرىسىگە قاراڭ). باللىق يىللىرىم شۇ يەردە ئۆتكەن. شۇ يەردىكى توپىلاڭ كوچىلاردا تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ، شۇ يەردىكى «باقىدۆڭ»دە، «ئارقاداش»تا، «ئاياغداش» ۋە «بەرداخۇنكامنىڭ تىكەنلىكى»دە قوي باققانمەن؛ شۇ يەردىكى قىرى قاپاق تېرەكلەرنىڭ كامارلىرىدىن قۇچقاچ تۇتۇپ، «ئاقئۆستەڭ»دىكى «نازىگۇم»دا چۆمۈلگەنمەن؛ تاغامنىڭ جىگدىلەرگە «چەتمەك» قويۇپ جىگدىچى تۇتقانلىقىنى، ئوۋچىلىق قىلىدىغان مەتتۇرسۇنكام، ئىمىن توختىكام دېگەن

تۇغقانلىرىمىزنىڭ كىيىك ئوغلاقلىرىنى تۇتۇپ چىقىپ، سولاقمىغا سولاپ باققانلىقىنى كۆرگەنمەن؛ كۈزدە قوناق ئاقلايدىغان چاغدا قوشنىلار لاپقۇتلىشىپ، ھەركۈنى بىر ھويلىغا يىغىلىپ قوناق ئاقلىغاچ نامانكام ئېيتقان «تىي پاششا» (تاھىر ـ زۆھرە) داستانىغا قۇلاق تۇتقانلىقىغا شاھىت بولغانمەن؛ ياز بويى ئۆگزىدە يېتىپ، ئىتلار قوغلىغان ياۋا تۈگكۈزلارنىڭ قانداق قاچقانلىقىنى خىرە ـ شىرە كۆرگەنمەن؛ ئۆزۈم سىدىرىشقا كۆنۈپ قالغان لالما ئىتلارنىڭ تۆمۈر قىسماققا دەسسەپ قانداق چىرقىرىغانلىقىنى ئاڭلىغانمەن؛ قىش بويى دالاغا قويۇۋېتىلىدىغان بۇقىلارنىڭ ئۇسۇشۇشلىرىنى، ئىتلارنىڭ تالىشىشلىرىنى، خورازلارنىڭ چوقۇشۇشلىرىنى، يىگىتلەرنىڭ چېلىشىشلىرىنى تاماشا قىلغانمەن... جىگدىلەرگە سىلىنغان ئىلەڭگۈچلەردە پەي ئۇچاتتى؛ تاھىر ـ زۆھرە، فەرھاد ـ شېرىن ئۇچاتتى؛ قىش بويى ئاقىرىپ ياتىدىغان ئېتىزلاردا «توپ ـ شا»، «گەگە ـ چۇك» قىقاس سالاتتى؛ قومۇشلار ئىسقىرتىپ، يىكەن توزغىقى پەرۋاز قىلاتتى؛ قامغاقلار دومىلايتتى؛ مورىلاردىن تىك ئۆرلىگەن كۆكۈش ئىس ۋە پىچان قىلىۋېلىنغان ئوت ـ چۆپلەردىن ئىپار ـ ئەنبەر بۇخسۇيتتى... قانداق قۇۋناق، قانداق باراقسان، قانداق گۈزەل يۇرت ئىدى ـ ھە!؟

ئەمما مەن ئۇ يەردە بەكلا قىسقا ياشىغانمەن. ئالتە ـ يەتتە ياشقىچە، ئېشىپ كەتسە سەككىز ـ توققۇز ياشقىچە ياشىغاندىمەن. قاي ۋەجىدىن شۇنداق چوڭقۇر تەسىراتلار قالدى؟ بۇنى ئىزاھلىماق بەك تەس. يۇرت مۇھەببىتى، ئانا يۇرت مۇھەببىتى دېگەن شۇ بولۇشى مۇمكىن. كىندىك قېنىڭ تۆكۈلگەن يەر شۇنداق يېقىملىق تۇيۇلىدىغاندۇ بەلكىم. ئەقىل كۆزى بىلەن قارىغاندا، بۇغداي بىلەن خوخا، قوناق بىلەن قومۇش، جىگدە بىلەن چىڭگىلىك تەڭ ئۆسىدىغان ئاشۇ يېڭى ئېچىلغان يۇرت ئۇنچىۋالا گۈزەل ئەمەس، ياقا يۇرتلۇقلارغا تېخىمۇ سەت كۆرۈنۈشى مۇمكىن. 1991 ـ يىلىمۇ ياكى 1992 ـ يىلىدىمۇ، «قۇم باسقان شەھەر» رومانى يېزىلىش ئالدىدا قۇملۇقنى، چۆل ۋە جاڭگالنى كۆرستىش ئۈچۈن ئۇ يەرگە ـ ئاشۇ يۇرتۇمغا مەمتىمىن ھوشۇرنى باشلاپ باردىم. مەمتىمىن كۆڭلۈم ئۈچۈن «چىرايلىق يۇرتكەن» دەپ ماختاپ قويغان بولدى. ئەمما بۇ يەرنى ئاشۇ داڭلىق يازغۇچى تۇغۇلغان ئىلى ۋادىسىغا سېلىشتۇرۇش مۇمكىنمۇ؟ ئۇنىڭ يۇرتى ئىنسانلارنىڭ ياشىشى ئۈچۈن يارىتىلغان، بۇ يەر بولسا ياۋايى ھايۋانلار ۋە ياۋا ئۆسۈملۈكلەر ئۈچۈنلا يارىتىلغان. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئۇلاردىن تارتىۋالغان، خالاس. ئىككى يۇرتنىڭ مۇھىتىدا ئالەمچە پەرق، كۆرۈنۈشىدىمۇ دۇنياچە پەرق. ئەمما مەن ئۈچۈن ئاشۇ يۇرتنى ئون غۇلجا شەھىرىگە تېگىشكىن دېسىمۇ، پۈتكۈل ئىلى ۋادىسىنى ئۈستەك بەرسىمۇ تېگىشكۈم يوق. ئانا يۇرت، تۇغۇلغان يۇرت مۇھەببىتى دېگەن مانا شۇنداق. تەسەۋۋۇر قىلىمەن، مۇبادا مەن غولجا شەھىرىدە ئولتۇراقلاشقان بولسام، يەنىلا ئەس ـ يادىم «تەۋەككۈل»، «ھوك»دا بولغان بولاتتى. 1954 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىمۇ ياكى 1955 ـ يىلىدىمۇ، دادام‌لارغا ئەگىشىپ خوتەن شەھىرىگە كۆچتۇق. دادام ئوقۇشقا كەتكەنلىكى ئۈچۈن 1957 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى «تەۋەككۈل»گە قايتىپ يەنە بىر يىلدەك تۇردۇق. ئۇندىن كېيىن قايتا خوتەنگە چىقىپ تاكى 1971 ـ يىلى ئانام تۈگەپ كەتكۈچە «تەۋەككۈل»غا بېرىپ باقمىدىم. كېيىنمۇ ئۇ يەردە ياشاپ باقمىدىم. ئاندا ـ ساندا بېرىپ بىر ـ ئىككى كۈن تۇرۇشلىرىمدا بولسا، پەقەت مېھمانلا بولدۇم. مېھمان قانچىلىك تەسىرات ئالالىسۇن؟ ئالغانلىرىممۇ پەقەتلا ساياھەتچە تەسىرات؛ يۈزە، ساختا، يېرىم ـ يارتا تەسىرات. گەپ، باللىقتىكى تەسىراتنىڭ چوڭقۇرلۇقى ھەققىدە. كېيىنكى چاغلاردا خوتەننىڭ قەدىمي يۇرتلىرىدىن بولغان «تايتاق»، «سېرىغئۆي»، «تۆۋەنئون»، «جاغلىغا»، «چاتاق» دېگەن يەرلىرىدە ئولتۇراقلىشىپ، كۆچۈپ يۈردۇق. بەزى يەرلەردە يەتتە ـ سەككىز يىل ئولتۇراقلاشقانمۇ، ئەمگەكلەرگە قاتناشقانمۇ بولدۇق، ئەستىلىكلەرمۇ قالدى، ئەمما ئۇلار يۇرتىمىز ھېسابلىنالمىدى. «تەۋەككۈل» ۋە «ھوك» قالدۇرغاندەك تەسىرات قالدۇرالمىدى. بۇ يەردە رول ئوينىغىنى ئانا يۇرت، تۇغۇلغان يۇرت مۇھەببىتىلا ئەمەستەك قىلىدۇ. باللىقتا كۆرگەن نەرسىلەرنىڭ مەڭگۈ گۈزەل ۋە ئەستە مۆھۈر باسقاندەك ساقلىنىدىغانلىقى ھەم رول ئوينايدىغاندەك قىلىدۇ...

شۇنداق قىلىپ يۇرت سۆزىنى ئاڭلىساملا، ھېكايە ـ پوۋېست يازماق بولۇپ ئۇنىڭغا ماكان تاللىساملا تۇغۇلغان يۇرتۇم كۆز ئالدىمغا كېلىدىغان ھالەت، مېنى يۇرتۇمنىڭ ئىسمىنى ئىشلىتىشكە خېلى قىزىقتۇردى. توقۇلما ھېكايىنى راست يۇرت ئارقا كۆرۈنۈشىدە بېرىش بەزى ئەپسىزلىكلەرنى كەلتۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنداق قىلالمىدىم ۋە ئويلاپ كۆرۈپ «تەۋەككۈل» ۋە «ھوك» دېگەنلەرگە «كۆكقۇم»نى تەخەللۇس قىلىپ تاللىۋالدىم. «كۆكقۇم»نىڭ تاللىۋېلىنىشىدا، «ھوك»دا راستىنلا ھەم ئېگىز ھەم ئۇزۇن بىر قۇم بارخىنىنىڭ بولغانلىقىمۇ رول ئوينىدى. كىچىك ۋاقتىمدا، بوۋاملارنىڭ جەنۇبقا ئېچىلىدىغان دەرۋازىسى ئۇدۇلدا، ئىككى تاختا يەر نېرىسىدا شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان، «ھوك»نى ئىككىگە بۆلۈپ تۇرىدىغان بىر ئۇزۇن قۇم بارخىنى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. شەرق تەرىپى 1960 ـ يىللاردىن ئىلگىرى كونا «يەكشەنبە بازار»دىن باشلانسا، غەرب تەرىپى «دۆڭئېرىق»تىن ھالقىپ، «شۇدىگەرلىك»كىچە تۇتۇشاتتى. بىر كىلومېتىرچە كېلەتتى. ئېگىزدىن قارىغان كۆزەتكۈچىگە يۇرت ئوتتۇرىسىدا يوغان ھەم ئۇزۇن بىر ھەيۋەت كۆك لەھەڭ سوزۇلۇپ ياتقاندەك كۆرۈنۈشى مۇمكىن ئىدى. قۇملىرى بەك كۆك ئىدى. پەستىكى ئېتىزلارنىڭ بوزاڭ توپىسىغا سېلىشتۇرغاندا، بەكلا كۆك كۆرۈنەتتى. ئىككى بېشى قەبرىستانلىق قىلىنغان بۇ قۇم دۆۋىسى ئۇ چاغلاردا بەك ئېگىز ئىدى. ئۈستىگە چىقسا «ھوك»نىڭ ھەممە يېرىنى كۆرگىلى بولاتتى. ھازىر كۆپ پەسلەپ كېتىپتۇ. شامال ئۇچۇرۇپ پەسلىۋەتتىمۇ ياكى ئېتىزلارغا لاي چۈشۈپ كۆتۈرۈلگەنلىكتىن پەس كۆرۈنىدىغان بوپقالدىمۇ، بۇنى بىلمىدىم. ھازىر بۇ قۇم دۆۋىسىنىڭ ھەممە

يېرى قەبرىستانلىققا ئايلىنىپتۇ. مەندە قالغان تەسىرات ھەممىدىن بەكرەك ئاشۇ قۇمنىڭ كۆكلىكى. شۇڭا «تەۋەككۇل» ياكى «ھوك»غا تەخەللۇس تاللىغاندا، ئاشۇ رەڭ رول ئوينىدى. باشقا سەۋەبلەرمۇ بار: قۇم— مىللىتىمىزنىڭ ئەلمىساقتىن بېرىقى ھەمراھى. بىز قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا يېتىلگەن ۋە نەچچە مىڭ يىللىق تارىخنى باشتىن كەچۈرگەن خەلق. قۇمنىڭ بىزگە كەلتۈرگەن كۈلپەتلىرىمۇ، ئاتا قىلغان نېمەتلىرىمۇ كۆپ. يەر- جاي ناملىرىنىڭ نۇرغۇنى قۇمغا مۇناسىۋەتلىك. يەنە بىر نۇقتىدا كۆك— نامراتلىقنىڭ سۈپەت- سىمۋولى. كۆك ھەم يىراق ئېتىقادلارغا، ھەم ئاسمانغا باغلىنىشلىق... مانا شۇ ئامىللار مېنى، مەن ھېكايە- پوۋېستلىرىمدا ياراتماقچى بولغان ئىدېئال ماكانغا «كۆكقۇم» دەپ ئىسىم قويۇشقا ئېلىپ كەلدى. مېنىڭ ھېكايە- پوۋېستلىرىمدا «كۆكقۇم» بەزىدە پۈتكۈل «تەۋەككۇل»نى، بەزىدە «ھوك»نى، بەزىدە شۇ يەردىكى بىرەر مەمۇرىي ياكى تەبىئىي كەنتنى، كەڭ مەنىدە پۈتكۈل تەكلىماكان ئەتراپلىرىنى كۆرسىتىدۇ. كۆكقۇملۇقلار پۈتكۈل مىللىتىمىزنى، كۆكقۇملۇقلارنىڭ تراگېدىيىلىرى پۈتكۈل خەلقىمىزنىڭ تراگېدىيىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. «كۆكقۇم» بەك گۈزەل يۇرت، «كۆكقۇم» بەك ئالاھىدە يۇرت، «كۆكقۇم» بەك ئۆزگىچە يۇرت! «شەھلا كۆز»دىكى تەسۋىرلەر ئېسىڭىزدىمۇ؟ ئۇ يەردە قومۇشلارنىڭ ئىسقىرتىشى، تورغايلارنىڭ چۇچۇلاشلىرى ئاجايىپ ناخشىچىلارنى يېتىلدۈرگەن: «قارلىغاچ ئۇۋا سالغان ئايۋاندا» ئېسىڭىزدىمۇ؟ ئۇ يەردە ئۆرۈك چېچەكلىرى تۆكۈلۈپ ئاپئاق پاياندار ھاسىل قىلسا، ئامۇتلار ئالتۇندەك سارغىيىپ پىشىدۇ؛ ئۇ يەردە ھېلىم تەلپەكنى بوزەك قىلىشسا، كېرەم كىرپە شۇنچە قەيسەر ۋە غۇرۇرلۇق؛ ئۇ يەردە ساجىدە ۋە ھۆرنىسالارنىڭ كۆز يېشى «كۆكقۇم»نى سۇغۇرۇپ تۇرىدۇ.

مەن «كۆكقۇم» دېكوراتسىيە قىلىنغان ئەسەرلىرىمدىلا ئەمەس، باشقا ئەسەرلىرىمدىمۇ تەبىئەت تەسۋىرلىرىنى پۈتۈنلەي «ھوك»دىن— يەنى «كۆكقۇم»دىن ئالىمەن. پېرسوناژلىرىمنىڭ بەدەن ئالاھىدىلىكلىرىمۇ شۇ يەرلىكلەردىن ئېلىنىدۇ. گەپ- سۆزلەرمۇ، تەلەپپۇز ۋە ئۆزىنى تۇتۇشلىرىمۇ شۇ يەرنىڭ.

مەن «كۆكقۇم»غا تالىق ئەسەرلىرىمدە كىشىلەر ئوبرازىنىلا ئەمەس، بىر ماكان ئوبرازىنىمۇ ياراتتىم دەپ قارايمەن. ئەلۋەتتە، بۇ مېنىڭ كەشپىياتىم ئەمەس. گارسىيە ماركوز «ماكوندو كەنتى»نى، لېۋ تولستوي «ياسنايا پوليانا»نى ياراتقانغۇ بۇرۇن. باشقىلارمۇ بار. 1980- يىللارنىڭ بېشىدىمۇ، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن (ماۋۇ قېرىلىقنى كۆرۈڭ، ئۇ ئاشۇ يازغۇچىنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇلدۇرۇپتۇ) بىرسى توغرىسىدا، ئەسەرلىرىدە (بىر ماكانىنى) ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەسۋىرلەپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن مۇكاپاتلاندى، دېيىلگەنلىكى يادىمدا. بۇ بەلكىم مېنىڭ «كۆكقۇم»نى ھەممە يەردە ئىشلىتىشىمگە ئىلھام بولغان بولۇشى مۇمكىن. چېچۋەتكەندىن مەركەزلەشتۈرگەن ياخشى. (بۇ گەپ مەبلەغ، كۈچ ۋە ھوقۇققا ماس كەلمەيدۇ) مەن بۇندىن كېيىنمۇ (ئاللا ئۆمۈر، سالامەتلىك، ئەقىل ۋە پۇرسەت بەرسە) داۋاملىق «كۆكقۇم»نى ئىشلىتىمەكچى. ئۇ بىر تاغ، مەڭگۈ قېزىپ بولغىلى بولمايدۇ؛ ئۇ بىر باغ، مەڭگۈ تەسۋىرلەپ بولغىلى بولمايدۇ.

**60 ياشقا كىردىڭىز. بىزچە، 60 ياشقا كىرگەن ئادەم ئۆزىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يول- ئىزلىرى ھەققىدە بۇرۇنقىدىنمۇ ئەستايىدىل ئويلىنىشقا كىرىشىدۇ. بولۇپمۇ سىزدەك كىچىككىنە بىر ئىشقىمۇ ئالاھىدە ئىنچىكە، سوغۇققان، ئەقلىي تەرز بىلەن قارايدىغان ئادەم تېخىمۇ شۇنداق دەپ ئويلايمىز. 60 ياش سىزدە قانداق ئويلىنىشلارنى پەيدا قىلدى؟ خۇسۇسىي تۇيغۇلىرىڭىزدىن سىرت ئەدەبىياتىمىزغا، ئۆزىڭىزنىڭ بەدىئىي ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك قانداق ئويلىنىش، ئارمان، ئۆكۈنۈش، تەسىراتلاردا بولدىڭىز؟**

بەرھەق شۇنداق بولدى. مەتبۇئاتلىرىمىزدا قايتا ئويلىنىش ھەققىدىكى دەۋەتلەر، پۇشايمان- نادامەتلەر ساداسى كۆپ بولغانلىقتىنمۇ ياكى ئالىمىمىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «ئۆمۈر تەلقىنلىرى»(بۇ ئەسەر ژۇرنىلىمىزنىڭ 1997- يىل 1- سانىغا بېسىلغانىدى.— مەسئۇل مۇھەررىردىن)نىڭ تەسىرىدىنمۇ، مەن سەل بۇرۇنراق ئويلىنىشقا كىرىشتىم دەيمەن. ئويلىنىشلار 60 يېشىمدا ئەمەس، 50 يېشىمدىن بۇرۇنلا باشلىنىپ كەتتى. ھايات، تۇرمۇش، نېمە قىلىش ۋە قانداق قىلىش ھەققىدىكى، ئۆلۈم ۋە ئاخىرەتكە تەييارلىنىش ھەققىدىكى ئويلىنىشلىرىممۇ شۇ چاغلاردىن باشلاندى. كۆپكە نامەلۇمكى، مەن بۇ ھەقتە ھېچقانداق مۇنتىزىم تەربىيىگىمۇ، نامۇنتىزىم تەربىيىگىمۇ نائىل بولالمىغانىدىم. ئۇچراشقان بولۇشۇم مۇمكىن، ئەمما سىيپاپ ئۆتكەن شامالدەكلا تەسىر قالدۇرالمىغان، جەلپ قىلالمىغان بولسا كېرەك. ياشلىقتا كۆپىنچە شۇنداق بولىدۇ. مەتبۇئاتچىلىق گۈللىنىپ مەدەنىيەت قەھەتچىلىكى ئاياغلاشقان، پەلسەپە نامراتلىقى چۆرۈپ تاشلىنىپ، ھەممە قاراش تەڭ تارقىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن مەن ئەڭ قەدىمىي بىلىملەر بىلەن قايتا ئۇچراشتىم. دەسلەپ تەتقىق قىلىپ كۆرمەكچى بولغان بولسام كېرەك. ئەمما كۈتمىگەندە كۈچلۈك قايىنامدەكلا ئۆزىگە شوراپلا ئەكىرىپ كەتتى. دوستلىرىمنىڭمۇ تەسىرى بولدى. مەرھۇم شائىر روزى سايىتنىڭ مىراس قالغان ئاغىنىلىرىم بار ئىدى، شۇلار بەكرەك رول ئوينىدى. مەن ئۆزۈمنى ھازىر ئومۇمەن توغرا يولنى تېپىۋالدىم دېسەممۇ بولىدۇ. ئۆكۈنۈشۈم— ئەسىر ئالمىشىشتىن بۇرۇنقى نادانلىقلىرىم ئۈچۈن. ئۇ چاغلاردا ھەقىقەتەن ھېچنېمە بىلمەس ئىكەنمەن. ئەكسىچە ئۆزۈمنى دانا ھېسابلاپ يۈرەر ئىكەنمەن.

بىلىم، ئەدەبىيات قارىشىم، كەچۈرمىشلىرىم ئۈچۈنمۇ ئۆكۈنۈش بار. كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزنى تۈزۈكرەك ئۆگەنمەي تۇرۇپلا يېزىقچىلىققا تەييارلىنىپ بولدۇم دەپ يۈرۈپتىمەن، بۇنى بەك كېچىكىپ ھېس قىلدىم. ئاشۇ چاغدىكى ھالىتىم مۇقاملىرىمىزدىن خەۋىرى يوقلا

ناخشچىمەن دەپ ئالا-تاغىل تۇۋلاپ يۈرگەن تەنتەككە ئوخشسا كېرەك. ئەسلىدە ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ ئۆرنەكلىرى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا گۆھەردەك چاقناپ تۇرغان ئەمەسمۇ! بۇلارنى ھېس قىلغىنىمىزدىن كېيىن ئىجادىيىتىمىزدىمۇ يۈكسىلىشلەر بولدى. كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ، دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلمىغان ۋە ئۆزىنى ئاشۇ يىلتىز ئۈستىدە كۆرمىگەن ئىجادىيەت قوغۇننىڭ يىلتىزىغا يېپىشۋالغان شۇمبۇيىغىلا ئوخشايدۇ، ئۆزى ئەتىۋارلىنىشقا ئېرىشەلمىگەننى ئاز دەپ قوغۇننىڭمۇ تەمىنى بۇزىدۇ. بۇ قارىشىمنى سورۇنلاردا سۆزلەپ يۈردۈم. ئاشۇ بىر يىلى پاراڭدىن پاراڭ چىقىپ، يېزىقچىلىققا ئالدىراپ يۈرگەن، ھەتتا كىتابىمۇ نەشر قىلدۇرغان بىرسىدىن «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، «كەلىلە ۋە دىمنە»، «جالالىددىن رۇمىي»، «خوجا نەسرىددىن ھەققىدە قىسسە» قاتارلىق كىتابلارنى ئوقۇغان-ئوقۇمىغانلىقىنى سۈرۈشتۈردۈم. ئۇ ھېچقايسىسىنى ئوقۇماپتۇ. ساماۋىي كىتابلاردىن بولسا تېخىمۇ خەۋىرى يوق ئىكەن. قاراڭ، ئۇ نېمىگە تايىنىپ، قايسى كۆزىتىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ يېزىقچىلىق قىلىدۇ؟ ئىپادىلەش ئۇسۇلى، قۇرۇلما سەنئىتى، كىرىشمە ۋە يېشىم سەنئىتى، تىل ئىشلىتىش سەنئىتى دېگەنلەرنى ئۆزى كەشىپ قىلالايتتىمۇ ئۇ؟ يېزىقچىلىق ئۈچۈن تەجرىبە ئىنتايىن مۇھىم ئامىل. باشقىلارنىڭ تەجرىبىلىرىدىن ئۆرنەك ئالماي تۇرۇپ، سەكرەپلا ئۆگزىگە چىقىمەن دېيىش چۈش كۆرگەنلىك. ئېسىل، ياخشى، داڭلىق كىتابلارنى ئەڭ ياخشىسى ھەر يىلى بىر قېتىم ئوقۇپ چىققان تۈزۈك. دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى، كلاسسىك ئەدەبىياتتىكى ئۇچرىغانلا ئەسەرنى ئوقۇشنىڭمۇ زىيىنى يوق. ئۇلار بىزگە چوقۇم مەلۇم دەرىجىدە تەجرىبە يەتكۈزۈپ بېرەلەيدۇ. ئەدەبىياتتا سىستېمىلىق بىلىم ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىم تا ھازىرغىچە مېنى ئۆكۈندۈرۈپ كەلدى. رومان يازالمىغانلىقىمغا ھەرخىل تۇترۇقسىز باھانە-سەۋەبنى كۆرسىتىپ كەلدىمغۇ؟! كۆڭۈلدىكىنى دېگەندە، مەسىلە سىستېمىلىق بىلىمىمنىڭ كەملىكىدە، تەجرىبىلەر ھەققىدىكى بىلىشىمنىڭ كەملىكىدە. ئادەم دېگەندە ئۆكۈنۈش، پۇشايمان-نادامەت كۆپ بولىدىكەن. پۇشايمان-نادامەت قىلىش ئىنسان ماھىيەتلىرىنىڭ بىرسى بولسا كېرەك. ئەڭ كۆپ پۇشايمانلىرىمنىڭ بىرى، ئەسەر ئېلان قىلىشقا يېڭى كىرىشكەن چاغلاردىكى ئەدەبىيات قارىشىم. نادانلىقىمغا ۋاي! ئەدەبىياتتىن نېمە ئۈمىدلەرنى كۈتمىدىم مەن؟ ھازىر بىلدىمكى، ئەدەبىيات خەلققە چوڭ ئىش قىلىپ بېرەلمەيدىكەن. ئەدەبىيات خەلقنى پەقەت ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ۋاستىسى بىلەنلا تەمىن ئېتەلەيدىكەن. بىلدۇرۇشتە پەلسەپىگە، ھاياجانلاندۇرۇشتا ناخشا-مۇزىكىغا، تونۇتۇشتا تەشۋىقاتقا، قوزغىتىشتا شوئارغا يېتەلمەيدىكەن. جەمئىيەت سەھنىسىدە ئاران 2-3-دەرىجىلىك رولچى ئىكەن. مۆمىن بوۋاي ۋاڭ مېڭغا دېگەن بىر دۆلەتتە پادىشاھ ۋە شائىر بولمىسا بولمايدۇ دېگەن سۆز سەل ئېشىپ كەتكەنمۇ-قانداق؟ ئەدەبىيات تەتقىق قىلىپ كۆزىتىش، ئەيىبلەپ توسۇپ قېلىش قۇربىغا ئىگە ئەمەسكەن. ئەكسىچە، ئەدەبىيات قورۇغانلىقى جاراھەتكە چۈشۈن كۆپرەك يېپىشىدىكەن. رېئالىزمدا، تۇرمۇشنى قايتا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتە، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنى بايقاش ۋە مەدھىيىلەشتە چىڭ تۇرۇشلا توغرا ئەدەبىيات قارىشى ھېسابلىنىدىكەن. ئەدەبىياتنى ساقلاش ۋە داۋاملىق ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللىنىش زۆرۈر ئىكەن. ئاشۇ يول بىلەنلا ئىلگىرىلەش كېرەك.

ئۆكۈنۈش سۆزىنى ئىشلەتكەندە، سىلەر بەلكىم، سىزنىڭمۇ باشقىلاردەك ناچار، خاتا، تېتىقسىز، قۇيرۇق شىپاڭشىتىدىغان، خەقنىڭ دېپىغا ئۇسۇل ئويناپ، ئۇلارنىڭ تاھارىتىدە ناماز ئوقۇيدىغان نېمىلەرنى يازغان چاغلىرىڭىز بارمۇ؟ ئەقىدە-ئىخلاسقا، غەيرەت-شىجائەتكە، ئارزۇ-ئارمانغا دەخلى يەتكۈزۈپ يامانغا يانتاياق بولغان چاغلىرىڭىز بارمۇ؟ دېمەكچىدەك قىلىسىلەر. خۇداغا مىڭ قەتلە شۈكۈر، بىلىپ-بىلمەي، ئاڭلىق-ئاڭسىز، ئىختىيارىي ياكى مەجبۇرىي كىرىپ قالغان تەرەپلەر بولۇشى مۇمكىن، ئەمما كۆپ ئەمەس، پۇشايماننامە يېزىشقا مەجبۇر قىلغۇدەك دەرىجىدە ئەمەس، ھەرھالدا قەلىمىمنى بۇلغاشتىن ساقلىنىشقا خېلى بۇرۇنلا دىققەت قىلىشقا باشلىغانمەن. باشقىلارمۇ بۇ تەرىپىمگە «قەلىمى پاكىز» دەپ باھا بېرىشكەن. ئۇلارغا رەھمەت. مېنى بۇلغىنىشتىن ساقلىغان خۇداغىمۇ مىڭ قەتلە رەھمەت! ئىنىمىز يالقۇن روزىنىڭ بىر چىرايلىق ماقالىسىدە پۇشايماننامە يازغانلارنىڭ ئىسمى-شەرىپى بىر-بىرلەپ تىزىمغا ئېلىنىپتۇ. ئۇ ۋە سىلەر كەلگۈسىدە يەنە پۇشايماننامە يازغانلارنى تىزىمغا ئالغاندا، خۇدا خالىسا مېنىڭ ئىسمىم ئۇ يەردە بولمايدۇ. مەن ئىسمىمنىڭ «سىججىن» (يامان ئىش-ئەمەللەر خاتىرىلىنىدىغان ئىلاھىي دەپتەر)دا ئەمەس، «ئىللىيۇن»(ياخشى ئىش-ئەمەللەر خاتىرىلىنىدىغان ئىلاھىي دەپتەر)دا بولۇشىغا تىرىشىمەن.

ھاياتىمنىڭ باشقا ساھەلىرىدە ئۆكۈنىدىغان تەرەپلەر بەك كۆپ، پۇشايمانلار، توۋا قىلىشقا ئەرزىگۈدەك تەرەپلەرمۇ كۆپ. قىڭغىر قەدەملىرىمنى، كۆپۈر سۆز-كۆپۈر خىياللىرىمنى ياراتقۇچى كەچۈرگەي!

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت؛ كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى نۇرىمۇھەممەت ئۆمەر ئۈچقۇن، تۇرسۇنئاي يۈسۈپ

# ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان

يالقۇن روزى





ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى قاچان، قانداق باشلانغان دېگەن مەسىلە ھازىرغىچە مۇجمەل ھالەتتە تۇرماقتا. تەتقىقاتچىلارنىڭ زىددىيەتلىك بايانلىرى ۋە گۇمانىي قاراشلىرى بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ، تارىخىي چىنلىققا ئۇيغۇن يەكۇننى چىقىرىش زۆرۈرىيىتىنى تەقەززا قىلماقتا. ئىلمىي تارىخ يېزىش ئېڭى ۋە مېتودى شەكىللەنمىگەن ئەھۋالدا قېتىرقىنىپ ئىزدەنمەي، پاكىتلارنى سېلىشتۇرۇپ دەلىللىمەي، ئىنچىكە تەتقىق قىلماي، ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئەسلىمىسى، ئاڭلىۋېلىپ دەپ بەرگەنلىرىگىلا ئاساسلىنىپ، ھېسسىياتقا بېرىلىپ، تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ، كەمتۈك يەرلىرىگە كەلگەندە يالغان ـ ياۋىداق قىستۇرمىلارنى قوشۇپ يېزىلغان ئەسەرنىڭ قايىل قىلىش كۈچى بولمايدىغانلىقى ئېنىق. شۇڭا، تەتقىقاتچى ئالدى بىلەن ئۆزىدە ھەربىر سۆزىگە ئىگە بولىدىغان، ئېنىق چۈشەنچە بېرەلەيدىغان ئىلمىي پوزىتسىيە ۋە مەسئۇلىيەتچان روھ تۇرغۇزۇشى بەك مۇھىم. بۇنداق شەرتنى ھازىرلىمىغان ئەھۋالدا يېزىلغان ئەسەرلەرگە مۇنتىزىم تەربىيە كۆرگەن تارىخ تەتقىقاتچىلىرى ئېتىبارسىز مۇئامىلە قىلىدۇ، ئىشەنچىلىك ئىلمىي مەنبە سۈپىتىدە قارىمايدۇ. بىزنىڭ تەتقىقاتچىلىرىمىز ئارىسىدا ئىلمىي تارىخ يېزىش ئېڭى ۋە مېتودىنى شەكىللەندۈرۈشكە سەل قاراش خاھىشى خېلىلا ئېغىر دېيىشكە بولىدۇ. تەتقىقات ساھەسىدە ئىلمىي تارىخ يېزىش ئېڭى ۋە مېتودىنىڭ بولماسلىقى ئىلىم ساھەسى كۆرۈشنى قەتئىي خالىمايدىغان مەسىلىدۇر. ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى قاچان، قانداق باشلانغان، دېگەن مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى مانا مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە.

## ئۆيلىنىش ۋە ئىزدىنىش

نۇرغۇن كىشى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ قاچان ۋە قانداق باشلانغانلىقىنى، ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييفلار ئانا يۇرتى ئۇستۇنئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدە مەكتەپ ئېچىپ، 1885 ـ يىلى باشلىغان، دەپ تونۇيدۇ. بۇ قاراش ھازىر ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە ئىلىم ئەھلىلىرى ۋە ئادەتتىكى ئاۋام ئىچىدە ئومۇملاشقان ئادەتتىكى ساۋات بوپقالدى. نوپۇزلۇق ئەسەرلەرگىمۇ، خېلى نامى بار تارىخ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ كىتاب ـ ماقالىلىرىغىمۇ ئاشۇ ھالەتتە كىرگۈزۈلدى. ھەتتا «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى»گىمۇ «شىنجاڭنىڭ زامانىۋى مەكتەپ مائارىپى ئەڭ دەسلەپ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بارلىققا كەلگەن»، «ئىكساق باشلانغۇچ مەكتىپى 1885 ـ يىلى ئۆكتەبىردە ئۇيغۇر سودىگەر ھۈسەيىن مۇساباييف ۋە باھاۋۇدۇن مۇساباييف ئاكا ـ ئۇكىلار قۇرغان، ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدا ئەڭ بۇرۇن قۇرۇلغان زامانىۋى مەكتەپ»، «قۇرۇلغان ۋاقتىدا تۆت ئوقۇتقۇچى، ئۈچ سىنىپ، 105 نەپەر ئوقۇغۇچى بولغان. 1936 ـ يىلى بۇ مەكتەپ ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن»[1] دەپ يېزىلغان.

مەن ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىغا قىزىققۇچى ۋە بۇ ساھەدە تەتقىقات ئېلىپ بارغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىگە ئالاقىدار ماتېرىياللارنى كۆپ ئوقۇيمەن ۋە توپلايمەن. مېنىڭ ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى زادى قاچان، قانداق باشلانغان؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە گۇمانىمنىڭ شەكىللىنىپ، شۇ مەزمۇندىكى ئەسەرلەرگە تەنقىدىي پوزىتسىيىدە مۇئامىلە قىلىشقا باشلىشىمغا شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى 1997 ـ يىلى بېسىپ تارقاتقان، ياڭ فارىن باش مۇھەررىرلىكىدىكى بىر ئىچكى ماتېرىيال سەۋەب بولغان. مەن 1999 ـ يىلى كۆرگەن بۇ ماتېرىيالدا «ئەھمەد كامال 1914 ـ يىلى مارتتا ساياھەت پاسپورتى بىلەن قەشقەرگە كەلگەن، شۇ يىلى

ئۇ 25 ياشتا ئىدى» دەپ يېزىلغان. بۇ ماتېرىيالدا يەنە «1915 - يىلى قەشقەر كونا شەھەر ئامبىلى شياۋ جيەنجاڭ تۈركىيىلىك ئەھمەد كامال دېگەن ئادەمنىڭ بىر ئالاھىدە سىنىپ ئېچىپ، ئۇنىڭغا دىنىي مەكتەپلەردە ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن ئوقۇغۇچىلارنى مەخسۇس قوبۇل قىلىپ، ئاتۇشتا مۇئەللىملىك قىلىۋاتقانلىقىنى ياڭ زېڭشىنغا مەلۇم قىلغان. ياڭ زېڭشىن دەرھال بۇ ئادەمنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرگەن ھەمدە شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى خارجىي ئىشلار ۋازارىتىگە مەلۇم قىلىپ، بۇ مەكتەپنى تارقىتىۋەتكەن ۋە مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى تەقىپ قىلغان. ئەھمەد كامالنى ئۈرۈمچىدە ئىككى يىل قاماپ، 1919 - يىلى شائخەي ئارقىلىق تۈركىيىگە قايتۇرۇۋەتكەن» دېگەن ئىنچىكە ئۇچۇرمۇ بار ئىدى. بۇ ئىنچىكە ئۇچۇرلار مەن ئىلگىرى ئوقۇغان ئەسەرلەردىكى مۇشۇ ھەقتىكى تومتاق بايانلار بىلەن بىردەك ئەمەس ئىدى. شۇ كەمگىچە مەن ئوقۇغان ئالاقىدار ماقالە - ئەسەرلەردە «ئەھمەد كامال 1907 - يىلدىن 1909 - يىلغىچە ئىككى ساقتا دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى ئاچقان، 1909 - يىلى داغدۇغىلىق ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن» دەپ يېزىلغانىدى. بۇنىڭغا قوشۇپ يەنە خېلى كۆپ ھاياجانلىق قىستۇرمىمۇ بار ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ مەندە 1914 - يىلدىكى ۋەقەنى توغرا بايان قىلالمىغىنىمىزغا قارىغاندا، ئۇنىڭدىن 30 يىل ئىلگىرى بولغان دېيىلىۋاتقان 1885 - يىلدىكى مەكتەپ ئېچىش ۋەقەسىنىمۇ توغرا يازالمىدۇقمۇ - قانداق؟ دېگەن سوئال تۇغۇلدى. 2000 - يىلى ياپونىيىلىك ئويىشى شىنىيچىرونىڭ «قەشقەردىكى يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى» ناملىق ماقالىسىنىڭ ئىزاھات قىسمىدىكى «1985 - يىل نويابىردا ئۈستۈنئاتۇش يېزىسىنىڭ ئىككىساق كەنتىدە تۇنجى باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن ھەم ئەسلىمىلەر نەشر قىلىنغان. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا مۇساباي جەمەتىدىن باھاۋۇدۇن باي 1885 - يىلى شىنجاڭدا تۇنجى يېڭىچە ئۇسۇلدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنى ئاچقان دېيىلگەن. بۇ ئەمەلىيەت بولغاندا، ئىسمائىل غاسپرالى تۇنجى ئۈلگىلىك مەكتەپ ئېچىپ، ئارقىدىنلا قەشقەردىمۇ مۇشۇنداق مائارىپ يولغا قويۇلغان بولىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى ئىچىدىمۇ شۈبھىلەنگۈچىلەر بار. شۇ يىلنى بېكىتىدىغان تارىخىي ماتېرىيال تېخى ئاشكارا بولماي تۇرغاندا، بۇنى ئەمەلىيەت دەپ بېكىتىۋېتىشكە بولمايدۇ. ‹مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى› دىن كېيىن ئېتىقاد ۋە مىللىي مەدەنىيەت ھوقۇقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرگەن ئۇيغۇرلار ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى كۆككە كۆتۈرۈش، 1985 - يىلى خاتىرىلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تۇنجى مەكتەپ ئاچقان ۋاقىتنى 1885 - يىلغا ئۇلاشتۇرۇپ ‹تارىخىي ھەقىقەت› قىلىۋالغانمىدۇ، دەپ ئويلايمەن.»[2] دېگەن قاراشلىرىنى ئوقۇپ، شەك - شۈبھىسىز ھالدا، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتتا خاتاغا ئېنىق يول قويۇپتۇق، دەپ ئىشەندىم.

2002 - يىلغا كەلگەندە ئەھمەد كامالنىڭ ئەينى يىللاردىكى ئەھۋاللارنى، يەنى 1914 - يىلدىن 1920 - يىلغىچە ئىستانبۇل، قەشقەر، ئۈرۈمچى، شائخەيدىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى خاتىرە شەكلىدە يازغان كىتابىنى ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولدۇم. ئىستانبۇلدىكى «ئۆتۈكەن» نەشرىياتى 1997 - يىلى نەشر قىلغان بۇ كىتابتا ناھايىتى قىممەتلىك بايانلار بار ئىدى. لېكىن، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى قاچان، قانداق باشلانغان دېگەن مەسىلىگە ئالاقىدار جاۋاب يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ مەن بۇ قىممەتلىك ئەسەردىن «قەشقەر ئادەتلىرى ھەققىدە» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدىكى مەزمۇننى تەييارلاپ، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىل 3 - سانىدا ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردۈم. قىسقىسى، بۇ كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن، نۇرغۇن ئېنىقسىز مەسىلىگە جاۋاب تاپقان بولساممۇ، ئەمما، «قاچان، قانداق باشلانغان» دېگەن مەسىلىگە يېپىشىپلا قالدىم. بۇ مەسىلە ئۈستىدە توپتوغرا ئون يىل ئىزدەندىم. تۈگۈن ئاخىر يېشىلدى!

ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى قاچان، قانداق باشلانغان؟ دېگەن مەسىلە ھەققىدىكى پاكىتلىق ئىلمىي يەكۈنۈمنى ئۇدۇللا ئوتتۇرىغا قويسام، بارلىق ئىشتا قارىغۇلارچە يەرلىك ئۈستۈنلۈك ياكى مىللىي ئۇلۇغلۇق ئىزدەيدىغان ھېسسىيات تىپىدىكى ساددا كىشىلەرگە زەربە بولۇشى مۇمكىن. ئىلمىي روھى كەم زىيالىيلار تەرىپىدىن «ئاتىكاچا» ئاتىلىشىم تۇرغانلا گەپ. ئەمما مەن ئىلمىي ھەقىقەتنى ياقلايمەن، تارىخىي پاكىتنى ھۆرمەت قىلىمەن. ئىزدەنگۈچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ماڭا شۇ نەرسە ئايانكى، پۈتكۈل غەرب ۋە شەرق دۇنياسىدا، شۇنداقلا تۈركىي مىللەتلەر تارىخىدا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى قاچان، قانداق باشلانغان دېگەن مەسىلە ئىنتايىن چوڭ مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق چوڭ ھەرىكەتنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى بىر تالاي ئىچكى - تاشقى سەۋەبكە باغلانغان بولىدۇ. ئادەتتىكى ئوقۇرمەنلەرگە ھەم نەزەر دائىرىسى تار زىيالىيلىرىمىزغا بۇ توغرۇلۇق مۇئەييەن چۈشەنچە بەرمەي تۇرۇپ، تۈپ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەنلا ئۇلارنى قانائەتلەندۈرگىلى بولمايدۇ. شۇنداقلا، ئۇلارغا بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشنىڭ ئىلمىي ئەھمىيىتىنىمۇ ھېس قىلدۇرغىلى بولمايدۇ. چۈنكى بۇ خىلدىكى كىشىلەر ئىلىمگە ياتىدىغان مەسىلىلەرگىمۇ مەھەللىۋى ئاڭ بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولغاچقا، ھەقىقەت بىلەن سەپسەتىگە ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلماستىن، مەنپەئەتپەرەسلىك، شۆھرەتپەرەسلىك تۇيغۇسى بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. شۇڭا، ئەتراپلىق چۈشەنچە بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار، دەپ قارايمەن.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپادا مەكتەپلەر دىنىي جەمئىيەتلەر بىلەن فېئودال پادىشاھلىقلارنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، باللارغا «ئىنجىل»نى يادلىتىش، پەرۋەردىگاھقا تائەت - ئىبادەت قىلدۇرۇش مائارىپنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى قىلىنىپ، ئادەم تەربىيىلەش، ئىلىم - مەرىپەت ئۆگىتىش بىر چەتكە قايرىپ قويۇلغانىدى. «ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى» (ئەدەبىي ئويغىنىش) مەزگىلىدىكى يازغۇچى فرانكوس رايلايس «گىگانت ئادەم» دېگەن ئەسىرىدە ئادەم ئەخمەق قىلىدىغان بۇنداق مەكتەپلەرنى قاتتىق مەسخىرە قىلغان. بۇنداق مەكتەپلەردە

بىرنەچچە يىل ئوقۇغان ئادەم بىر قىسىم ئەنئەنىۋى تەربىيىنى ۋە ۋاقتى ئۆتكەن چىرىك تەلىماتلارنى قوبۇل قىلىپ، ئاخىرىدا تولۇق ساۋاتى چىقمىغان چالا بىلىمدان بوپقالاتتى. ئىتالىيىلىك مۇتەپەككۇر، پېداگوگ ۋىتتورىنو(1378 ـ 1446) كونىچە مەكتەپلەرنىڭ بالىلارنى ئاجىز، قېرى مىجەز قىلىپ قويىدىغان، ئۆلۈك ئىش قىلىدىغان، «كىتاب غاجىلايدىغان قۇرت» قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشىغا قارشى تۇرۇپ، يېڭىچە ئوقۇتۇش شەكلىنى ھەم ئىلغار پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىتىشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ، بۇ تەشەببۇسلىرىنى ئۆزى قول سېلىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، مۇتەئەسسىپ كۈچلەر بىلەن روبىرو تۇرۇپ ئېلىشقان. ياۋروپادا فېئوداللىق جەمئىيەت يىمىرىلىشكە باشلىغان، كاپىتالىزم تازا گۈللىنىۋاتقان دەۋردە ياشىغان ئۇلۇغ چېخ پېداگوگ كومېنسكىي (1590 ـ 1670) دېموكراتىيە ۋە تەرەققىيات مەيدانىدا تۇرۇپ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى كونا مائارىپنى دادىللىق بىلەن تەنقىد قىلغان ھەمدە بىر يۈرۈش يېپيېڭى مائارىپ ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ «بارلىق قىز ـ ئوغۇل مەكتەپتە ئوقۇشى شەرت»، «پۇلدارلار، مەرتىۋىلىكلەرنىڭ باللىرىلا مەكتەپتە ئوقۇپ قالماي، بەلكى يەنە شەھەر ـ بازارلاردىكى ھەممە بالا باي ـ كەمبەغەل، ئەرزىز ـ پەس بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مەكتەپتە ئوقۇشى كېرەك»، «مەكتەپلەر ئۇلارغا ھازىر ۋە كەلگۈسىدىكى تۇرمۇشقا كېرەك بولىدىغان بارلىق ئىلىم ـ پەن بىلىمنى ئۆگىتىشى كېرەك»، «باللار ياش قۇرامىغا قاراپ تەربىيىلىنىشى كېرەك» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. كومېنسكىي مەكتەپلەر سىنىپ، يىللىقلار بويىچە دەرس ئۆتۈش تۈزۈمىنى ۋە ئوقۇش يىلى تۈزۈمىنى يولغا قويۇشى كېرەك، دېگەن قاراشنى دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان پېداگوگ. ئۇ، ئوقۇتۇشنى قولايلاشتۇرۇش، ئۈزۈل ـ كېسىل، چاققان قىلىشنى مۇراجىئەت قىلغان. ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى كونىچە مائارىپنى ئاخىرلاشتۇرۇش، بۇرژۇئازىيە يېڭى مائارىپنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قوشقان تۆھپىلىرى تارىختىن بۇيان تىللاردا داستان بولۇپ كەلمەكتە.

ياۋروپادا فېئوداللىق كونا مائارىپنىڭ ئورنىنى بۇرژۇئازىيىچە يېڭى مائارىپنىڭ ئىگىلەش جەريانى «ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى» سەۋەبى بىلەن بارلىققا كەلگەن مەنىۋى مۇھىتتا قانلىق كۈرەش شەكلىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلماستىن، بەلكى ئىدىيىۋى تالاش ـ تارتىش شەكلىدىن ھالقىغان ھالەتتە ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. ئەنئەنىۋى ھايات شەكلىگە مەستانە بولغان ھالدا، كونا قاراشلىرىنى دەستۇر قىلىپ ياشاپ كېلىۋاتقان شەرقتە بولسا، يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى قانلىق كۈرەشلەر ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىققان.

تارىخ 19 ـ ئەسىرگە قەدەم قويۇش بىلەن سانائەت مەدەنىيىتى دۇنيانى بىر گەۋدە قىلىپ تۇتاشتۇرۇۋاتقان پەيتتە، شەرقتىكى ياپونىيە ھۆكۈمرانلىرى يەنىلا بېكىنمىچىلىك سىياستىدە چىڭ تۇرۇپ، تاشقى كۈچلەرنىڭ ياپونىيىگە تاجاۋۇز قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ياپونىيىلىكلەرنىڭ چەت ئەللىكلەر بىلەن سودا قىلىشىنى قاتتىق چەكلىگەن. چەت ئەللىك سودىگەرلەر ۋە دىن تارقاتقۇچىلارنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقارغان. پۇقرالارنىڭ پەقەت جۇڭگو ۋە كورىيىلىكلەر بىلەنلا سودا قىلىشىغا يول قويغان. بۇ خىل يول قويۇشمۇ چەكلىمە ئىچىدە بولۇپ، ئۇلار بىلەن پەقەت ياپونىيىدە، يەنە كېلىپ ناگاساكى شەھىرىدىلا سودا قىلىشقا يول قويغان. ياپونىيىلىكلەرنىڭ چەت ئەللەرگە چىقماسلىقىنى بەلگىلىگەن. لېكىن مىستوي، مىتسۇبىشى قاتارلىق چوڭ سودىگەرلەر غەرب مەدەنىيىتىنى كۆرۈش جەريانىدا قانداق قىلغاندا ياپونىيىنى باي، قۇدرەتلىك بولۇش يولىغا باشلىغىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. شۇنداق قىلىپ ياپونىيە جەمئىيىتىدە بارا ـ بارا بېكىنمىچىلىك بىلەن قارشىلىشىدىغان يېڭى ئىدىيىۋى ئېقىم شەكىللەنگەن. 1853 ـ يىلى ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ كوممودىرى پېررىي باشچىلىقىدىكى فلوت ياپونىيىگە كېلىپ، ئامېرىكا رەئىس جۇمھۇرىنىڭ ياپونىيە تېننوسىغا يازغان خېتىنى شوگۇنات ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ، ياپونىيىدىن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش ۋە سودا قىلىشنى قاتتىق تەلەپ قىلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ياپونىيىنىڭ 200 يىلدىن ئارتۇق تاقالغان دۆلەت دەرۋازىسى ئېچىۋېتىلىپ، دۇنياغا يۈزلىنىشكە مەجبۇر بولغان. كۈچلۈك ، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ياپونىيىنى ئىقتىسادىي جەھەتتە قاقتى ـ سوقتى قىلىشى نەتىجىسىدە جەمئىيەتتە تەبىئىي ھالدا ئىجتىمائىي كرىزىس كۆچىيىپ كەتكەن. مىستويغا ئوخشاش ئوقۇمۇشلۇق سودىگەرلەر سانائەت مەدەنىيىتىنىڭ ئەۋزەللىكىنى كۆرۈپ يېتىپ، چەت ئەللەردىن ماشىنا سېتىۋېلىپ زاۋۇت قۇرغان. ھۆكۈمرانلار قاتلىمىدىكى بىر قىسىم كىشىمۇ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈپ، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزىدىغان ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى قوللىنىشقا كىرىشىپ، ئۆز جايىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. 1868 ـ يىلى يېڭىدىن پادىشاھلىق تەختىگە چىققان 16 ياشلىق تېننو يارلىق ئېلان قىلىپ، 50 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن تەشكىللەپ، بېكىنمىچى شوگۇنات ھۆكۈمىتىگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، شوگۇناتنى تەسلىم قىلىپ، ياپونىيە تارىخىدىكى ئەڭ شانلىق دەۋر ـ مېيجى يېڭىلىقىغا كۆچۈش دەۋرىگە قەدەم قويغان. تېننو شۇ يىلى ئاپرېلنىڭ بىر كۈنى خان سارىيىدا ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى بىلەن بىرلىكتە مەشھۇر «بەش ماددىلىق قەسەمنامە» نى ئوقۇغان. ئۇنىڭدا ئېنىق قىلىپ «دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەردىن بىلىمگەننى ئۆگىنىپ، خاندانىمىزنى زور كۈچ بىلەن گۈللەندۈرىمىز» دەپ جاكارلانغان. مېيجى ھۆكۈمىتى يېڭىلىققا كۆچۈشنى جاكارلىغاندا «سودا ـ سانائەتنى جانلاندۇرۇش» سىياسىتىنى يولغا قويغان. «مەرىپەتچىلىك» نى تەشەببۇس قىلىپ، «ياماتولارغا خاس روھ، غەربچە ئىستىبدات بولۇش» تەك مائارىپ پرىنسىپى تۇرغۇزۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى ياپونىيىنىڭ ساماۋىي خانىغا سادىق بولۇش، ۋەتەننى سۆيۈشتەك ئەنئەنىۋى ئىدىيىسىگە ئىگە قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە غەربنىڭ ئىلغار پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىگىمۇ ئىگە قىلىشنى تەلەپ قىلغان.

1871 ـ يىلى مېيجى ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت ۋازارىتى قۇرۇپ، مەملىكەت مائارىپىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك مائارىپ تۈزۈلمىسىنى تۈرغۇزۇشقا باشلىغان. يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغاچقا، غەربتىن ئۆگىنىش ئۈزۈل- كېسىل ھەم نەتىجىلىك بولغان. قىسقىغىنا 20 يىل ئىچىدە ياپونىيە كاپىتالىستىك سانائەتلىشىشنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاسىيادىكى كاپىتالىستىك ئىگىلىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان دۆلەتكە ئايلىنىپ، شەرقتىكى قۇدرەتلىك دۆلەت سۈپىتىدە قەد كۆتۈرگەن. قۇدرەت تاپقان ياپونىيە تەبىئىي ھالدا چەت ئەللەرگە كېڭەيمىچىلىك قىلىش يولىغا قەدەم قويغان. ئۇلار تاجاۋۇزچىلىق نەزىرىنى بىپايان زېمىنغا ئىگە يېقىن قوشنىسى جۇڭگوغا تىككەن. 1894 ـ يىلى ياپونىيە جياۋۇ يىلىدىكى جۇڭگو- ياپونىيە ئۇرۇشىنى قوزغاپ، جۇڭگونى مەغلۇب قىلىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى «سىمونوسېكى شەرتنامىسى»نى ئىمزالاشقا مەجبۇرلىغان. بۇ ئىش ئۇزاقتىن بېرى ئۆزىنى شەرقىي ئاسىيا مەدەنىيىتىدىكى يېتەكچى دەپ تونۇپ، پەخىرلىنىپ كېلىۋاتقان جۇڭگونى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە زىلزىلىگە سالغان. جۇڭگولۇقلار ئېچىنىشلىق مىللىي مەغلۇبىيەتتىن ئازاب ۋە خورلۇق تارتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سەۋەبىنى ئۈستىدە قايتا ـ قايتا ئويلىنىشقا باشلىغان. جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى ئوقۇمۇشلۇق زاتلار ياپونىيىگە ئوخشاش غەربتىن ئۆگىنىپ، قانۇن ئۆزگەرتىپ يېڭىلىققا كۆچۈشنى كۈچلۈك تەشەببۇس قىلغان. «سودا ـ سانائەت ئارقىلىق دۆلەتنى قۇتۇلدۇرۇش»، «مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى قۇتۇلدۇرۇش» ئىدىيىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. «مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى قۇتۇلدۇرۇش» پىكىر ئېقىمىدىكى زىيالىيلار مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى مىللىي خەۋپتىن ساقلىنىش يۈكسەكلىكىدە تونۇغان. ئۇلار مائارىپ رىقابىتى 20 ـ ئەسىردىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ھايات ـ ماماتلىق رىقابىتىنىڭ ئاچقۇچى، ھەربىي رىقابەت، ئىقتىسادىي رىقابەت، يېزا ئىگىلىك رىقابىتى ۋە سانائەت رىقابىتىدە غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇب بولۇشنىڭ مەركىزىي تۈگۈنى، دەپ قارىغان[3]. يېڭىلىققا كۆچۈش تەرەپدارلىرىنىڭ داھىيسى كاڭ يۇۋېي 1895 ـ يىلى ئاۋغۇستتا بېيجىڭدا سىياسىي تەشكىلات ـ «قۇدرەت تېپىش ئىلمىي جەمئىيىتى»نى قۇرغان. بۇ جەمئىيەت غەربنىڭ ئىلىم ـ پەن بىلىملىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، قانۇن ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلغان. لياڭ چىچاۋ 1896 ـ يىلى شاڭخەيدە «ئوقۇشنى كۈچەيتىش ھەرىكىتى» بىلەن شۇغۇللىنىپ، جۇڭگو قانۇن ئۆزگەرتىپ قۇدرەت تاپماقچى بولىدىكەن، غەربتىكى كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي تۈزۈمى ۋە مەدەنىيەت ـ مائارىپ تۈزۈمىنى ئۆگىنىشى كېرەك، دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ئارىسىدىكى تەرەققىياتقا مايىل بىر تۈركۈم كىشىمۇ يېڭىلىققا كۆچۈش تەرەپدارلىرىنىڭ تەشەببۇسىنى قوللاپ قۇۋۋەتلىگەن. خۇنەن- خۇبېي ۋالىيسى جاڭ جىدۇڭ 1898 ـ يىلى «ئىلىمگە دالالەت» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ زور تەسىر قوزغىغان. ھۆكۈمەت تەرەپ ھەرىكەتكە كەلمىگەن ئەھۋالدا مىللىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك كىشىلەر قول سېلىپ ئىشلەپ، يېڭىلىققا كۆچۈش غايىسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشقا تۇتۇش قىلغان. تولۇقسىز ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1895 ـ يىلدىن 1898 ـ يىلغىچە يېڭىلىققا كۆچۈش تەرەپدارلىرى قۇرغان ئىلمىي جەمئىيەت، مەكتەپ، نەشرىيات (كىتابخانا)، گېزىتخانا قاتارلىقلار 300دىن ئېشىپ كەتكەن. ھازىرقى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاساسى بولغان بېيجىڭ دارىلئۇلۇم 1898 ـ يىلى ئاشۇ دولقۇندا قۇرۇلغان. كونسېرۋاتىپ زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقان چىڭ سۇلالىسىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ياش پادىشاھ گۇاڭشۈ يېڭىلىققا كۆچۈش تەرەپدارلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن ئوردا ئىچىدىكى مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ غالجىرانە قارشىلىقىغا قارشى يول تۇتۇپ، 1898 ـ يىلى ئىيۇلدا يارلىق ئېلان قىلىپ، قانۇن ئۆزگەرتىپ، يېڭىلىققا كۆچۈشنى جاكارلىغان. بۇ بۇرژۇئاچە ئىسلاھات كونا كۈچلەرنىڭ پاسبانى بولغان خان ئانىسى ـ سىشتەيخۇنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، ئاران دېگەندە 100 كۈنچە داۋام قىلىپ، پاجىئەلىك مەغلۇب بولغان. ياش پادىشاھ گۇاڭشۈ نەزەربەند قىلىنغان. يېڭىلىققا كۆچۈش تەرەپدارلىرىنىڭ قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن باشلامچىلىرىدىن نەچچە ئۇنىنىڭ كاللىسى ئېلىنغان.

1900 ـ يىلى سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسى بېيجىڭنى بېسىۋالغان مەزگىلدە، گۇاڭشۈ خاننى ئېلىپ شىئەنگە قېچىپ كەتكەن سىشتەيخۇ جۇڭگو زېمىنىنى قاپلىغان غەزەپلىك چۇقان ـ سادالارغا بەرداشلىق بېرەلمەي، 1901 ـ يىلى يانۋاردا گۇاڭشۈ خاننىڭ نامىدا پەرمان جاكارلاپ، ئىككى يىل بۇرۇن ئۆزى چىش- تىرنىقىغىچە قارشى تۇرغان «قانۇن ئۆزگەرتىش، يېڭىلىققا كۆچۈش» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، «يېڭى سىياسەت»نى يولغا قويىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان. ئارقىدىنلا تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرىنى ئېلان قىلغان. بۇ تەدبىرلەرنىڭ ئىچىدە ئوقۇش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش، يېڭى مەكتەپلەرنى ئېچىش، خۇسۇسىيلارنىڭ مەكتەپ ئېچىشىنى قوللاش، چەت ئەللەرگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش تەدبىرىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شۇنداق قىلىپ جۇڭگونىڭ كۇڭزى ئىدىيىسى يېتەكچى قىلىنىدىغان، ئەنئەنىۋى ئەدەپ ـ ئەخلاق دەستۇرلىرى بولغان «تۆت ئەركان»، «بەش ئەھكام» قاتارلىق ۋاقتى ئۆتكەن كىتابلار قارىغۇلارچە يادلىتىلىدىغان كونا مائارىپى، زامانغا ماس پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىتىشنى ئاساس قىلىدىغان غەرب مائارىپىغا ئورۇن بوشىتىشقا يۈزلەنگەن. نەتىجىدە يېڭى مائارىپ ھەقىقىي رەۋىشتە بارلىققا كېلىشكە باشلىغان.[4]

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يېڭى سىياسەت ئارقىلىق يولغا قويغان مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولغان. 1300 يىللىق تارىخقا ئىگە ئەمەلدارلىق (كېجۇ) ئىمتىھان تۈزۈمى بىكار قىلىنغان. يېڭىچە شۆتاڭلار تەسىس قىلىنىپ، چەت

ئەللەرگە ئوقۇغۇچى چىقىرىشقا ئىلھام بېرىلگەن. 1904 - يىلى مەكتەپلەرنى ياپونىيە ئەندىزىسى بويىچە دەرىجىگە ئايرىپ ئوقۇتۇش ۋە باشقۇرۇش بەلگىلەنگەن. 1905 - يىلى مەركىزىي مائارىپ مەمۇرىي ئورگىنى بولغان «شۆبۇ» نى تەسىس قىلغان. 1904 - يىلى شۆتاڭلار 4222 گە، ئوقۇغۇچىلار 92 مىڭغا يەتكەن.[5] ئەپسۇسلىنارلىقى، مۇئەللىملەرنىڭ يېرىمى دېگۈدەك يېڭى مائارىپنى قىلچە چۈشەنمەيدىغان كونىچە خەلپەتلەر ئىدى. شۇنداقتىمۇ، جۇڭگو جەمئىيىتى ئۇزاققا قالمايلا ئومۇميۈزلۈك ئىنقىلاب قىلىش ۋە ئويغىنىش باسقۇچىغا كىرىپ، دەۋرنى ئالغا يېتەكلەيدىغان مۇنەۋۋەر زىيالىيلار قوشۇنىغا ئېرىشكەن.

ياپونىيەدە 1860 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن، جۇڭگودا بولسا 1890 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن ئېتىبارەن مىسلىسىز كۆرەشلەر ئارقىلىق شەكىللىنىشكە باشلىغان يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى ئەينى چاغدا «مەدەنىيەت قۇياشىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قېلىپ جانسىز ۋە ھەرىكەتسىز ياتقۇچىلار كىملەر، ئۇلار قەيەردە؟ بۇلار چىندا، ئالتە شەھەر مۇسۇلمانلىرىدۇر. دۇنيادا بۇلاردىنمۇ تۆۋەن يەنە بىر خەلق بولمىسا كېرەك»[6] دەپ تەرىپلەنگەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بارلىققا كېلىشىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى شەرتلىرىنى ئازراقمۇ ھازىرلىمىغانىدى. يۇقىرىقى تەرىپتىكى ھالەت دەل 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ كۆرۈنۈشىدۇر. بۇنى يازغان تاتار ئالىمى نۇشىرۋان يائۇشېۋ تېخىمۇ ئېچىنغان ھالدا «ھاۋا - تۇپرىقىنىڭ ئىسسىقلىقى بىلەن يەر يۈزىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان، تارىختا ئىلىم - مەرىپەت نۇرى بىلەن يەر - كۆك ئارىسىنى نۇرغا چۆمۈلدۈرگەن يەرلەر بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئالتە شەھەر دېيىلىدۇ» دەپ يازغان. يېگانە ئارلىق بىر ئاقسۆڭەكنىڭ تەرەققىيپەرۋەر ئاكىغا ئىگە ئوغلى ھاجى مۇھەممەد ئەلىمۇ «ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1914 - يىل 30 - نويابىر سانىدا «قەشقەر» ماۋزۇلۇق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭدا: «ئۆتمۈشتە ئىلىم ۋە مەدەنىيەتنىڭ مەركىزى بولغان ئانا يۇرتۇم نۇرسىز، يولسىز، سۇسىز قېلىپ خارابىلىشىۋاتىدۇ» دەپ، ئانا ماكانىدىكى ئوتتۇرا ئەسىرگە خاس جاھالەت مۇھىتىدىن زارلانغان.

ئۇنداقتا، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى قانداق ئارقا كۆرۈنۈش ئىچىدە، قانداق شەكىلدە، قانچىلىك كۆلەمدە، قايسى مەزگىلدە بارلىققا كەلگەن؟ دۇنيادىكى ئۆزگىرىش ۋە يېڭىلىقلاردىن خەۋەرسىز، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولغان ھالدا ئۇخلاۋاتقان، مىللىي مەۋجۇدلۇقى ھەققىدە ئازراقمۇ كرىزىس تۇيغۇسى شەكىللەندۈرمىگەن بىر جەمئىيەتتە يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى تاسادىپىي ھەم شۇنچە ئاسان شەكىللىنىپ قالامدۇ؟ تارىخنىڭ بىزگە يەتكۈزگەن ھەقىقەتى شۇكى، ئۇيغۇرلاردا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ شەكىللىنىشى تامامەن ھالدا 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تاتار جەدىتچىلىرى قوزغىغان مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا بولغان!

تاتارىستانلىق ئاكادېمىك، قازان ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مىرقاسىم گوسمانوف زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلاردا يېڭى مائارىپنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبى ھەققىدىكى پەلەپەتىش قاراشلىرىنى تەنقىد قىلىپ يازغان «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى ۋە ئىسمائىل غاسپرالى» دېگەن ماقالىسىدا روشەن قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئۇيغۇر يۇرتلىرىغا جەدىتچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، زامانىۋى مەكتەپ ئېچىش ئىدىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرى ئارقىلىق، ئالدى بىلەن روسىيەدىن، ئېنىقراق ئېيتقاندا قىرىم ۋە ئىدىل بويلىرىدىن، تېخىمۇ ئۇچۇق قىلىپ ئېيتساق باغچا سارايدىن، كۆپىنچە ھالدا قازان، ئۇفا ۋە ئورېنبۇرگلاردىن كەلگەنىدى. چۈنكى قىرىمدا نەشر قىلىنغان، مەرىپەتچىلىك ئىدىيىسىنى كۆتۈرۈپ چىققان ۋە كەڭ تارقالغان ‹تەرجىمان› گېزىتىمۇ ئۇيغۇر يۇرتلىرىغا ئىدىل دەرياسىنى كېچىپ كېلەر ئىدى.»[7]

ئۇنداقتا، تاتار ئويغىنىش ھەرىكىتى دەپ ئاتالغان «جەدىتچىلىك» روسىيەدىكى تاتارلار ئارىسىدا قاچان، قانداق شەكىللەنگەن؟

مەلۇمكى، تاتارلار تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە رۇسلارنىڭ تۆمۈر چاڭگىلىغا ئەڭ بۇرۇن چۈشكەن، رۇس زۇلۇمىنى ئەڭ بالدۇر، ئەڭ ئېغىر تېتىغان خەلقتۇر. تاتارلارنىڭ ۋولگا (ئىدىل) دەرياسى ۋادىسىدىكى قازان، ئاستراخان ۋە قىرىم قاتارلىق خانلىقلىرى يېقىندىن كۆچەيگەن ۋە كېڭىيىشكە يۈزلەنگەن روسىيەنىڭ تۇنجى ئىشغالىيەت نىشانى بولغان. «1552 - يىلى سۇر - ھەيۋەتلىك ئۇۋان قازاننى ئىشغال قىلغان. ئارىدىن ئون يىل ئۆتەر ئۆتمەيلا ئاستراخاننىمۇ رۇسلار ئۆز دۆلىتىگە قوشۇۋالغان. قىرىم خانلىقى ئوسمانىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ ھامىيلىقىدىكى دۆلەت بولغانلىقى ئۈچۈنلا، سەكراتتىكى ھالەتتە ئىككى ئەسىرنى ئۆتكۈزگەن. كېيىن يېكاتېرىنا II ئەڭ ئاخىرقى قەدەمنى ئېلىپ، قىرىم خانلىقىنى ئىشغال قىلغان ۋە يوقاتقان.»[8] ئامېرىكىلىق داڭلىق تارىخچى گاۋىن ھامبلىي روسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى قازان تاتارلىرى توغرۇلۇق مۇنداق بايانلارنى يازغان: «رۇسلار ئىككى ئەسىر داۋامىدا قازان رايونىدا ئەسلىدىكى قازان خانلىقىنى ئۈزۈل - كېسىل رۇسلاشتۇرۇۋېتىش ھەمدە مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ تۇپنى ئۆز جەمئىيىتىگە قوشۇۋېلىش مەقسىتىدە بىر خىل ۋەھشىي سىياسەتنى يۈرگۈزدى.

رۇسلار ۋولگا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى رايونلاردا ‹تاتارسىزلاشتۇرۇش› سىياسىتىنىڭ تۇنجى قەدىمىنى ئىجرا قىلىپ تاتارلارنى بارلىق مۇھىم شەھەردىن، بولۇپمۇ قازان شەھىرىدىن قوغلاپ چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن رۇس دېھقانلىرى ۋولگا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى رايونلارغا كەلكۈندەك يامراپ كەلدى. بۇ يەردىكى يەرلىك مۇسۇلمانلار ۋە ئانىمىزمچىلار ناھايىتى تېزلا ئاز سانلىق مىللەت بوپقالدى. ئىسلام دىنى خادىملىرىنىڭ ھوقۇقلىرى بىكار قىلىندى، ۋەخپە يەرلەر تارتىۋېلىندى، مەسچىت - مەدرىسەلەر بۇزۇپ تاشلاندى ياكى تاقىۋېتىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا رۇسلار ئۆز نەزىرىدە خەتەرلىك دەپ قارالغان تاتار ئاقسۆڭەكلەر قاتلىمىنى يوقىتىشقا كىرىشتى.

شۇنىڭ بىلەن تاتار فېئودال ئاقسۆڭەكلىرى ئۈچۈن ياكى خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىش، ياكى پەۋقۇلئاددە ئىمتىيازدىن ئايرىلىشتىن بىرىنى تاللاشقا توغرا كەلدى.

تاتارلار ئۇزاق مەزگىللەرگىچە قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. قوزغىلاڭلارنىڭ ھەممىسى بەكمۇ ۋەھشىيانە رەۋىشتە باستۇرۇۋېتىلدى. مانا مۇشۇ جەرياندا تاتار ئاقسۆڭەكلەر قاتلىمى ئاساسەن دېگۈدەك يوقىتىلدى.

تاتارلارنىڭ ئۈمىدسىز قارشىلىقىنىڭ تولۇقلىمىسى سۈپىتىدە تاتار مىللىتىمۇ چوڭقۇر ئىجتىمائىي قۇرۇلما ئۆزگىرىشىنى باشتىن كەچۈردى. شەھەرلەردىن قوغلاپ چىقىرىلغان ئاقسۆڭەكلەر ۋە قول ھۈنەرۋەنلەر يېزا ـ قىشلاقلارغا بېرىپ، ئەڭ ئاخىرى يېڭى بىر قاتلام ــ سودىگەرلەر قاتلىمى بولۇپ شەكىللەندى. بۇ قاتلام پۇختا قەدەملەر بىلەن شەرققە سىلجىپ، ھەرقايسى جايدا ئاۋات سودا مەركەزلىرىنى قۇرۇپ چىقتى. تاتارلارنىڭ ئۆز يۇرتىدىكى مۇھىم ئورنىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلار تەدرىجىي يوسۇندا يېڭى سودا ئوتتۇرا قاتلام بۇرژۇئازىيە يېتەكچىلىكىدىكى سەرگەردان قوۋم بوپقالدى.

1762 ـ يىلى يېكاتېرىنا II نىڭ تەختكە چىقىشى بىلەن رۇسىيىنىڭ تاتارلارغا قاراتقان سىياسىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى. ئۇ، تاتار سودىگەرلەر تۈپىنىڭ چارروسىيە چېگرىسىدىكى پايدىلىق ئورنىنى تولۇق تونۇپ يەتتى. شۇڭا بۇ ئايال پادىشاھ تاتارلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى ياخشىلاش ئۈچۈن تۈرلۈك تەدبىر قوللاندى. ئۇ، دىنىي زىيانكەشلىككە خاتىمە بېرىپ، روسىيە ۋە سىبىرىيەدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئورېنبۇرگدا ‹دىنىي ئۇيۇشما› تەسىس قىلدى. يېكاتېرىنا II يەنە قالدۇق تاتار ئاقسۆڭەكلىرىگە رۇس ئاقسۆڭەكلىرىگە ئوخشاش ھوقۇق بەردى. تاتار سودىگەرلىرىنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇشىغا قوشۇلدى. ئۇلارنىڭ تېز راۋاجلىنىۋاتقان روسىيە سانائىتى بىلەن تۈركىستان بازارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودىدا ۋاسىتىچى بولۇشىغا ئىجازەت بەردى. 1800 ـ يىللارغىچە تۈركىستان بازارلىرى ياتلار ئۈچۈن يەنىلا تاقاق ئىدى. مانا مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە تاتار ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىسى ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىقتىسادىي گۈللىنىش ۋەزىيىتىگە قەدەم قويدى، بۇ ھالەت بىر ئەسىردىن ئۇزاقراق داۋاملاشتى. تاتارلار چارروسىيە ئىمپېرىيىسى سىياسىتىنىڭ ‹ھەمكارلاشقۇچىلىرى› بوپقالدى. لېكىن ئۇلارنىڭ كۆڭۈل رىشتىسى يەنىلا ئىسلامغا چىڭ باغلانغانىدى. پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئەگەر ئاشۇ سودىگەرلەر بولمىغان بولسا جەدىتچىلىك ھەرىكىتى، يەنى 19 ـ ئەسىردىكى ‹تاتار ئويغىنىشى› يۈز بەرمىگەن ۋە راۋاجلانمىغان بولاتتى.»[9]

1855 ـ يىلى چارروسىيىگە پادىشاھ بولغان ئالېكساندىر II مۇسۇلمانلارنى، جۈملىدىن تاتارلارنى قاتتىق بېسىش سىياسىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. تاتارلارنى ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلاپ، 200 مىڭغا يېقىن تاتارنى خرىستىئان دىنىغا كىرگۈزگەن. تاتار سودىگەرلىرىنى چەكلەش توغرىسىدىكى قانۇن ـ تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، ئۇلارنى ئاجىزلاشتۇرغان.

1850 ـ يىللاردىكى قىرىم ئۇرۇشى قىرىم تاتارلىرىغا چوڭ ئاپەت بوپقالغان. شۇ چاغدا قىرىمدا 300 مىڭدىن ئارتۇق تاتار بار ئىدى. ئالېكساندىر II تاتارلارنى ئوسمان ئىمپېرىيىسىگە كۆچۈپ كېتىشكە قىستاپ، 1859 ـ يىلدىن 1863 ـ يىلغىچە بولغان تۆت يىل ئىچىدە يېرىمىدىن كۆپرەك تاتارنى كەتكۈزۈۋەتكەن. تاتارلار ئۇزاققا قالمايلا قىرىمدىكى ئاز سانلىق مىللەتكە ئايلىنىپ قالغان.

ئالېكساندىر II دەۋرىدىكى تاتار مىللىتىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ۋە ماددىي مەنپەئىتىگە قوشلاپ زەربە بېرىدىغان خىلمۇخىل ياۋۇز سىياسەت تاتارلاردا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىغان. ئۇلار مىللىي كىملىكى ۋە دىنىي كىملىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ قالاق مەدەنىيىتىنى ئۆزگەرتىش، غەربنىڭ ئىلىم ـ پەن مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلام قىممەت قارىشىنى تەڭ يولغا قويۇش نىشان قىلىنغان ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتىنى باشلىغان. تاتار تارىخىنى نۇرلاندۇرغان، «جەدىتچىلىك ھەرىكىتى» دەپ ئاتالغان بۇ شانلىق ئىسلاھاتنى باشلىغان بۈيۈك شەخس ئىسمائىل غاسپرالى (1851 ــ 1914، ئىسمائىل بەي گاسپرالى، ئىسمائىل گاسپرىنسكىي دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئىدى. بۇ دۇنياۋى شەخسكە كېيىنكى ئەۋلادلار بۈيۈك مۇتەپەككۇر، مەھسۇلاتلىق ئەدىب، ئوت يۈرەك ئىسلاھاتچى، دانا پېداگوگ، تەدبىرلىك نەشرىياتچى دەپ باھا بەردى.

ئىسمائىل غاسپرالى 1851 ـ يىلى قىرىمدا ئاقسۆڭەك ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇ، قىرىم تاتارلىرىنىڭ قىرىم ئۇرۇشىدىن كېيىنكى پاجىئەسىنى كۆرۈپ چوڭ بولغان. كىچىكىدە ئەنئەنىۋى تەربىيە ئالغان. كېيىن رۇس مەكتىپىدە ئوقۇغان. موسكۋا قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلار مەكتىپىدە ھەربىي ئىلىم ئۆگەنگەن. موسكۋادا داڭلىق يازغۇچى تۇرگېنېف بىلەن دوستلاشقان. مەشھۇر پان سلاۋىيانچى زىيالىي كاتانوف بىلەن ئۇچراشقان. روسىيە ئىدىيە ساھەسىدىكى ئەڭ يېڭى تەشەببۇس ۋە قاراشلار بىلەن يېقىندىن تونۇشقان. مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن قىرىمدىكى بىر مەدرىستە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. كېيىن فرانسىيەدە تۆت يىل، تۈركىيەدە ئىككى يىل تۇرۇپ فرانسىيەدىكى لىبېرالىزمچىلار ۋە تۈركىيەدىكى ياش تۈركچىلەر ھەرىكىتى بىلەن تونۇشقان. روسىيىگە قايتقاندىن كېيىن ئىككى يىل ئۆتۈپ، 1877 ـ يىلدىن 1882 ـ يىلغىچە يۇرتى باغچىسارايىنىڭ شەھەر باشلىقى بولغان. مۇشۇ يىللاردا كېڭەيمىچى چارروسىيە ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىنى پىلە قۇرتى يوپۇرماق يېگەندەك يەپ «1865 ـ يىلى تاشكەنتنى، 1868 ـ يىلى بۇخارانى، 1873 ـ يىلى خىۋەنى، 1881 ـ يىلى غازى تۆپەنى، 1884 ـ يىلى مەرۋەنى ئىلكىگە ئالغان.»[10] چارروسىيىنىڭ بىپايان ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تەقدىرىنى ئالقىنىغا ئېلىۋالغانلىقى دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان. دۇنيا قارىشى پىشىپ يېتىلىۋاتقان، يۈكسەك غايىگە ئىگە ئىسمائىل غاسپرالىنىڭ ۋۇجۇدىنىمۇ لەرزىگە سالماي قالمىغان.

ئۇ، بۇ تاجاۋۇزچىلىقنىڭ كەلگۈسىدە قانداق ئاقىۋەتلەرگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈپ يەتكەن.

زامانداشلىرىغا نىسبەتەن ئىدىيە جەھەتتە ئالاھىدە يۈكسەكلىككە يەتكەن ئىسمائىل غاسپرالى 1881- يىلى 30 يېشىدا مەشھۇر ئەسىرى «روسىيە مۇسۇلمانلىرى»نى نەشر قىلدۇرغان. رۇس تىل- يېزىقىدا نەشر قىلىنغان بۇ كىتاب ئەينى ۋاقىتتا زور تەسىر پەيدا قىلغان. چارروسىيە ھۆكۈمرانلىرى ئەزەلدىن روسىيە تەۋەسىدىكى رۇس بولمىغان خەلقلەرنىڭ، بولۇپمۇ خىرىستىئان بولمىغان خەلقلەرنىڭ ئۆز ئانا تىلىدا گېزىت- ژۇرنال چىقىرىشىنى قاتتىق چەكلەش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ كەلگەنىدى. پولاتتەك مۇستەھكەم ئىرادىگە ئىگە ئىسمائىل غاسپرالى زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ مانا مۇشۇنداق رەزىل سىياسەتتىن ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىمكانىيەت ھازىرلىغان. «ئۆز خەلقى، قېرىنداش خەلقلەر ئۈچۈن بىرەر مۇھىم چارە كۆرۈلمىسە، ئۇلارنىڭ پۈتۈنلەي قۇللۇققا چۈشۈپ قالىدىغانلىقى ياكى باشقا خەلقلەر ئارىسىغا سىڭىپ، ئىزسىز يوق بوپكېتىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن ئىسمائىل غاسپرالى مۇنداق چارىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىمى سۈپىتىدە، ئەڭ ئالدى بىلەن مىللىي مەتبەئە يارىتىش ۋە ئوقۇ- ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىشنى تاللىۋالغان.»[11] ئىسمائىل غاسپرالى ئۆزىنىڭ ئىسلاھاتىنى ھەقىقىي تۈردە باشلاش ۋە گېزىت چىقىرىشتىن ئىلگىرى قازانغا ئالاھىدە بېرىپ، ئۇ يەردە تاتارلارنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى ئەڭ ئابرويلۇق ئۆلىماسى ۋە تارىخچىسى شىھابىددىن مارجانىي (1818—1889) قاتارلىق ئىلغار زىيالىيلىرى، ئوچۇق پىكىرلىك بايلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆزىگە مەسلەكداش تاپقان. 1883 - يىلىنىڭ بېشىدا ئايدا ئىككى سان چىقىدىغان «تەرجىمان» (تەرجۇمەن) ناملىق گېزىتنى نەشر قىلغان. «تىلدا، پىكىردە، ئىشتا بىرلىك» دېگەن پروگرامما خاراكتېرلىك شوئارنى يېتەكچى ئىدىيە قىلغان ئىسمائىل غاسپرالى گېزىتنىڭ تارقىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، كەڭ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئاڭ - پىكرىگە تەسىر كۆرسىتىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن بۇ گېزىتنى «بوسفور كېمىچىلىرىدىن قەشقەر كارۋانچىلىرىغىچە» چۈشىنىشلىك بولغان بىر ئورتاق تۈركىي تىلدا نەشر قىلغان. بۇ ئورتاق تىل ئىسمائىل غاسپرالىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق يارىتىلغان ئورتاق ئەدەبىي تىل بولۇپ، ئۇ، بۇ تىلنى قىرىم تاتار شېۋىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا، باشقا تۈركىي شېۋىلەردىن سۆز- ئىبارە ئېلىپ ياراتقان. تىل تەتقىقاتچىلىرى بۇ يېڭى ھادىسىنى كېيىن «غاسپرالى تىلى» دەپ ئاتاشقان.

«يېزىقچىلىق ۋە نەشرىياتچىلىق پائالىيەتلىرى بىلەن قانائەتلەنمىگەن ئىسمائىل غاسپرالى دۇنيا باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئاتىسى، شۋېتسارىيىلىك داڭلىق پېداگوگ ھېنرىخ پېستالوززىي (1746 — 1827) نىڭ پېداگوگىكىلىق تەلىماتى بويىچە كونىچە مەكتەپلەردە يېڭى— ‹ئۇسۇلى جەدىت› ئوقۇتۇش مېتودىنى ئومۇملاشتۇرۇش مەقسىتىدە مائارىپ ئىسلاھاتىنى باشلىغان. 1884 - يىلى يۇرتى باغچا ساراي شەھىرىدە ئۇنىڭ يېڭى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا ئۇيغۇن تۇنجى ئېلىپبە كىتابى تارقىتىلغان.»[12]

كونا مەكتەپ ئومۇمەن مەسچىت ھويلىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى. بۇنداق مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش باشلاش ۋاقتى ۋە ئوقۇش يىلى بەلگىلەنمىگەن بولاتتى. ئادەتتە بەش يىلدىن يەتتە يىلغىچە ئوقۇيتتى. يېشى، قابىلىيىتى ئوخشاش بولمىغان بالىلارنى بىر سىنىپقا يىغىپ ئەرەبچە، پارسچە قەدىمكى كىتابلارنى يادلاشقا ئورۇنلاشتۇراتتى. دەرس مەزمۇنى تۆت كىتابتىن تەشكىل تاپقان چاھارنامە (جامەئىي ھەق، كۇللىيات، مۇھىممات ئەل مۇسلىمىن ۋە پەندنامەئىي ئەتتار)، ھەپتىيەك، ئەخلاقنامە قاتاردىكى كىتابلار بىلەن بەزى شائىرلارنىڭ دىۋانلىرىدىن تەشكىل تاپاتتى. مەدرىسە ئوقۇتۇشى جەريانىدا (يەتتە يىل ئەتراپىدا) دىنىي قائىدىلەر ئۆگىتىلەتتى. مەزمۇنىنى چۈشىنىش، ھەرپلەرنى يېزىشقا ئەھمىيەت بەرمەيتتى. شۇڭا ئون يىللاپ ئوقۇپ، ئوقۇش پۈتكۈزگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى دېگۈدەك ئوقۇشنى بىلىپ، يېزىشنى بىلمەي چىقىپ كېتەتتى.

مەدرىسە مائارىپىنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدىكى قاتماللىق، ئۇنىڭ ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەن بولۇشىنى بەلگىلىگەن. ئوقۇتۇلىدىغان مەزمۇنلارنىڭ بەكلا يۈزە بولۇشى، يەنى كىشىلەرگە نوقۇل ئەخلاق ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى جەھەتتىن بەلگىلىك چۈشەنچە بېرىشى، ئەمما نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا، جەمئىيەت ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا ماجالى يەتمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن. شۇڭا ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئۆزگىچە، ئۈنۈمى تېز، دىنىي دەرسلەر بىلەن دۇنياۋى پەنلەرنى ئاساس قىلغان يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى بېسىشقا تېگىشلىك تارىخىي قەدەم بوپقالغان.

ئىسمائىل غاسپرالى ئۆزىنىڭ مەرىپەتچىلىك ئىدىيىسىنى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ھەققىدىكى نەزەرىيىۋى تەشەببۇسلىرىنى ماقالە - ئەسەرلەرنى يېزىپ تەشۋىق قىلىش بىلەن بىرگە، ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۈلگە تىكلەش يولىنى تۇتقان. ئۇ، مەكتەپ - مەدرىسەلەردىكى ئوقۇتۇش پائالىيىتىدە ئۆز قاراشلىرىنى سىناقتىن ئۆتكۈزگەن. «ئۇ، بالىلارنى يېزىشقا ئۆگىتىشتە بۇرۇندىن كېلىۋاتقان كونا ئۇسۇلدىن، يەنى ھەرپلەرنى سۆز تومۇرى ۋە مورفېما- قوشۇمچىلارنى بىلدۈرىدىغان ‹قېلىپ› تىن—ھەرپلەر كومبىناتسىنى يادلىتىش ئۇسۇلىدىن ۋاز كېچىپ، يېزىشتا ھەرپ—تاۋۇش سىستېمىسى ئارقىلىق ئۆگىتىشنى يولغا قويغان. ئۇ، بۇ يېڭى مېتودىغا ‹ئۇسۇلى سەۋتىيە›، يەنى ‹تاۋۇش ئۇسۇلى› دەپ ئات قويغان. شۇنىڭدىن چىقىپ، ‹ئۇسۇلى سەۋتىيە› مېتودىنىڭ يېڭىلىقى ھېسابقا ئېلىنىپ ‹ئۇسۇلى جەدىت› (يېڭى ئۇسۇل) دەپ ئاتىلىش بارلىققا كەلگەن. ئۇ ئەنئەنىۋى كونا مېتودقا — قەدىمچىلىككە قارشى قويۇلغان ۋە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ‹ئۇسۇلى قەدىمىيە› (قەدىمچە ئۇسۇل) دېگەن چۈشەنچىمۇ پەيدا بولۇپ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە بىلىم مەزمۇنى جەھەتتىكى يېڭىلىققا قارشى چىقۇچىلار ھەرىكىتىنى بىلدۈرىدىغان بولغان. بۇ

ئاتالغۇلار بارغانسېرى ئاددىيلىشىپ، جەدىتچە ئوقۇتۇش ۋە قەدىمىيچە ئوقۇتۇشقا ئۆزگەرتىلىپ، ئاخىرىدا ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «جەدىتچىلىك» ۋە «قەدىمىيچىلىك» دېگەن خاس ئاتالغۇلار تۇراقلاشقان.»[13] جەدىتچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلۈپ، بالىلار ئۈچ ـ تۆت ئاي ئىچىدىلا يېزىشنى ئۆگىنەلىگەن بولسىمۇ، مۇتەئەسسىپ روھانىيلار ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن نادان كىشىلەر قەتئىي قارشى تۇرۇش مەيدانىنى ئۆزگەرتمىگەن. ئۇلار «بىدئەت» دەپ پەتىۋا چىقىرىپ جەدىتچىلىكنى قاتتىق چەكلىگەن. ئەمما تاتار خەلقى ئىچىدە مۇتەئەسسىپلەرگە قارىغاندا بۇرژۇئاچە قاراشقا ئىگە ئىلغار كۈچلەرنىڭ سانى كۆپ بولغاچقا، ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ بۇ ئىسلاھاتى قىرىمدا تېز ئومۇملىشىش بىلەن بىللە قازان تاتارلىرى ئارىسىدىمۇ تېز ئومۇملاشقان. چۈنكى ئۇلار كونا مەكتەپلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئېھتىياجلىرىنى ھەرگىز قاندۇرالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن. ئۇلار ئىسمائىل غاسپىرالى تىكلىگەن ئۈلگە بويىچە يېڭىچە مەكتەپلەرنى ئاچقان. بۇ يېڭىچە مەكتەپتە ئانا تىلدا ئوقۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىلىپ، دىن دەرسىگە قوشۇپ ئالگېبرا، تارىخ، جۇغراپىيە قاتارلىق دۇنياۋى پەنلەرنى كىرگۈزگەن. ئىلگىرىكى كونىچە مەكتەپلەر بىلەن ئوخشىمايدىغىنى، ئوقۇغۇچىلارنى ئىقتىدارى بويىچە سىنىپلارغا ئايرىپ دەرس ئۆتۈش يولغا قويۇلۇپ، يىللىق ۋە ھەپتىلىك دەرس جەدۋىلى تۈزۈلۈپ، ئوقۇتۇلغان.

ئىسمائىل غاسپىرالى 1892 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كونىچە مەكتەپ ۋە مەدرىسەلەرنى ئىسلاھ قىلىش ۋە «ئۇسۇلى سەۋتىيە» (ئۇسۇلى جەدىت) چە ئوقۇتۇشنى يولغا قويۇش ھەققىدە گېنېرال گۇبېرناتور روزنباخقا مۇراجىئەت قىلغان. نەتىجە چىقمىغاندىن كېيىن پاسسىپ ھالدا كۈتۈپ تۇرۇۋەرمەي كۆڭلىگە پۈككەن پىلانلارنى پۈكۈپ 1893 ـ يىلى تاشكەنتكە كەلگەن. سەمەرقەند ۋە بۇخارالارغا بارغان[14]. سەمەرقەندتە جەدىتچە مائارىپنىڭ داڭقىنى كۆپ ئاڭلىغان تاتار مىليونېر غەنى باي بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان. سەمەرقەندتىكى مېھماندارچىلىقلاردا تەبىئىي ھالدا جەدىتچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ ئەۋزەللىكى ھەققىدە سۆھبەتلەر بولغان. سۆھبەت نەتىجىسىدە ئىسمائىل غاسپىرالى «ئۇسۇلى سەۋتىيە» نى سىناق قىلىپ باقماقچى بولغان. غەنى باي خىراجەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان، ئىسمائىل غاسپىرالى بولسا ئېلىپبە ۋە ئوقۇتقۇچى مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىغان بولغان. شۇنداق قىلىپ باكۇلۇق ئوقۇتقۇچى سۇلتان مەجىد غەنىزادىنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلغان. تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن سەمەرقەند شەھىرىدىن 30 غا يېقىن بالىنى يىغىپ، بىر سىنىپ قىلىپ ئوقۇش باشلىغان. ئېلىپبە ئۆتۈلۈپ 40 كۈنگىچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىنىڭ ساۋاتى چىققان. سىناق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان. كىشىلەر ئاپىرىن ئوقۇشقان.[15] لېكىن مۇتەئەسسىپ روھانىيلارنىڭ «ئۇسۇلى جەدىت ھارام، ئۇنى ئوقۇتقۇچى دەھرىي» دېگەن پەتىۋاسىنىڭ كاساپىتىدىن جەدىتچە ئوقۇتۇشنى يولغا قويۇش خېلىلا كېچىككەن. ئەمما، ئۇنىڭ ھەپتىدە بىر سان چىقىشقا ئۆزگەرتىلگەن «تەرجىمان» گېزىتى ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدە كەڭ تارقالغان. ئىلغارلىققا مايىل، ئەمەلىيەتچى ياشلار «تەرجىمان» گېزىتىدىكى ئاكتۇئال سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي، مىللىي ۋە دىنىي خەۋەر ـ مۇلاھىزىلەرنى ئوقۇپ، بارا ـ بارا جەدىتزىملىق ئاڭغا ئىگە بولغان. 1897 ـ يىلى ئىسمائىل غاسپىرالى ئوتتۇرا ئاسىياغا يەنە بىر قېتىم سەپەر قىلىپ مەھمۇد خوجا بەھبۇدىي بىلەن كۆرۈشكەن. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئۇستاز ـ شاگىرتلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان. دەل مۇشۇ مەھمۇد خوجا بەھبۇدىي ئون يىللار ئۆتكەندىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جەدىتچىلەرنىڭ داھىيسى سۈپىتىدە رول ئوينىغان. بەرچىناي جۇدايىۋانىڭ «ئىسمائىل غاسپىرالى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جەدىتچىلىك ھەرىكىتى» ناملىق ماقالىسىدىكى مەلۇماتتىن قارىغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇنجى جەدىتچە مەكتەپ 1898 ـ يىلى قوقاندا موللا سالاھىددىن تەرىپىدىن قۇرۇلغان. شۇ يىلى توقماق شەھىرىدە ئوخشاش بىر مەكتەپ ئېچىلغان. 1899 ـ يىلى تاشكەنتتە مۇنەۋۋەر قارىي، ئەنجاندا شەمسىددىن داموللا جەدىتچە مەكتەپلەرنى ئاچقان. 1900 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ئوتتۇرا ئاسىيادا جەدىتچە مەكتەپلەرنىڭ سانى كۆپىيىشكە باشلىغان. مەھمۇد خوجا بەھبۇدىي 1903 ـ يىلى سەمەرقەندتە مەكتەپ ئاچقان. جەدىتچە مەكتەپلەرنىڭ مۇئەللىمى «خوجا» دەپ ئاتالغان. تۈركىيە تەۋەلىكىدىكى داڭلىق ئۆزبېك ئالىم ئەھەد ئەنجانىي «چەت ئەللەردە جەدىتچىلىكتىن ئىستىقلالىيەتكىچە» دېگەن ئەسىرىدە «مۇنەۋۋەر قارىي 1901 ـ يىلدا تۇنجى قېتىم «ئۇسۇلى جەدىت» مەكتىپى ئاچقىنىدىن كېيىن، بۇنىڭغا ئوخشاش مەكتەپلەرنىڭ سانى تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشكە باشلىغان» دەپ يازغان.

ئوتتۇرا ئاسىيا جەدىتچىلىرىمۇ جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش، مىللىي ئويغىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاۋۋال ئاۋامنىڭ ئاڭ ـ سەۋىيىسىنى ئىسلاھ قىلىش لازىملىقىنى تونۇپ يەتكەن. شۇڭا بەس ـ بەستە يېڭىچە مەكتەپلەرنى ئاچقان، گېزىت چىقارغان، قىرائەتخانا قۇرغان، دەرسلىكلەرنى نەشر قىلىشقا كىرىشكەن. غەربنىڭ پەن ـ تېخنىكىسىنى ئۆگىنىش زۆرۈرىيىتىنى نەزەرگە ئېلىپ ياۋروپا مەدەنىيىتىگە قىزىقىشقا باشلىغان. شۇ ئارقىلىق مىللىي كىملىك تەپەككۇرىنى يۇكسەلدۈرۈشكە زېمىن ھازىرلىغان. ئىسمائىل غاسپىرالى باشلىغان جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىدە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە ئالاھىدە تەسىرگە ئىگە تۇنجى ئەۋلاد جەدىتچىلەر بارلىققا كەلگەن. بۇلاردىن مەشھۇرلىرى مۇنەۋۋەر ئابدۇرەشىد (مۇنەۋۋەر قارىي)، سەدرىددىن ئەينىي، مەھمۇد خوجا بەھبۇدىي، ئابدۇللا ئەۋلانىي، زەكىي ۋەلىدى توغان، تاشپولات ناربوتابەك، ئابدۇررەئوف فىترەت، ئابدۇلھەمىد سۇلايمان چولپان قاتارلىق مىللىي زىيالىيلاردۇر. بۇلار كېيىنكى كۈنلەردە ئوتتۇرا ئاسىيانى قاپلىغان مىللىي ھەرىكەتلەردە باشلامچىلىق رول ئويناپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاجايىپ مىللىي قىممىتىنى

نامايان قىلغان.

ئۇنداقتا، ئوتتۇرا ئاسىيادا جەدىتچىلىك ھەرىكەتلىرى تازا جانلانغان، چوڭ يۈزلىنىش ھاسىل قىلغان شارائىتتا، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى ئۇيغۇر يۇرتلىرىدا جەدىتچىلىككە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ نەزەر سالغان ھوشيار كىشىلەر بارلىققا كەلگەنمۇ ـ يوق؟ ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار جەدىتچە مەكتەپنى زادى قاچان بارلىققا كەلتۈرگەن؟

مىرقاسىم گوسمانوفنىڭ «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مائارىپى ۋە ئىسمائىل غاسپىرالى» ناملىق ماقالىسىدىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، قازانلىق ۋەلىشاھ غالىئەكبەرېڧ دېگەن بىرەيلەن «تەرجىمان» گېزىتىنىڭ 1899 ـ يىل 10 ـ دېكابىردىكى سانىغا بىر خەۋەر يازغان. خەۋەرنىڭ مەزمۇنىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ھۈسەيىن مۇسابايېف 1898 ـ يىلىدا «ئۇسۇلى سەۋتىيە» مېتودىنى ئۆگىنىپ كېلىش ئۈچۈن روسىيىنىڭ ئورېنبۇرگ شەھىرىدىكى جەدىتچە تاتار مەدرىسەسىگە ئابدۇلكەرىم ئەپەندى دېگەن ئۇيغۇر كىشىنى ئەۋەتكەن. مانا شۇ كىشى ئورېنبۇرگدا بىر يىلدىن ئارتۇق تۇرۇپ «ئۇسۇلى سەۋتىيە» بويىچە تەجرىبە ھاسىل قىلىپ، شۇ كۈنلەردە غۇلجا ئارقىلىق قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن. بۇ خەۋەرنى يازغان ۋەلىشاھ «تەرجىمان» گېزىتىنىڭ 1900ـ يىل 16ـ يانۋار سانىدا يەنە ماقالە يېزىپ ھۈسەيىن مۇسابايېفنىڭ بۇ ئىشقا يۇقىرى باھا بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن كۆپ ئۆتمەي ھۈسەيىن مۇسابايېف يەنە بىر كىشىنى ــ ھاجى سوفى ئوغلى مەخسۇم ئەپەندى دېگەن ئۇيغۇرنى جەدىتچە ئۇسۇلنى تېخىمۇ ئوبدانراق ئۆگىنىپ كېلىش ئۈچۈن باغچا ساراي شەھىرىگە ئەۋەتكەن. ئەنە شۇ مەخسۇم ئەپەندى قەشقەر ۋە غۇلجا شەھەرلىرىدە جەدىتچە توققۇز مەكتەپنىڭ دائىمىي رەۋىشتە ئىشلەپ تۇرغانلىقىنى مەلۇم قىلغان. «تەرجىمان» گېزىتىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ھۈسەيىن مۇسابايېفنىڭ بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلىرىنى ئالاھىدە خەۋەر قىلىپ تۇرغان. («تەرجىمان» گېزىتى 1902ـ يىل 3ـ ئاۋغۇست). شۇنىڭدەك ئىمتىھانلارنىڭ جامائەتچىلىك ئالدىدا ئوچۇق ۋە تەنتەنىلىك يوسۇندا ئېلىنغانلىقى خەۋەر قىلىنغان. («تەرجىمان» گېزىتى 1901ـ يىل 29ـ ئاپرېل).

بۇ قىممەتلىك ھەم ئىشەنچلىك ئۇچۇردىن. بىز ئابدۇلكەرىم ئەپەندى دەپ ئاتالغان كېرەم ئەپەندى (ئۇستۇنئاتۇش خەلقى يەنە كېرەم خەلپىتىم، كېرىماخۇن چوڭ غوجىكام دېگەندەكمۇ ئاتايتتى) نىڭ ئۆگىنىشكە ۋە بېرىش ـ كېلىشكە سەرپ قىلغان ۋاقتىنى چىقىرىۋېتىپ ھەم پەسىل ئامىلىنى نەزەردە تۇتۇپ ھېسابلىغاندا 1899 ـ يىلى كۈز ئايلىرىدا ئىكساقتا «ئۇسۇلى سەۋتىيە»، يەنى جەدىتچە ئۇسۇل بويىچە باللارنى ئوقۇتۇشقا باشلىغانلىقىنى ئېنىق بىلەلەيمىز. مانا بۇنى بىز ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى باشلانغان تۇنجى يىل دەپ قارايمىز. كېرەم ئەپەندىنى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى «بىرىنچى مۇئەللىم» (خوجائىي ئەۋۋەل) بولۇش شەرىپى بىلەن قۇتلۇقلايمىز. قەيسەر، پاراسەتلىك زات ھۈسەيىن مۇسابايېف (ھۈسەن باي) نى مىللىي ھاياتىمىزدىكى بۇ ئۇلۇغ باشلىنىشقا يول ئاچقان تارىخىي شەخس سۈپىتىدە سۆيۈنۈپ تۇرۇپ تىلغا ئالىمىز. ئۇنىڭ ئىسمائىل غاسپىرالى باشلىغان جەدىتچىلىك ھەرىكىتىگە ئوتتۇرا ئاسىيا جەدىتچىلىرى بەس ـ بەستە مەكتەپ ئېچىپ ئاۋاز قوشۇۋاتقان يىللاردىلا تەڭ قەدەم بىلەن قاتناشقانلىقىدىن چەكسىز پەخىرلىنىش ھېس قىلىمىز.

ئاكاـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ زامانىۋى زاۋۇت قۇرۇپ، جەدىتچە مەكتەپ ئېچىپ، چەت ئەللەرگە تۇركۈملەپ ئوقۇغۇچى چىقىرىپ ئۇيغۇر خەلقىنى زامانىۋى مەدەنىيەت ۋە يېڭى مائارىپ بىلەن ئۇچراشتۇرغان شانلىق ئىش ـ ئىزلىرىنى، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يېڭى يۈزلىنىش ھاسىل قىلغان تارىخىي تۆھپىسىنى مەڭگۈ ياد ئېتىمىز.

بىز ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ باشلانغان ۋاقتىنى توغرا خاتىرىلىمىسەك، بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولغان مۇھىم سەۋەبنى ئېنىق شەرھلىمىسەك، تارىخ تەتقىقاتىدا ئېنىق پاكىتنى ۋە لوگىكىغا ئۇيغۇن ئىلمىي يەكۈننىلا ھۆرمەت قىلىدىغان ئىلمىي روھقا ئىگە تەتقىقاتچىلارنىڭ شۈبھىلىك قاراشلىرى ۋە ئاچچىق تەنقىدلىرىگە دۈچ كېلىشتىن ساقلىنالمايمىز. بىزنىڭ ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ قاچان ۋە قانداق باشلانغانلىقىغا ئائىت يازمىلىرىمىزدا تارىخىي پاكىتلار ئوبيېكتىپ تەھلىل قىلىنىپ، ئۇنىڭدىن ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىلمىي يەكۈن چىقىرىلمىغاچقا باشقىلارنىڭ ئېتىبار بىلەن قارىشىغا ئېرىشەلمەي كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئەھۋالنى مۇشۇ ساھەدىكى ماتېرىياللارنى ئەستايىدىل پۇزىتسىيىدە ئوقۇپ، ئۆگىنىۋاتقان تەتقىقاتچىلار خىجىللىق ئىچىدە كۆرۈپ تۇرماقتا. مىسال ئۈچۈن ئالساق، ياپونىيىلىك ئويىشى شىنىچىرو «ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى يېقىنقى زامان جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئۆزگۈشسىزلىقلىرى» ناملىق ماقالىسىدا: «جۇڭگودىكى تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، ئاكاـ ئۇكا مۇسابايېفلار 1885 ـ يىلى ئۇستۇنئاتۇشتا ئەڭ دەسلەپتە يېڭىچە مەكتەپنى ئاچقان دەپ ئېيتىلغان. بىراق بۇ ئىسمائىل غاسپىرالى ئۇلگە مەكتەپنى ئاچقاننىڭ ياندۇرقى يىلى بولۇپ، بۇنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ماتېرىياللاردا ئېنىق قەيت قىلىنمىغاچقا، ئىشەنچىي ئامال يوق» دەپ يازغان. شۈبھىسىزكى، ئويىشى شىنىچىرو ۋەلىشاھنىڭ «تەرجىمان» گېزىتىدىكى خەۋەرنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن. بىز تاتارىستانلىق مىرقاسىم گوسمانوف ئەپەندىنىڭ ئابدۇللا تالىپنىڭ «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېركلار» ناملىق كىتابىدىكى سەۋەنلىك توغرۇلۇق يازغان «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مائارىپى ۋە ئىسمائىل غاسپىرالى» دېگەن ماقالىسىدىكى ئاچچىق تەنقىدىنى كۆرۈپ باقايلى: «ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار ھەقىقەتەن ئۇيغۇر خەلقىگە كۆپ پايدىلىق ئىش قىلغان پىداكار، جانكۆيەر زاتلار ئىكەنلىكىدە شەك يوق»، «ئابدۇللا تالىپ كىتابىنىڭ يېڭىلىق، يەنى جەدىتچىلىك دەۋرىگە بېغىشلانغان خېلى چوڭ بۆلىكىدە گۇمانلىق، ھەتتا خاتا پاكىتلارمۇ ئورۇن ئالغان. مەسىلەن، تارىختىكى ‹ئۇسۇلى

سەۋتىيە» ھەم «ئۇسۇلى جەدىت» چە ـ يېڭى ئوقۇتۇش دېگەن چۈشەنچىلەرنىڭ ئىسمائىل غاسپرالى تەرىپىدىن تەقدىم ئېتىلگەنلىكى ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقى خەلقئالەمگە مەلۇم پاكىت. شۇنىڭ بىلەن مائارىپ مەسىلىسىدىكى بۇ يېڭىلىقنىڭ ئالدى بىلەن قرىمدا بارلىققا كەلگەنلىكى، كېيىن ئىدىل بويلىرىدا، كافكازدا تارالغانلىقى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىگە تارالغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭغا يېرىپ يەتكەنلىكى كۆپچىلىككە مەلۇم. لېكىن ئابدۇللا تالىپ بولسا مائارىپتىكى جەدىتچىلىك تەلىماتىنىڭ ۋە جەدىتچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ باشلىنىشىنى، ئۇيغۇرلاردا جەدىتچە مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلغانلىقىنى بايان قىلغاندا، ئىسمائىل غاسپرالىنىڭ ئىسمىنى بىرەر قېتىممۇ تىلغا ئېلىپ قويمايدۇ، گويا ئۇنداق كىشى تارىختا ھېچقاچان بولمىغاندەك!»

مىرقاسىم گوسمانوف بۇ ماقالىسىنى ئاۋۋال، يەنى 2001 ـ يىل 27 ـ ئۆكتەبىردە ئەنقەرەدە ئىسمائىل غاسپرالى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 150 يىللىقىغا بېغىشلانغان خەلقئارالىق يىغىندا ئوقۇغان. كېيىن، يەنى 2006 ـ يىلى «ئىسمائىل غاسپرالى» دېگەن تارىخىي ـ دوكۇمېنتال توپلامغا كىرگۈزۈپ، تاتارىستاننىڭ مەركىزى قازان شەھرىدە نەشر قىلدۇرغان.

دېمەك چەت ئەللەردىكى تەتقىقاتچىلار مۇشۇنداق ماقالىلارنى يېزىپ، بىزنىڭ پاكىتسىز ھەم لوگىكىسىز بايانلىرىمىزنى ئەيىبلىسە، بىز بىغەرەزلىك قىلىپ خاتالىقىمىزنى تەكرارلاۋەرسەك، نورمال ئىنسان ھېسابلانمايمىز!

ئۇنداقتا، ئانا دىيارىمىزدا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ قاچان ۋە قانداق باشلانغانلىقى ھەققىدىكى تۇنجى خاتالىق كىمنىڭ ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان؟ تەتقىقات ساھەسىدە كىملەر بۇ خاتالىقنى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ باقماستىن تەكرارلاۋەرگەن؟ مېنىڭ بۇ ماقالەم ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ قاچان، قانداق باشلانغانلىقى مەسىلىسىدىكى تەتقىقات بولغاچقا، يۇقىرىدىكى مەسىلىنىمۇ كۆرسىتىپ قويمىسام، مەسئۇلىيەتسىزلىككە يول قويغان بوپقالىمەن. شۇڭا، ئىخچام شەكىلدە، تېپىكلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆرىمەن.

تەكشۈرۈشۈمچە، سەۋەنلىك تۇنجى قېتىم قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تارىخ ئوقۇتقۇچىسى ئىبراھىم نىياز ئەپەندىنىڭ «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1983 ـ يىل 2 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان «ئىكساق كەنتىدە يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپى» دېگەن ماقالىسىدا كۆرۈلۈشكە باشلىغان. بۇ ماقالە 1984 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»(13 ـ سان)دىمۇ ئېلان قىلىنغان. ئىككى ماقالىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىدە پەرق بولسىمۇ، نېگىزلىك خاتالىق ئوخشاش ئىدى. ماقالىدە مۇنداق دېيىلگەن: «سودا ـ تىجارەتنىڭ يەنىمۇ گۈللىنىشى بىلەن ئىلىم ـ مائارىپقا بولغان تەلەپ ۋە ئېھتىياج ئېشىپ باردى. نەتىجىدە ئىكساقلىق تەرەققىپەرۋەر سودىگەر، مىللىي بۇرژۇئاز باھاۋۇدۇن مۇسابايېف قەشقەر خانلىق مەدرىسەسىدە بۇ خىل پەننىي ئوقۇتۇشنى يولغا قويدى. بۇ خىل مەكتەپ بىرقانچە يىل داۋاملاشقان بولسىمۇ، ھۆكۈمران دائىرىلەر بىلەن يەرلىك مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قارشىلىقى ۋە بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن باھاۋۇدۇن مۇسابايېف بۇ مەكتەپنى ئۆز يۇرتى ئىكساق كەنتىگە 1872 ـ يىللىرى يۆتكەپ كېتىپ، شۇ جايدا باشقۇردى. 1883 ـ يىلغا كەلگەندە ھۇسەيىن مۇسابايېف يۇرت خەلقى بىلەن كېڭىشىپ، شۇ ۋاقىتتىكى ئىلغار كۈچلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، يېقىنقى زامان پەننىي مەكتىپىنى قۇرۇپ چىقتى. بۇ مەكتەپ ئىلگىرىدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان پەن بىلەن دىن بىرگە ئوقۇلىدىغان مەكتەپتىن تۈپتىن پەرقلىنىپ، ياۋروپا، ئوتتۇرا شەرقچە يېڭى مەكتەپ بوپقالدى. بۇ، پۈتكۈل شىنجاڭدىن ئېلىپ ئېيتقاندا شۇ چاغدىكى تۇنجى مەكتەپ بولۇپ، ئۆلكىمىز شىنجاڭغا ئىلىم ـ پەن باھارىنىڭ يېتىپ كېلىشكە باشلىغانلىقىدىن دېرەك بەرگەنىدى. 1907 ـ يىلى باھاۋۇدۇن مۇسابايېفنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن ئەھمەد كامال قاتارلىقلار ئىكساقتا 40 ئوقۇغۇچىلىق دارىلمۇئەللىمىن سىنىپى ئاچتى. بۇ سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىككى ئاتۇش، قەشقەر قاتارلىق ۋىلايەت، ناھىيىلەردىن قوبۇل قىلىنىپ دەرس باشلاندى. مەكتەپنىڭ مۇددىتى ئۈچ يىل قىلىپ بېكىتىلدى. ئوقۇش پۈتكۈزگەنلەر ھەرقايسى يۇرتتىكى خەلق باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلىنغانىدى. دېمەك، 1883 ـ يىلى قۇرۇلغان ئىكساق باشلانغۇچ مەكتەپ شىنجاڭ دائىرىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا تۇنجى باشلانغۇچ مەكتەپ بولغىنىدەك، 1907 ـ يىلى قۇرۇلغان دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىمۇ شىنجاڭدا تۇنجى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم ئىدى.»

ئىبراھىم نىياز ئەپەندىنىڭ يازغانلىرىنى پاكىت ۋە ئىلمىيلىك يېقىدىن تامامەن ئىنكار قىلماي ئامالىمىز يوق. ماقالىدىكى يەنە بىر قاتار تەپسىلىي ئۇيدۇرمىنى مىسال كەلتۈرۈش بىھاجەت.

ئىبراھىم نىياز ئەپەندىنىڭ ماقالىسى بىلەن ئوخشاش ۋاقىتتا شەۋكەت ئىبراھىمنىڭ «قەشقەردە پەننىي مەكتەپلەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. بۇ ماقالە دەسلەپ «قەشقەر مائارىپى» ژۇرنىلىنىڭ 1983 ـ يىل 2 ـ ساندا ئېلان قىلىنىپ، ئارقىدىن ئىبراھىم نىياز ئەپەندىنىڭ يۇقىرىقى ماقالىسى بىلەن بىرگە«شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»(13 ـ سان)دا ئېلان قىلىنغان. بۇ ماقالىدا مۇنداق يېزىلغان: «قەشقەر شەھرى ئۆز تارىخىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرىي، ئابدۇرېھىم نىزارىي، غېرىبىي، ھىرقىتىي قاتارلىق مەشھۇر ئالىم، يازغۇچى، شائىر ۋە باشقا مۇتەپەككۇرلارنى يېتىشتۈرگەن قەدىمىي مەرىپەت ئۇچىقى بولسىمۇ، ھەر خىل تارىخىي سەۋەب تۈپەيلىدىن تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بىرەرمۇ پەننىي مەكتەپ بولمىغانىدى. 1913 ـ يىلى تۈركىيىدىن ئەھمەد كامال، ئەمرۇللا بەگ، سامى بەگ، نەسرۇللا بەگ قاتارلىق بەش كىشى قەشقەرگە كېلىپ، شۇ يىلى جانان كوچىسىدىكى يۈسۈپئاخۇنىنىڭ ھويلىسىدا ئوقۇش يېشىدىكى 26 نەپەر باي بالىسىدىن تەركىب تاپقان بىر

سىنىپلىق پەننىي باشلانغۇچ مەكتەپ ئېچىپ، ئوقۇتۇشنى يېرىم يىل داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا مەكتەپ خىراجىتى باللاردىن يىغىپ ئېلىنىدۇ. بۇ بەش نەپەر ئەپەندى جانان كوچىسىدىكى مەكتەپتە ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغاندىن تاشقىرى، كېيىن ئۇستۇنئاتۇشنىڭ ئىكساق يېزىسىدا ئىككى سىنىپلىق مەكتەپ ئېچىپ، نۆۋەت بىلەن مەكتەپلەر ئارا ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، بىر تۈركۈم ياشنى تەربىيىلەيدۇ.»

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئوخشاش ۋاقىتتا، ئوخشاش ئورۇندا، ئوخشاش مەنبەئاتتا ھەم ئاساسى يوق، ھەم بىر ـ بىرىگە زىت كېلىدىغان زىددىيەتلىك بايان ئوتتۇرىغا چىققان. ئىلىم ساھەسىدىكىلەر مەنبەئاتلاشتۇرغان بۇ خاتالىق 1985 ـ يىلى ئاتۇشتا بېسىپ تارقىتىلغان «مەشئەل» مەجمۇئەسىدە يەرلىك قىزغىنلىقنىڭ كۈچى بىلەن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بېيىتىلغان ھەم مۇقىملاشتۇرۇلغان. ئابدۇللا تالىپ ئەپەندىمۇ 1986 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېركلار» ناملىق كىتابىدا «مەشئەل» مەجمۇئەسىدىكى بايانلار ئاساسىدا بىر قاتار خاتالىقنى يېزىپ، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك خاتا قاراش، ئاساسسىز پاكىت، توقۇلما تەپسىلاتلارنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىۋەتكەن. شېرىپ خۇشتار ئەپەندىمۇ 1990 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (28 ـ سان) دا ئېلان قىلغان «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى ۋە تەنتەربىيىسىنى تارقاتقۇچى ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييفلار» ناملىق ماقالىسىدا «ئەينى ۋاقىتتا قەشقەر خانلىق مەدرىسەسىدە پەننىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇلۇشىغا مۇتەئەسسىپ كۈچلەر توسقۇنلۇق قىلىدۇ. بۇ چاغدا باھاۋۇدۇن باي ئاكىسى ھۈسەن باي بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، پەننىي مەكتەپنى ئۆز يۇرتى ئىكساققا يۆتكەيدۇ. بۇ، 1872 ـ يىلى بولۇپ، ئۇيغۇر يېڭى زامان مائارىپ تارىخىدا ئۆز دەۋرىگە لايىق تۇنجى زامانىۋى بىنا قىلىنغان 1885 ـ يىلقى ئىكساق پەننىي مەكتەپنىڭ ئاساسى بولىدۇ»دەپ كونا گەپنى تەكرارلىغان. شېرىپ خۇشتار ئەپەندىم يۇقىرىقى ماقالىسى ئېلان قىلىنىپ ئاردىن ئون يىل ئۆتكەندە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى» (11 ـ سان) دا ئېلان قىلىنغان «ئۈرۈمچى سودىسى توغرىسىدا بايانلار» دېگەن ماقالىسىدا ئىلگىرىكى بايانلارغا يەنە ئاساسى يوق يېڭى مەزمۇنلارنى قوشۇپ: «1870 ـ يىلى باھاۋۇدۇن باي چەت ئەلدىن قايتىپ كېلىپ، ئىلىدىكى بەيتۇللا، قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسەلىرىدە پەننىي دەرس ئوقۇتۇشنى يولغا قويغان. شىنجاڭدىكى بۇ تۇنجى مائارىپ ئىسلاھاتى ياخشى نەتىجە بەرگەنلىكتىن، 1883 ـ يىلى ئۆز يۇرتى ئاتۇش ئىكساقتا سەككىز سىنىپلىق پەننىي مەكتەپ ئاچقان. ئۇلارنىڭ بۇ خىل پەنگە يۈرۈش قىلىشى شىنجاڭ سودا ـ سانائەت تەرەققىياتىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئىدى. شۇڭا ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار ئىلى، تارىم ۋادىسىدا مىللىي سودا ـ سانائەتنىڭ مۇنارلىرىنى تىكلىگەن. شۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ئۇلار چەت ئەلگە ئۈچ نۆۋەت ئوقۇغۇچى چىقىرىپ، چەت ئەلنىڭ زامانىۋى پەن ـ تېخنىكا مەدەنىيىتىنى ئۆگەنگەن. ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييفلارنىڭ بۇ پائالىيىتى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ 1898 ـ يىلدىكى ‹غەربتىن ئۆگىنىش، سانائەت بىلەن ۋەتەننى قۇتقۇزۇش، مائارىپ بىلەن ۋەتەننى قۇتقۇزۇش›دېگەن تەشەببۇسىدىن 20 يىل بالدۇر ئىدى»دەپ يازىدۇ.

دېمەك، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇن بولمىغان يالغانلارغا ئۇ بىرنى، بۇ بىرنى قوشۇپ بېيىتىپ، ئاخىرى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1993 ـ يىل 2 ـ سان) ناملىق ماقالىسىدا تەنقىدلىگەن «خامۇشلارچە لاپ ئۇرۇش» دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن. ھېچكىممۇ باھاۋۇدۇن باي 1870 ـ يىللاردىكى جاھالەت تۈتەكلىرى ئىچىدە قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسەسى، غۇلجىدىكى بەيتۇللا مەدرىسىسىگە غەربنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى دەرس قىلىپ كىرگۈزەلىشى مۇمكىنمۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي شارائىتى قانداق ئىدى؟ شىنجاڭدا مەدرىسەلەرگە كىرىپ ئوقۇغۇچى بولۇپ غەربنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگەتكۈدەك ئىختىساسلىق كىشى بارمىدى؟ دەپ ئويلاپ باقمىغان. ئەقەللىيسى، 1851 ـ يىلى تۇغۇلغان باھاۋۇدۇن باينىڭ 19 يېشىدا، يەنى 1870 ـ يىلدا قەشقەر، غۇلجىدىكى شۇ قەدەر داڭلىق مەدرىسەلەرگە خرىستىئان دۇنياسىدا بارلىققا كەلگەن پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى دەرس قىلىپ كىرگۈزۈشكە قۇربى يېتەمتى؟ شۇنچىلىك نوپۇز 20 ياشقىمۇ كىرمىگەن بالىدا ھازىرلىنىشى مۇمكىنمۇ؟ دېگەنلەرنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان. ئابدۇقادىر داموللامدەك نوپۇزلۇق ئۆلىمانىڭ 1910 ـ يىللاردىن كېيىنمۇ جەدىتچىلىكنى تەشەببۇس قىلغانلىقى ئۈچۈن قەشقەردە مۇتەئەسسىپ قەدىمچىلەرگە تەڭ كېلەلمەي مۇرەسسە قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان. نۆۋەتتە كەلگەندە شۇنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتۈش كېرەككى، ئابدۇقادىر داموللام 1912 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىدە جەدىتچە مەكتەپ ئاچقانلىقى ئۈچۈن بۇ مەكتىپى دەرھال تاقىۋېتىلگەن. بۇنى ئۇقىقان نۇشىرۋان يائۇشېۋ «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1916 ـ يىل 15 ـ ئاپرېل سانىغا يازغان ماقالىسىدا ئابدۇقادىر داموللامنىڭ مەكتەپ ئاچقانلىقى ئۈچۈن ئاڭسىز مولللار تەرىپىدىن ھاقارەتكە ئۇچرىغانلىقىنى، شۇڭا مەكتەپنى تاقاپ، بۇخارا ئۇسۇلىدا كونىچە دەرس ئۆتۈشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى، شۇنىڭدىن كېيىنلا ئىززەت ـ ھۆرمىتىنىڭ جايىغا چۈشكەنلىكىنى بايان قىلغان. ئۇ، ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدا «داموللا ئابدۇقادىر ئەپەندىنىڭ مەكتىپىنى تىرىلدۈرۈپ، يېڭىدىن ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا باشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن شۇنى كۈتىمەن» دەپ يازغان. 1910 ـ يىللاردىكى ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق، 1870 ـ يىللاردا ئۇنداق بولغان، مۇنداق بولغان دەپ يېزىش ئادەمنى ھەقىقەتەن ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. كىشىنى تېخىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، پروفېسسورلۇق سالاھىيىتى بىلەن ئالىي مەكتەپ مۇنبىرىدە دەرس ئۆتۈۋاتقان، بىرقانچە تەتقىقات

كىتابىنىڭ ئاپتورى بولغان غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرمۇ مەنبەسى ئىشەنچلىكمۇ ـ ئەمەسمۇ، تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنمۇ ـ ئەمەسمۇ دەپ تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ باقمايلا، 1983 ـ يىلدىن باشلىنىپ، يىللار ئۆتكەنسېرى «سەمرىپ» بېمەنىلىشىپ كەتكەن يالغان ـ ياۋىداق بايانلارنى 2008 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا يازغان«10 ـ ئەسىردىن كېيىنكى ئۇيغۇر مەدرىسە مائارىپى ھەققىدە قىسقىچە بايان»ناملىق ماقالىسىدا يەنىمۇ بېيىتىپ، ۋايىغا يەتكۈزۈپ مۇنداق ئوتتۇرىغا قويغان: «ئىلى رايونىنىڭ يېڭىچە پەننىي مائارىپىمۇ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا باشلانغان. ئاتۇشلۇق ھۈسەيىن مۇسابايېۋ ۋە باھاۋۇدۇن مۇسابايېۋلار 1870 ـ يىللىرىلا ‹بەيتۇللا جامەسى› دە يېڭىچە پەننىي دەرسلەرنى ئوقۇتۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۇنىڭ ئەمەلىيىتى كۆرۈلگەن. باھاۋۇدۇن مۇسابايېۋ ياركەنتتىكى تاتار پەننىي مەكتىپىنى پۈتكۈزگەن بولۇپ، ئىلىغا كەلگەندىن كېيىن 1870 ـ يىلى نوپۇزلۇق ئۆلىما ناسىر ئەئلەم ئاخۇننىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ‹بەيتۇللا مەسچىتى› يېنىدىكى دىنىي مەكتەپتە ھېساب، ئانا تىل، ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، تەنتەربىيە، رەسىم، شېئىر قاتارلىق دەرسلەرنىڭ قوشۇمچە ئۆتۈلۈشىگە تۈرتكە بولغان. 1889 ـ يىلى ئىلىدا ئامباب پەننىي مەكتەپ قۇرۇپ، ئۇنى ‹ھۈسەينىيە مەكتىپى› دەپ ئاتىغان.»[16]



(1914 ـ يىلى سېلىنغان مەكتەپنىڭ ئەسلەپ سىزىلغان رەسىمى)

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر «باھاۋۇدۇن مۇسابايېۋ ياركەنتتىكى تاتار پەننىي مەكتىپىنى پۈتكۈزگەن بولۇپ»، «ئىلىغا كەلگەندىن كېيىن 1870 ـ يىلى» دېگەن بايانلارنى يېزىشتا، ئەينى ۋاقىتتا ياركەنتتە تاتار پەننىي باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى دەلىللەپ باقمىغان. مەلۇمكى، 1884 ـ يىلى ئىسمائىل غاسپىرالى جەدىتچە مەكتەپ ئېچىشتىن بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدە ئەمەس، قازان ۋە قىرىمدەك تاتار يۇرتلىرىدىمۇ پەننىي باشلانغۇچ مەكتەپ يوق ئىدى. قازاقىستانلىق مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى مۇرات ھەمرايېۋنىڭ يېزىشىچە «1895 ـ يىلى ئانتروپولوگ پايىسېلىي ياركەنت شەھىرىدىكى 300 ئۇيغۇرنى تەكشۈرۈپ چىققان ۋە ئىچىدە بىرمۇ ساۋاتلىق ئادەمنى ئۇچراتمىغان.»[17] مۇشۇنداق بىر ئورۇندا 1870 ـ يىللاردىن ئىلگىرى پەننىي باشلانغۇچ مەكتەپ بولغان دەپ قاراش قانداقمۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولسۇن؟! غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرنىڭ «باھاۋۇدۇن مۇسابايېۋ 1889 ـ يىلى ئىلىدا ئامباب پەننىي مەكتەپ قۇرۇپ، ئۇنى ‹ھۈسەينىيە مەكتىپى› دەپ ئاتىغان»دېگەن بايانىغا كەلسەك، بۇنىمۇ ئوخشاشلا پاكىت ئاساسى يوق ياكى ۋاقىت جەھەتتىن خاتا دېيىلگەن بايان دەپ قارايمىز. ياپونىيىلىك ئويىشى شىنىيچىرو غۇلجىدا جەدىتچە مەكتەپنىڭ قاچان بارلىققا كەلگەنلىكى توغرۇلۇق مۇنداق يازىدۇ. «1909 ـ يىل 23 ـ ئىيۇندىكى ‹ۋاقىت› گېزىتىگە بېسىلغان غۇلجىدىن بېرىلگەن خەۋەردە: ‹مۇسابايى جەمەتى ئوقۇتۇۋاتقان 27 نەپەر يېتىم بالىدىن ئىمتىھان ئالدى. بولتۇرقىدەكلا مۇئەللىم سارا خانىم ئۇلارنى ياخشى تەربىيىلەپ، ھەرخىل ھۈنەر، ھېساب، جۇغراپىيە ئۆگەتتى› دېيىلگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا كىچىككەندىمۇ 1907 ـ 1908 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا غۇلجىدا مۇسابايېۋلار ئىلكىدىكى مەكتەپ مەۋجۇد ئىدى.»[18]كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئويىشى شىنىيچىرو ھۆججەتلىك دەلىل ئارقىلىق ئاندىن يەكۈن چىقارغان. ئەمما، بىزنىڭ تەسەۋۋۇرغا باي تەتقىقاتچىلىرىمىز ھۆججەتلىك دەلىل ـ پاكىتسىزلا دېگۈسى كەلگەننى دەۋەرگەن. ساقلانغىلى بولمايدىغان يېرى شۇكى، ئىلىم ئەھلىلىرى ئارىسىدا ئومۇملاشقان ھەم خەلق تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ بولغان يالغان ـ ياۋىداق بايانلار تەبىئىي ھالدا باشقا مىللەت تەتقىقاتچىلىرىنىمۇ يۇقۇملاندۇرىدۇ. بىز بۇ ھادىسىنى داڭلىق تارىخچى لىۋ زىشاۋ ئەپەندىنىڭ خەنزۇچىسى 1996 ـ يىلى، ئۇيغۇرچىسى 2003 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر تارىخى» كىتابىدىمۇ ئۇچرىتىمىز. لىۋ زىشاۋ ئەپەندى مۇنداق يازغان: «1905 ـ يىلى باۋۇدۇن باي تۈركىيىدىن ئەھمەد كامال باشچىلىقىدىكى يەتتە ئوقۇتقۇچىنى ئاتۇشقا ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ كەلدى. بىر مەزگىللىك تەييارلىقتىن كېيىن، 1907 ـ يىلى ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەيدىغان تۇنجى پېداگوگىكا مەكتىپى ‹ھەبىبزادە دارىلمۇئەللىمىن› قۇرۇلدى. ئەھمەد كامال بۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولدى. 1909 ـ يىلى بۇ مەكتەپنىڭ داغدۇغىلىق ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.»[19]

ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى تارىخىدىكى ئېنىقلىۋېتىش ئىنتايىن زۆرۈر بولغان يەنە بىر مەسىلە «ھەبىبزادە دارىلمۇئەللىمىن» مەسىلىسىدۇر. بۇمۇ ئومۇملاشقان يالغانلارنىڭ بىرى.

ئۇنداقتا، ئەھمەد كامال كىم، ئۇ قەشقەرگە قاچان، قانداق كەلگەن؟ «ھۈسەينىيە مەكتىپى» دەپ ئاتالغان ئىكساق مەكتەپ

قانداقسىگە «ھەببىزادە دارىلمۇئەللىمىن» دەپ ئاتىلىپ قالغان؟ مەكتەپ داغدۇغىلىق ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەنمۇ- يوق؟ دېگەن مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

بۇ توغرىسىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك ماتېرىيال 1914- يىلى مارتتا قەشقەرگە كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ئىستانبۇللۇق ئەھمەد كامالنىڭ ئۆز كەچۈرمىشلىرى يېزىلغان كىتابى بىلەن، 1917- يىلدىن 1920- يىلغىچە سەلىم سەمى بەي، ئەمرۇللا بەي، ھۈسەيىن بەي، ئىبراھىم بەي قاتارلىق ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرگە ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جۇڭگونى ئايلانغان ئادىل ھېكمەت بەينىڭ «ئاسىيادا بەش تۈرك» ناملىق كىتابىدۇر. ئەھمەد كامال ئۆز كىتابىدا دارىلمۇئەللىمىننى قەشقەردە ئېچىشقا پەقەت ئىمكانىيەت قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن ئاخىر باھاۋۇدۇن باي بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىكساقتا ئېچىش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى، شۇنداق قىلىپ 1914- يىلى 19 - ئاپرېلدا باھاۋۇدۇن باي ئەل - يۇرتقا كاتتا داستىخان راسلاپ مەكتەپ قۇرۇشقا يۇرت كاتتىلىرىدىن ئىجازەت ئالغانلىقىنى، «قەشقەرنىڭ باش قازىسى ھاجى ئىسلام داموللام، قەشقەرنىڭ ئىقتىدارلىق ئالىملىرىدىن بەيساقلىق مەھمۇد داموللام، مەشھەتلىك پەزىلەت ئىگىسى ئابدۇقادىر داموللام ئەپەندىلەرمۇ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشىغا تەكلىپ » قىلىنغانلىقىنى، «ئىكساقتىكى مەھبۇددىن ئەجەمىي دېيىلىدىغان شۆھرەتلىك بىر زات دەپنە قىلىنغان گۈمبەزنىڭ كەڭرى مەيدانىغا تەكلىپ قىلىنغان خەلق يىغىلىپ، بۇ گۈمبەزنىڭ ئەتراپىغا مەكتەپ ئۈچۈن سېلىنغۇسى ئۆيلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكەن» لىكىنى، باھاۋۇدۇن باينىڭ تەسىرلىك نۇتقىدىن ھاياجانلانغان خەلقنىڭ قۇرۇلغۇسى مەكتەپنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قىزغىن قوللاشقا ئىپادە بىلدۈرۈشكەنلىكىنى يازغان. شۇ كۈننىڭ ئەتىسى باھاۋۇدۇن باي مەكتەپ قۇرۇشقا جىددىي ئىش باشلىغان. ئادىل ھېكمەت بەي قاتارلىقلار 1914- يىل نويابىرنىڭ ئاخىرى قەشقەرگە كېلىپ دورغا بەگنىڭ سارىيىغا چۈشۈپ ئارام ئېلىۋاتقاندا، ئەھۋال سورىغىلى كەلگەن ئىسمائىل ئەپەندى دېگەن تۈركىيىلىك بىر ئوقۇمۇشلۇق جاھانكەزدى كىشىدىن قەشقەردىكى يېڭىلىقلار ھەققىدە كۆپ مەلۇمات ئالغان. ئادىل ھېكمەت بەي كىتابىدا «بىز بۇ زاتتىن ئۇقتۇقكى، قەشقەر شەھرىگە ئۈچ سائەت كېلىدىغان مۇساپىدىكى ئۇستۇنئاتۇش مەھەللىسىدە باھاۋۇدۇن باي ئىسىملىك بىر كىشى گۈزەل بىر مەكتەپ سالدۇرۇپتۇ. مەكتەپتە ئىستانبۇلدىن كەلگەن بىر مۇدىر ۋە ئەسلىي مۇشۇ يەرلىك بولۇپ، ئىستانبۇلدا ئوقۇغان مۇئەللىملەر ئىشلەۋېتىپتۇ. بىز بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بىرئاز ھەيران بولدۇق. ئىستانبۇلدا ئوقۇغان شىنجاڭلىق مۇئەللىملەرنى بىلەتتۇق. بىز مەملىكىتىمىزدىن ئايرىلىش ۋاقتىدا ئۇلار تېخى ئىستانبۇلدا ئىدى. ئۇلار روسىيە ئارقىلىق كەلگەن بولغاچقا بىزدىن ئاۋۋال يېتىپ كەلگەنلىكىنى پەرەز قىلدۇق. قەشقەردە ئويغانغان كىشىلەر خېلى بار ئىدى. باھاۋۇدۇن باي شۇلاردىن بىرى ئىدى. بۇ زات ئىستانبۇلغا كۆپ قېتىم بارغانىدى. ئۇ يەردە بىرلىك ۋە تەرەققىيات باشلىقلىرىنى زىيارەت قىلغانىدى. ئىستانبۇلنى زىيارەت قىلغان مەزگىلدە قۇرغان مەكتىپىگە بىر مۇدىر ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلغانىكەن.»[20]

ئادىل ھېكمەت بەي كىتابىدا ئۇستۇنئاتۇشتىكى بۇ مەكتەپنى كۆرۈش ئۈچۈن ئاتايىن ئىكساققا چىققانلىقىنى، مەكتەپنى كۆرۈپ قاتتىق زوقلانغانلىقىنى ئېيتىپ مۇنداق يازىدۇ: «بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ مەكتەپنى زىيارەت قىلدۇق. رېستوراندەك گۈزەل بىر بىنانى كۆردۇق. ئەتراپى ياغاچ بىلەن رەشاتكىلانغان، دەرىسخانىلىرى ئازادە، ياتاقلىرى پاكىز ھەم ھاۋالىق، كىچىك بىر مەسچىتمۇ بار ئىدى.»[21]

ئادىل ھېكمەت بەيلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە ھەيران قالغانلىقىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ.

شىنجاڭنىڭ قەشقەر، ئاتۇش، غۇلجا، چۆچەك، كۇچا قاتارلىق جايلىرىدا جەدىتچە مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلغىنىغا شۇ چاغدا ئون يىللاردىن ئاشقان بولسىمۇ، بۇ ئاتالمىش مەكتەپلەرنىڭ شارائىتى تايىنلىق ئىدى. بۇنى شۇ يىللاردا دىيارىمىزنى ئايلانغان نۇشىرۋان يائۇشېۋ ئەپەندى ئېنىق قىلىپ مۇنداق يازغان: «مەكتەپلەرنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق. قەيەردە تاشلاندۇق ئۆي بولسا مەكتەپ شۇ. قەيەردە بىرەر سوپى - دەرۋىش بولسا شۇ ئوقۇتقۇچى. باللار تۆت ئەتراپىدىن شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ئۆيلەردە لاي- توپىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئوقۇيدۇ. بايۋەچچىلەر ئوقۇيدىغان سەل ياخشىراق مەكتەپلەرنىڭ تېگىگە پاخال سېلىنغان بولۇپ، باللار توخۇم باستۇرۇۋاتقان توخۇدەك پاخال ئۈستىدە ئولتۇرۇپ نېمىلەرنىدۇر ئوقۇشىدۇ.» نۇشىرۋان يائۇشېۋ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن قەشقەردىن ئاستىنئاتۇشقا چىققاندا كۆرگەن ئەھۋاللىرى توغرۇلۇق «شۇرا»غا يازغان ماقالىسىدىمۇ دەل مۇشۇنداق ئەھۋالنى يازغان. ئۇ «ئارتۇش خەلقىنىڭ كۆپىنچىسى سىرتتا تىرىكچىلىك قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا خېلى چوڭ بايلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارمۇ ئۆز پايدىسى ئۈچۈنلا ياشايدۇ. مائارىپ ۋە ياخشى ئىشلارغا بىر تىيىنمۇ بەرمەيدۇ. ھەتتا ئۆز باللىرىنىمۇ تەربىيىلىمەيدۇ، كەلگۈسى بىلەن كارى يوق. تىرىكلەرگە قارىغاندا ئۆلۈكلەرگە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. مەكتەپ سېلىش ئورنىغا پىششىق خىشتىن چوڭ ۋە ھەيۋەتلىك گۈمبەزلەرنى ياسىتىدۇ. ئارتۇشتا ئوتتۇزلاپ گۈمبەز بار، ئەمما كۆزگە كۆرۈنگۈدەك بىرمۇ مەكتەپ يوق» دەيدۇ.

مۇشۇنداق ئەھۋالدا باھاۋۇدۇن مۇسابايېۋ سالدۇرغان شارائىتى ئالاھىدە ياخشى، كۆركەم مەكتەپنى كۆرگەن ھەرقانداق

ئادەم ئاپىرىن ئېيتماي قالمايدۇ، ئەلـۋەتتە. ئىكـسـاقتىكى بـۇ مەكتەپ مەيلى شارائىت يېقىدىن، مەيلى ئوقۇتـۇش مەزمۇنـى جەھەتتىن، مەيلى باشقۇرۇلۇشى جەھەتتىن، مەيلى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار قوشۇنى جەھەتتىن بولـسۇن، ئۇيغـۇر مائارىـپ تارىخىدىكى تۇنجى مۇنتىزىم مەكتەپتۇر. بۇ مەكتەپـتە ئەھـمەد كامال باشلىق يېڭى ئوقۇتقـۇچىلار شـۇ چاغـدىكى مائارىـپ ئەھۋالىمىزدا ئەڭ قيـىن مەسـىلە بولۇۋاتقـان ئوقۇتقـۇچىلار قوشۇنى بولماسلىق كرىزىسنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قەشـقەر ۋە ئاتۇش تەۋەسىدىن مۇئەييەن بىلىم ئاساسى بار 15 ياشـلاردىكى باللارنى تاللاپ ئوقۇتقان. بۇ جەرياندا شـىنجاڭدا پۇقرالارنـى نادانلىقتا قالدۇرۇپ باشقۇرۇش سىياستىنى يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى مەكتەپنى ئىككى قېتىم تاقاپ قويغـان. ئەمما باھاۋۇدۇن باينىڭ كۆپ تىرىشچانلىق كۆرستىشى بىـلەن بۇ مەكتەپ ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى تارىخىدىكى تۇنجى ئوقۇتقـۇچىلار قوشـۇننى بارلىققـا كەلتۈرۈشـكە مـۇۋەپپەق بولالىغان. بۇ مەكتەپكە مۇدىر بولغان ئەھمەد كامال ئەپەندىمـۇ شۇنچە ياش بولۇشغا قارىماي زور بەدەل تۆلەپ، ئۇنتۇلغۇسىز ئەجىر سىڭدۇرگەن. قولغا ئېلىنىپ ئۈرۈمچى تۈرمىسىدە ئىككـى يىل ياتقان. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى ھەبىبزادە ئەھـمەد كامـال بولغاچقا، ئۇستۇنئاتۇش خەلقى ئۇ باشقۇرۇۋاتقان بۇ مەكتەپنـى «ھەبىبزادە دارىلمۇئەللىمىن» دەپ ئاتاشقان. ئەھمەد كامال ئۆز كىتابىدا بولسا بۇ مەكتەپنى «ئىتتاھاتى دارىلمۇئەللىمىن» دەپ ئاتىغان. باھاۋۇدۇن باي 1914 ـ يىلى ئورىنبۇرگدا باسـتۇرغان «ئېلىپبەيى تۈركي» ناملىق ئېلىپبە كىتابىنىڭ مۇقاۋىسىدا بولسا «قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن» دەپ يېزىلغان.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئىشەنچلىك تـارىخي پـاكىتلار ئۇيغۇر يېڭى مائارىـپ ھەرىكـتى تارىخىغـا مۇناسـىۋەتلىك مەسىلىلەردىن ئىسمائىل غاسپرالىچە مەكتەپنىڭ ئانا ديـارىمىزدا ئاكا ـ ئۇكا مۇسايېۋلار تەرىپىدىن 1899 ـ يىلى كۆزدە بارلىققـا كەلگەنلىكىنى، ئۇيغۇر يېڭـى مائارىـپ تارىخـىدىكى تۇنجـى مۇنتىزىم جەدىتچە مەكتەپ ۋە دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ 1914 ـ يىلى بارلىققا كەلگەنلىكـىنى ئىـسپاتلايدۇ. شـۇڭا مەن ماقالەمنىـڭ ئاخىرىدا ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېۋلارنىڭ بىر قولىدا يېڭى مائارىپنىڭ مەشئىلىنى يېلىنجاتقانلىقىنى، يەنە بىر قولىدا مىللىي سـانائەتنىڭ بايرىقىنى لەپىلدەتكەنلىكىنى خاتىرىلىگەندە 1899 ـ يىلنى ئانـا ديارىمىزدا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىش يىلى؛ ئىلـدا زامانىۋى كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتى ئىشقا چۈشكەن 1909 ـ يىلنـى كاپىتالىستىك زامانىۋى مىللىي سانائەتنىڭ بارلىققا كەلگەن يىلـى سۈپىتىدە خاتىرىلەشنى، تەتقىقاتچىلارنىڭ ماقالە ـ ئەسەر يازغاندا مۇشۇ بويىچە يېزىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

2010 ـ يىلى يانۋارنىڭ باشلىرى يېزىلدى

## نەقىل مەنبەلىرى

[1] «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى»، شىنجاڭ خەلـق نەشـرىياتى 2005 ـ يىـل نەشرى، ئۇيغۇرچە، 1347 ـ ، 1383 ـ بەتلەر.

[2] ئويىـشى شـىنيىچىرو (يـاپونىيە): «قەشـقەردىكى يېڭىلىققـا كۆچـۈش ھەرىكـتى ـ مۇسـاباي جەمەتـى ۋە يېڭـىچە مائارىـپ»، «شـىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 2000 ـ يىل 2 ـ سان 30 ـ بەت.

[3] جاڭ خەيېڭ، لى شيەنجۇ: «جۇڭگو يېقىنقى زامان ئومۇمىي تـارىخى»، 5 ـ توم، جياڭسۇ خەلق نەشرىياتى 2006 ـ يىل نەشرى، 102 ـ بەت.

[4] چېن چىڭجى (1891 ـ 1943): «جۇڭگو مائارىـپ تـارىخى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 2009 ـ يىل نەشرى، 508 ـ بەت.

[5] فېي جىڭچىڭ، ليۇ گاڭجىڭ (ئامېرىكا) تۈزگەن: «كامبرىج جۇڭگو چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى تـارىخى» (1800 ـ 1911 ـ يىلـلار)، ئىككىنچـى تـوم، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 2007 ـ يىل دېكابىر 4 ـ باسمىسى، 372 ـ بەت.

[6] نۇشـىرۋان يائۇشـېۋ: «ئۇيغـۇرلار يۇرتىغـا زىيـارەت» (1914 ـ 1917 ـ يىللار)، «مىراس» ژۇرنىلى 2005 ـ يىل 1 ـ سان.

[7] «ئىسمائىل غاسپرالى» (تارىخىي ـ دوكۇمېنتال توپلام)، (تاتارچە)، قازان، «جيىن» نەشرىياتى 2006 ـ يىل نەشرى، 44 ـ بەت.

[8]، [9] گـاۋىن ھـامبلىي (ئامېرىكـا): «ئوتتـۇرا ئاسـىيا تارىخـى تېزىسلىرى» (ئۇيغۇرچە)، مىللەتلەر نەشـرىياتى 2008 ـ يىـل نەشـرى، 226 ـ بەت؛ 350 ـ 354 ـ بەتلەر.

[10] ل. س. سـتاۋرىنوس (ئامېرىكـا): «يەر شـارىنىڭ ئومۇمىـي تـارىخى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2005 ـ يىل نەشرى، 551 ـ بەت.

[11] مىرقاسىم گوسمانوف (روسىيە): «ئەسىردىن ئەسىرگە»، (تاتارچە)، قازان، تاتارىستان نەشرىياتى 2004 ـ يىل نەشرى، 165 ـ بەت.

[12] «تۈركلەر»، ئەنقەرە، «يېڭى تۈركىيە» نەشرىياتى 2002 ـ يىل نەشرى، 18 ـ توم، 485 ـ بەت.

[13] مىرقاسىم گوسمانوف (روسىيە): «ئەسىردىن ئەسىرگە»، (تاتارچە)، قازان، تاتارىستان نەشرىياتى 2004 ـ يىل نەشرى، 171 ـ بەت.

[14] «تۈركلەر» ناملىق 18 توملۇق قامۇسنىڭ 18 ـ تومىغا كىرگۈزۈلگەن، بەرچىناي جۇدايېۋا يازغان «ئىسمائىل غاسپرالى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جەدىتچىلىك ھەرىكىتى» ناملىق ماقالە.

[15] مالىك چانىشېۋ (تاتار): «جۇڭگو تاتار مائارىپ تارىخى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىل نەشرى.

[16] «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى» ژۇرنىلى 2008 ـ يىل 4 ـ سان 74 ـ بەت.

[17] مۇرات ھەمرايېۋ: «دەۋر سەھىپىلىرى» (ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى توغرىسىدا)، قازاقىستان، ئالمائاتا، 1972 ـ يىل نەشرى، (كىرىل يېزىقىدا نەشر قىلىنغان) 9 ـ بەت.

[18] ئويىشى شىنيىچىرو: «قەشقەردە يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى ـ مۇساباي جەمەتى ۋە يېڭىچە مائارىپ»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 2000 ـ يىل 2 ـ سان.

[19] ليۇ زىشاۋ: «ئۇيغۇر تـارىخى» 2 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە 407 ـ بەت، ئۇيغۇرچە 761 ـ بەت.

[20]، [21] ئادىل ھېكمەت بەي (تۈركىيە): «ئاسىيادا بەش تۈرك» (تۈركچە)، ئىستانبۇل، «ئۆتۈكەن» نەشرىياتى 1999 ـ يىل نەشرى، 116 ـ بەت؛ 118 ـ بەت.

---

ئاپتور: ئەدەبىيات ئوبزورچىسى، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىدا مۇھەررىر




## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ بىر يۇرتتا رەھبەردىن بىرسى بولسا كۇپايە، ئەمما ئىلىم ئەھلىلىرىدىن قانچە كۆپ بولسا يەنە ئازلىق قىلىدۇ.

▲ دۇشمىنىڭنىڭ سەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشى، بىر بولسا، سەن بىلەن دوست بولۇش، بىر بولسا، قولۇڭنىڭ كۈچىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈندۇر.

▲ سەن ھەر قانچە ئېسىل ۋە ئۇلۇغ بولساڭمۇ، ئاپەت كەلگەندە ھەرگىزمۇ ئاياپ قويمايدۇ.

▲ قەھرىمانلىرى ئۈزۈلۈپ قالغان مىللەت باشقىلارنى دوراشقا مەجبۇر بولىدۇ.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، بىر قوۋمنىڭ قۇلۇشالماسلىقى، بىرى، ئاۋامنىڭ شەخسىي مەنپەئەتكە بېرىلىپ كېتىشىدىن، يەنە بىرى، يۇرت چوڭلىرىنىڭ نىيىتىنىڭ يامانلىقىدىن بولغان.

▲ زەھەرلىك يىلاننىڭ ئەڭ ئاجىزىدىمۇ ئۆزىگە يارىشا زەھىرى بولىدۇ.

▲ بىلىمنىڭ قۇدرىتى، ئىتتىپاقلىشىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى بىلمەكچى بولساڭ يەھۇدىيلارغا قارا.

▲ دوستۇڭنىڭ قولىدا قارا بولىدىكەن، ئاۋۋال سېنىڭ قولۇڭغا يۇقىدۇ.

▲ بىر مىللەتنىڭ مىللىي سانائىتى دېمەك، شۇ مىللەتنىڭ كۈچى دېمەكتۇر.

▲ بىر مىللەتنىڭ مىللىي سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن شۇ مىللەتتە «ئاۋۋال ئۆزىمىزنىڭكىنى ئىستېمال قىلايلى» دېگەن ئاڭ بولۇش كېرەك.

▲ پۇشايماننى كۆپ قىلغۇچىلار كۆپىنچە «ئېشىكىم كۆۋرۈكتىن ئۆتسە قۇلىقى نەزىر» دېگۈچىلەردۇر.

▲ مەكتەپ ئادەمگە ئادەم بولۇشنىڭ بىر نەچچە خىل يولىنى كۆرسىتىپ قويالايدۇ، ئەمما قايسى يولغا مېڭىش ئوقۇغۇچىغا باغلىق.

▲ ئانىنىڭ كىيىنىشى بالىلىرى ئۈچۈن دەرس.

▲ بەزى گەپلەرنى ئاڭلىماسلىققا ئامالىڭ يوق. ئەمما قانداق تەپەككۇر قىلىش، قانداق تەبىر بېرىش ئۆزۈڭگە باغلىق.

▲ ئاۋامنىڭ نەزىرىدە ئورنۇڭ بولمايدىكەن، قەبرەڭنى ھەر قانچە كاتتا ـ ھەشەمەتلىك قاتۇرسىمۇ پەقەت قەۋرەڭ قالىدۇ، ئەمما تېز ئۇنتۇلىسەن؛ ئاۋام نەزىرىدە ئورنۇڭ بولىدىكەن، جەسىتىڭ چۆل ـ جەزىرىدە قېلىپ، قەبرىسىز قالساڭمۇ ئۇنتۇلمايسەن. مەرھۇملارنى ياد ئەتكەندە ئاۋۋال سېنى ئەسكە ئېلىشىدۇ.

ــ تۇرامەت مۇھەممەتئىمىن

---

ئاپتور: گۇما ناھىيە كۆكتېرەك يېزا تۇغبېشى كەنتىدە دېھقان

**تەپەككۇر كۆزى**

## تەپەككۇر تېز سىزمىلىرى

▲ ھۆرمەت ئالىمغا دىلدىن، ئەمەلدارغا تىلدىن.
▲ پەرقلىق ـ نەرقلىق.
▲ سىياسىي غاپىللىق ـ ئەۋلادقا قاتىللىق.
▲ پاك ئايال ـ يېرىم تەلەي.
▲ ئورتاق قىزىقىش ـ دىلنى چاتىدىغان رىشتە.
▲ ھەق ئۈچۈن ئۆلگەن قەھرىماننىڭ ۋىجدانى راھەتتە كېتىدۇ.
▲ بۈگۈنكى دۇنيادا كرىزىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرالايدىغانلار كۈچلۈك سانىلىدۇ.
▲ پىكىر ـ ئاچقۇچ.
▲ مۇتىھەممەلەر قەرزنى كۈلۈپ تۇرۇپ ئېلىپ، يىغلىتىپ تۇرۇپ بېرىدۇ.
▲ ئۆتمۈشنى ئۇنتۇش، بۈگۈنگە سەل قاراش، ئەتىگە ئۈمىدسىز قاراش ـ بىر ئەلنىڭ قىيامىتى.
▲ ئادىل بولغاننىڭ يۈزى بار، دادىل بولغاننىڭ نەتىجىسى.
▲ سىر ـ ئېيتمىساڭ سىر، ئېيتساڭ يۈزۈڭدىكى كىر.
▲ ياساش سانائىتى بولمىغان مىللەت ئىستېمال ئىستېلاسىغا ئۇچرايدۇ.
▲ ياساش سانائىتى بولمىغان مىللەتنىڭ ياشاش سائىتىمۇ ئۇزاق بولمايدۇ.
▲ تىلغا قارىغاندا كۆزى ئارقىلىق سۆزلىشىدىغانلارنىڭ مۇھەببىتى چوڭقۇر بولىدۇ.
▲ تەبىئەتتىن يىراق كىشىلەرنىڭ تەبىئىتى تاشتەك قاتتىقلىشىپ كېتىدۇ.
▲ ساق نەرسە مۇكەممەللىككە، ئاق نەرسە پاكلىققا سىمۋول.
▲ كۆزى ئارقىلىق چۈشىنىش ھاسىل قىلالمىغانلار، تىلى ئارقىلىق ئەسلا چۈشىنىش ھاسىل قىلالمايدۇ.
▲ چولپان ئاتالماق ئاسان ئەمەس، ئۇنىڭغا تىرىشچانلىق كېتىدۇ؛ چولپان بولۇپ يورۇش تېخىمۇ ئاسان ئەمەس، چۈنكى ئۇنىڭغا ئەخلاق ـ پەزىلەت كېتىدۇ.

— ئابلەت روزى

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە «بابۇر» كومپيۇتېرخانىسىنىڭ خادىمى

## تەپەككۇر تەرمەچلىرى

▲ تالىشىپ يېگەنلەر قورسىقىنىڭ تويغىنىنى بىلمەس.
▲ ۋىجدانلىق ئادەمنىڭ ئۆزىگە قويىدىغان سوئالى كۆپ، ۋىجدانسىز ئادەمنىڭ باشقىلاردىن ئاغرىنىدىغان يەرلىرى.
▲ يوقسۇزلۇقتىن ساقسىزلىق يامان.
▲ ئىككى يۈزلىمە دوستلار بىر ـ بىرىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ ياشايدۇ، ياخشى دوستلار بىر ـ بىرىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ.
▲ مېنىڭچە، ئۆرپ ـ ئادەت، توي ـ تۆكۈن، ناخشا ـ ئۇسسۇل، كىيىم ـ كېچەك دېگەنلەر مەدەنىيەتنىڭ تاشقى پوستىنى تەشكىل قىلىدىغان ئامىللار بولسا، يۈكسەك ئەخلاق ـ پەزىلەت جۇغلانمىلىرى، پەن ـ تەتقىقات نەتىجىلىرى، ھۈنەر ـ كەسىپ، تېخنىكىلار دەل مەدەنىيەتنىڭ مېغىزىنى تەشكىل قىلىدىغان ئامىللاردۇر.
▲ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ خەلقنى دۇنياغا تونۇتقانلارنى، توپ چولپانلىرى بولۇپ خەلقنى بېيىتقانلارنى ئاڭلاپ باقمىدىم.
▲ خۇشامەتچىنىڭ مەقسىتى غەپلەتتە قالدۇرۇش، ئالدامچىنىڭ مەقسىتى ھەسرەتتە.
▲ يامان غەرەز كىشىلەر ـ ئەلگە مەرەز كىشىلەر.
▲ دوستلۇق قىلغانغا دۈشمەنلىك قىلساڭ، دۈشمىنىڭ كۆلىدۇ؛ دۈشمەنلىك قىلغانغا دوستلۇق قىلساڭ دۈشمىنىڭ قورقىدۇ؛ دۈشمەنلىك قىلغانغا دۈشمەنلىك قىلساڭ، دۈشمىنىڭ كۆپىيىدۇ.
▲ باشقىلار ئىشلەۋاتسا بېشىدا بىكار قاراپ تۇرغان ئادەم، دەل شەيتان بىلەن مۇڭدىشىپ تۇرغان ئادەمدۇر.
▲ ئىنسان ئۇلۇغ، ئۇ پاك بولغاندا؛ ئىنسان قەدىرلىك، ئۇ ئەخلاقلىق بولغاندا؛ ئىنسان قىممەتلىك، ئۇ بىلىملىك بولغاندا.
▲ قىلىش ياكى قىلماسلىقى نائېنىق كىشىلەر كونكرېتنى گەپ قىلماي، ئابستراكت، دەبدەبىلىك سۆزلەرنى قىلىدۇ.
▲ باشقىلارغا ئۈمىدسىزلىك ئېلىپ كەلگەن ئادەمدىنمۇ بەتبەخت ئادەم بولمىسا كېرەك.
▲ بەزىلەر بىر يەرگە بارسا كۆرمىگەننى كۆرگىلى، بىلمىگەننى بىلگىلى بارىدۇ؛ بەزىلەر بىر يەرگە بارسا يېمىگەننى يېگىلى، ئىچمىگەننى ئىچكىلى بارىدۇ؛ يەنە بەزىلەر بىر يەرگە بارسا، دېمىگەننى دېگىلى بارىدۇ. ئاقىۋەتتە، يېمىگەننى يېگىلى بارغاننىڭ قورسىقى يوغىناپ، كۆرمىگەننى كۆرگىلى، بىلمىگەننى بىلگىلى بارغاننىڭ كۆزى ئېچىلىپ، ئەقلى، بىلىم، تەپەككۇرى يوغىناپ، دېمىگەننى دېگىلى بارغاننىڭ بېشىغا كېلىدىغان خەۋپ ـ خەتەر يوغىناپ كېلىدۇ.
▲ ئۆزۈڭنى توغرا يولغا باشلىيالمايدىغان ئۆگىنىشتىن، ساڭا ۋە باشقىلارغا مەنپەئەت ئېلىپ كەلمىگەن ئەمگەكتىن ۋاز كەچكىنىڭمۇ توغرا يولغا قاراپ ماڭغىنىڭ بولىدۇ.
▲ يىلان ـ چايانىنى ئۆلتۈرمىسەڭمۇ مەيلى، ئۇلارنىڭمۇ پايدىلىق تەرەپلىرى بار (دورا قىلىنىدۇ)، ئەمما خائىن ـ مۇناپىقلارنى يوقاتمىساڭ بولمايدۇ. ۋەتەنگە ھېچقانداق پايدىسى يوقتۇر.
▲ دۈشمەننى ھەددىدىن زىيادە كۆپتۈرگەن ئادەمنى ئاشۇ

دۈشمەن بىلەن ئوخشاش كۆر.

▲ باشقىلارنى ھۆرمەتلەش، بىرىنچىدىن، ئۇنىڭمۇ ساڭا ئوخشاش ئادەم ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئېتىراپ قىلىش؛ ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ ساڭا ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرىنى چەتكە قاقماسلىق بىلەن بولىدۇ.

▲ دۈشمىنىنى تىللاپ مەغلۇب قىلغانلارنى ھېچقانداق تارىخىي كىتاب ياكى ھېچقانداق بىر يەردىن ئاڭلاپ، كۆرۈپ باقمىدىم. دۈشمەننى تىللاپ ئەمەس، بەلكى تەتقىق قىلىپ، ئاجىزلىقىنى تېپىپ باش ئەگكۈزگىلى بولىدۇ.

▲ بىر ئىشتىن ئاسانلا زېرىككەنلىك، شۇ ئىشقا بولغان قىزىقىشىڭنىڭ تۆۋەنلىكىدىن بولىدۇ.

▲ كۆپ زۇلۇم قىلىش زالىملىقتا، كۆپ تەتقىق قىلىش ئالىملىقتا يەتكۈزىدۇ.

▲ ئەخلەتلەر مۇھىتنى، ئەخلەت ئادەملەر جەمئىيەتنى بۇلغايدۇ.

▲ باشقىلارنى چۈشىنىشكە تىرىش، ئەمما ئۆزۈڭنى چۈشەندۈرۈپ يۈرمە.

▲ قورسىقىڭ تويسىمۇ، كۆڭلۈڭ سىقىلىدىغان جاي قەپەزگە ئوخشاپ قالىدۇ.

▲ كۆڭۈل ئازادىلىكى ئوچۇق چىراي، ئىللىق مۇئامىلىلەردىن كېلىدۇ.

▲ كۆڭۈل ئىزدىشىپ دوست بولغانلارنىڭ دوستلۇقى بىردەملىك؛ ئورتاق بىر نىشان، ئورتاق بىر مەقسەت ئىزدىشىپ دوست بولغانلارنىڭ دوستلۇقى مەڭگۈلۈك بولىدۇ. چۈنكى، كۆڭۈل ئۆزگىرىپ تۇرغان بىلەن، نىشان ئاسانلىقچە ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ.

▲ ھۈنەرلىك ئادەم كۆپ ئەلنىڭ تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى ناھايىتى زور بولىدۇ.

▲ ئۆزىگە ئىشەنگەن تەر تۆكۈپ، ئۆزگىگە ئىشەنگەن تىز پۈكۈپ ياشايدۇ.

▲ ئەرلەر جاسارەتلىك بولسا، ئاياللار ساداقەتلىك بولىدۇ؛ لاتاغىلاپ ئەرلەرنىڭ ئاياللىرى ساداقەتسىز كېلىدۇ.

▲ ئىللەتلەرنى سۆكۈۋېرىش، جاراھەت يىغىرنى تاتىلاۋەرگەنگە ئوخشايدۇ.

▲ ئىنساپ بىلەن قىلىنغان ئىش داۋاملىق ئالغا يۈرۈشۈپ تۇرىدۇ.

▲ تولا ئادەم ماڭا «بېشىمىزدىن ئۆتكەن ئىشلارنى يازىدىغان بولسا بىر رومان بولىدۇ» دېيىشىدۇ. مەن ئۇلاردىن «ئۇ ئىشلاردىن ئەلگە ئۈلگە-ئۈرنەك بولغۇدەك نەتىجە ياكى ھاسىلات بارمۇ؟» دەپ سورىسام، «يوق، ئەمما بېشىمىزغا ئاجايىپ ئېغىر كۈلپەت- قىسمەتلەر كەلگەن» دەيدۇ. مەن ئۇلارغا «بېشىڭلارغا نېمە سەۋەبتىن بۇنداق ئاچچىق قىسمەتلەر كەلگەنلىكىنى ئويلاپ باقتىڭلارمۇ، قانداق تەجرىبە-ساۋاقلارغا ئېرىشتىڭلار، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلماقچى؟» دېسەم، ئۇلار «ئويلاپ باقمىدۇق» دېيىشتى. مەن ئۇلارغا «ئۇنداقتا، بېشىڭلارغا كەلگەن بۇ قىسمەتلەرنى يېزىپ ئولتۇرۇشنىڭمۇ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ئىكەن» دېدىم.

▲ دۈشمىنىڭ بىلىم-ئىقتىدار، ئەخلاق-پەزىلىتىڭنى ئەمەس، ئويۇن-تاماشارىڭنى، مېغىزىڭنى ئەمەس، شاكىلىڭنى ماختايدۇ؛ ناچار تەرىپىڭنى داملىغان ئادەمدىن ياخشىلىق كەلمەيدۇ.

▲ ئوي-خىيالىڭ ئوخشاش بولمىغانلارغا گەپ-سۆزلىرىڭ ياقمايدۇ.

▲ ئائىلىنىڭ بەختى ئۆينىڭ چوڭلۇقى بىلەن ئەمەس، كۆڭۈلنىڭ توقلۇقى بىلەن، ئۆينىڭ ئازادىلىكى بىلەن ئەمەس، كۆڭۈلنىڭ ئازادىلىكى بىلەن، ئېسىل جاھازلار بىلەن ئەمەس، ئىللىق چىراي، چىرايلىق گەپ-سۆزلەر بىلەن بولىدۇ.

▲ ئات تەپكەن بىلەن چايانىنىڭ چاققىنى تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. ياخشىلارنىڭ قىلغان يامانلىقى ئات تەپكەنگە، ئەسكىلەرنىڭ قىلغان يامانلىقى چايان چاققانغا ئوخشايدۇ. ئات تەپكەن بىلەن مىنسەڭ مەنزىلگە يەتكۈزۈپ قويىدۇ، ئەمما چايان زەھىرىنى سانچىسا ئامان قالمايسەن.

▲ ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلىش، ئۆز ھاجىتىدىن ئۆزى چىقىش ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى ساغلاملىقنىڭ بەلگىسى.

▲ ئۆزۈڭگە بولغان ئىشەنچلىك ئاشقانسېرى كۈچ ھەم جاسارىتىڭ قايناپ تاشىدۇ.

▲ نېمە ئۈچۈن نادانلار ئارىسىدا جېدەل-ماجرا كۆپ، چۈنكى ئۇلار قۇرۇق گەپنى تولا قىلىدۇ. قۇرۇق گەپ ھەممە جېدەلنىڭ سەۋەبچىسى.

▲ ھوقۇق-مەرتىۋىگە ئىلىم-بىلىم، ئەدەپ-ئەخلاقتەك يارىشىملىق نەرسە تېپىلماس.

▲ تولا گەپ قىلىدىغانلارغا قاراپ شۇنى ھېس قىلدىمكى، گېپى جىقنىڭ مەقسىتى نائېنىق ئىكەن.

▲ نادانلار قىسمەتنى تەقدىرىنىڭ كاجلىقىدىن، دانالار تەدبىرىنىڭ كەملىكىدىن، ئەخمەقلەر باشقىلارنىڭ ياردەم قىلمىغانلىقىدىن كۆرىدۇ.

▲ خاتالىقىڭنى ئېتىراپ قىلماسلىقىڭ، شۇ خاتالىقنى داۋاملاشتۇرۇشۇڭغا سەۋەبچى بولىدۇ.

▲ بەتنىيەت ئادەم ساختىلىقنى ئىلىم سۈپىتىدە ئۆگىنىدۇ.

▲ دائىم باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئاچقان ئادەمدە، ئېنىقكى، ياخشى نىيەت يوق؛ دائىم ئۆز خەلقىنىڭ ئەيىبىنى ئاچقان قەلەمكەشمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش.

▲ باشقىلاردىن پەرقىڭنى تاپقانلىقىڭ—ئۆزۈڭنىڭ يېرىمىنى تونۇغانلىقىڭ، ئارتۇقچىلىق، كەمچىلىكىڭنى ئېنىق تاپقانلىقىڭ—يەنە قالغان يېرىمىڭنى تونۇغانلىقىڭ بولىدۇ.

▲ بىكارغىلا كەلگەن نەرسىلەر ئىناۋەت - ئابرۇيۇڭنى ئېلىپ كېتىدۇ.

▲ بىلمىگەن ئادەمنىڭ ئېغىزى بېسىقمىسا، ئىشلار قالايمىقانلىشىپ كېتىۋېرىدۇ.

▲ پۇل، تېپىشنى بىلمىگەن ئادەمنى بىچارە، خەجلەشنى بىلمىگەن ئادەمنى ئېپلاس قىلىپ قويىدۇ.

▲ «ئۇنى قىلغان، بۇنى قىلغان» دېگەن ئادەمدىن، «ئۇنى قىلالايمەن، بۇنى قىلالايمەن» دېگەن ئادەم ئەمەلىيەتچىلىراق. چۈنكى، ئالدىنقىسىنىڭ ئەمەلىيىتىنى سىنىماق تەس، سىناي دېسەڭمۇ باھانە تاپىدۇ؛ كېيىنكىسىنى سىنىماق ئاسان، ئۆزىمۇ ئاسانلىقچە باھانە تاپالمايدۇ.

▲ ماڭغان يولنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى مۇھىم ئەمەس، بەلكى توغرا - خاتالىقى ئىنتايىن مۇھىم.

▲ دېسەڭ گەپ ئۆزىرايدۇ، دېمىسەڭ دەرد.

▲ مۇنبەت يەر ئاق قالسا تىكەن بېسىپ كەتكەندەك، ئادەم تەربىيىسىز قالسا ئىللەت بېسىپ كېتىدۇ.

▲ ئالدىراقسانلىق خاتالىققا، سۆرەلمىلىك پۇتلىكاشاڭغا يولۇقتۇرىدۇ.

— مۇھەممەتجان ئابدۇغەنى

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە ئوفىتسېر

※ ※ ※

▲ ئەجدادلار توغرا ئېيتقانىكەن: «ئەخلاق - ئادەم زىننىتى»؛ بۈگۈن بۇ ھېكمەتكە قوشۇپ قويۇشقا تېگىشلىك سۆز «ئېتىقاد — ئادەم بەلگىسى».

▲ سېنى ئىت چىشلىسە سەندە گۆش ۋە ئىسسىق قان بار، لېكىن سەن ئىتنى چىشلىسەڭ ئۇنىڭدا سېسىق تۈك.

— ھەبىبۇللا تۇرسۇن

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2009 - يىللىق 7 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ قاۋۇل ئۇلاغنىڭ يۈكى ئېغىر، دۇمبىسى يېغىر.

▲ داۋراڭ سالماي، زورلاپ تاڭماي، ئېلان بەرمەي تۇرۇپمۇ ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان بىر ژۇرنال بار، ئۇ بولسىمۇ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»؛ مەزھەپچىلىك قىلماي، يۇرت ئايرىماي، چوڭ - كىچىك دېمەي ھەممە ساھەگە يۈزلەنگەن بىر ژۇرنال بار، ئۇ بولسىمۇ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى». خەلقچىللىق، ئەل رايى، «ئادەمنى ئاساس قىلىش» دېگەن مانا مۇشۇ!

— پولات ئىمىرنىياز ئاناتىل

ئاپتور: باي ناھىيە ياتۇر يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم

▲ ئەر ياۋاش بولسا ئايالغا «خوتۇن»، ئايال ياۋاش بولسا ئەرگە «ئوتۇن» بولىدۇ.

— ناسىرجان ئابلىكىم (ۋولقان)

ئاپتور: كونا شەھەر ناھىيە زەمىن يېزا قوچچا كەنتىدە دېھقان

## تۇنجى تەپەككۇرۇم

▲ ھەر قانداق ئادەم خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ بېقىشى كېرەك. شۇندىلا رەقىبىنى كۆرۈپ، ئۆزىدىكى ئاجىزلىقلارنى ھېس قىلالايدۇ.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى مېنى سەبىيلىكتىن سەزگۈرگە، كەم سۆزلۈكتىن پىكىرچانغا ئايلاندۇرۇپ، قەشقەردىن ھالقىتىپ، پۈتكۈل دۇنيانى بىلىشكە مۇيەسسەر قىلدى.

▲ دوست تۇت، لېكىن ئۆزۈڭنى تۇتقۇزۇپ قويما.

— ئارزۇگۈل قارى

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 16 - ئوتتۇرا مەكتەپ 3 - يىللىق 3 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

※ ※ ※

▲ بىزگە ئەسقاتىدىغىنى تولىمۇ ئۇزاقتا قالغان ئۆتمۈشىمىز ئەمەس، بەلكى بۈگۈن ۋە بۇنىڭدىن كېيىن قىلغانلىرىمىزدۇر.

▲ ئىش قىلغاندا ئارقىغا يېنىش خاتا، لېكىن خاتالىقنى بىلىپ تۇرۇپ ئالدىغا مېڭىۋېرىشمۇ خاتا.

▲ ئارقىسىدا ئېنىق ئىزى، ئالدىدا يۈكسەك مەنزىلى بولغان ۋە شۇ مەنزىل ئۈچۈن تىرىشىۋاتقانلار ئۆمرىنى ئەڭ مەنىلىك ئۆتكۈزۈۋاتقان كىشىلەردۇر.

— ئەنۋەرجان نۇرمۇھەممەت

ئاپتور: يەكەن ناھىيە «ۋاڭتوڭ» ئوتتۇرا مەكتىپى تولۇق 3 - يىللىق 10 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بىراۋنىڭ قانداقلىقى، سىزنىڭ ئۇنى قانچىلىك چۈشىنىشىڭىزگە باغلىق.

— ئىسمائىل يۈسۈپ

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2008 - يىللىق 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئويغانغان ھېسلىرىم

▲ ئەرلەرگە ۋىجدان بىلەن شەپقەت، ئاياللارغا مۇلايىملىق بىلەن ئىپپەت ئالىي خىسلەت.

▲ قورال ئوقى بىرلا نىشانغا، سۆز ئوقى ئاڭلىغانلا نىشانغا تېگىدۇ.

▲ غەم قىلىشقا توغرا كەلسە ھايات چېغىڭدا ئۆلۈمدىن، ساق چېغىڭدا كېسەلدىن غەم قىل.

▲ يالغان گەپ خاتا گەپتىنمۇ يامان.

▲ دانا كىشىنىڭ يۈرىكى بىلەن كۆزى سۆزلەيدۇ، نادان كىشىنىڭ قورسىقى بىلەن ئېغىزى.

▲ پەقەت دۈشمىنىڭگىلا يالغان سۆزلىسەڭ بولىدۇ.

▲ ئەجدادىڭنىڭ ئەۋلادىڭغا زىيان سالىدىغان قىلمىشلىرىنى چۆرۈپ تاشلا.

▲ ئايال كىشى ئالدىدا باش ئەگكەن ئەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئالدىدا قانچىلىك يۈزى بولسۇن؟!

▲ مەنمەنلىكنى پەقەت كېسەل بىلەن ئۆلۈملا يوقىتالايدۇ.

▲ ۋىجدانسىزغا ئەدەپ-ئەخلاقتىن، ئىمان-ئېتىقادسىزغا ھايادىن نەسىھەت قىلما.

▲ ناداندىكى جاھىللىقتىن دانادىكى جاھىللىق يامان.

▲ نادان قوۋمدا دانا بىلەن قەھرىمان ئەڭ كۆپ ئاچچىق يۇتىدۇ.

▲ ھەر ئىشنىڭ پېشۋاسىغا پەقەت ئەگەشكۈچىلەرلا چاۋاك چالىدۇ.

▲ چاقىرىلمىغان «مېھمان» نىڭ رىزقى—سەدىقە تاماق.

▲ يۈرىكى قارىنىڭ قولى قان.

▲ كۈندە ۋەسىيەت قىل، چۈنكى ئەتە تىرىك ياكى ئەمەسلىكىڭنى بىلمەيسەن.

▲ سەپسەتىنىڭ تەتقىقاتى — ھەقىقەتتىن پۇتاق تېپىش.

▲ كۆرگىنىڭنى كۆپ، ئاڭلىغىنىڭنى ئاز سۆزلە.

▲ شېھىتنىڭ ۋەسىيىتى ئەۋلادقا، تىرىكنىڭ نالىسى ئەجدادقا قارىتىلغان.

▲ ساغلام ئەر بار ئۆيدىكى يوقسۇزلۇق — ئەرنىڭ ئەيىبى.

▲ ئاتا—يىلتىز، ئانا—تۇپراق.

▲ بارلىق گۈزەللىك ۋە ئاجايىباتنى كۆرگىنىڭدە ياراتقۇچىغا قايىل بول.

▲ ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭنىڭ سالغان ئازابىنى سېغىنغان چېغىڭدا، دۈشمىنىڭنىڭ سالغان ئازابىنى نەپرىتىڭ قوزغالغاندا ئەسكە ئالىسەن.

▲ تېنىم سېنىڭ، روھىم مېنىڭ.

▲ دۈشمىنىڭدىن قورقساڭ، دوستۇڭ قاچار.

▲ كۆپ يىقىلغاننى يۆلەيدىغان ئادەم چىقماس.

▲ ئازغانغا نەسىھەت قىلىپ ئازار يېسەڭ، بىر دەردىڭ ئىككى بولۇر.

▲ ئاتا-ئانا بولغانلىق — يەنە بىر مۇھەببەتنىڭ پەيدا بولغانلىقى.

▲ بىلمەي ئازغاننى تۈزىگىلى بولۇر، بىلىپ تۇرۇپ ئازغاننى تۈزىگىلى بولماس.

▲ قايتا-قايتا گۇناھ قىلىپ كەچۈرۈم سوراش — ئۆزگىنى ئالدىغانغا باراۋەر.

▲ ئىشقىي مۇھەببەت ناخشىلىرىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى—ئىشقىۋازلارنىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەب بولىدۇ. دېمەك، قانداق ناخشىلارنىڭ كۆپ بولۇشى ۋە بازار تېپىشى شۇنداق كىشىلەرنىڭ كۆپ بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ.

▲ قىلىپ قويۇپ پۇشايماندا قالغىنىڭدىن، قىلماي ئارماندا قال.

▲ ئازازۇل خوتۇنىدىن ئاجراش، مۇلايىم خوتۇنىنى ئەت ھاپاش.

▲ قىز پاك بولسا ئايرىلىشتىن قورقماس، ناپاك بولسا كۆزىدىن ياش قۇرۇماس.

▲ ئاچ قالغاننى تويدۇرۇپ، ئاندىن يول كۆرسەت.

▲ يوقسۇز چېغىڭدا قەرز سۈيلىگەن دوستۇڭ ئەمەس.

— ئەسقەر ھوشۇر

---

ئاپتور: بورتالا شەھىرى چىندىل يېزا رادىئو-تېلېۋىزىيە پونكىتىنىڭ مەسئولى

## ئەركەك تىنىقلار

▲ باھانە ئىزدىسەڭ ئاھانەتكە قالىسەن.

▲ ئۆگەي ئاتا ئەسلىگىنى ئۆزگەرتەلمىسىمۇ، نەسلىگىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ.

▲ ھاياسىزغا تىل سالساڭ يۈزۈڭنى تۆكەر، نامەردكە قول سالساڭ قېنىڭنى.

▲ كۈلكىگە قالماي دېسەڭ بىھۇدە كۈلمە.

▲ ھەۋەسخور كۆزلەيدۇ، ھەسەتخور سۆزلەيدۇ.

▲ ئوغۇللىرىنى قەيسەرلىككە، قىزلىرىنى شەرم-ھاياغا كۈندۈرمىگەن ئاتا-ئانا پەرزەنت قىسمىتىنىڭ سەۋەبكارى.

▲ قۇياش ئوخشاش، تاڭ ئوخشىماس؛ سۈت ئوخشاش، قان ئوخشىماس. شۇڭا ھايات ھەم ئادەملەرمۇ بىر-بىرىگە ئوخشىماس.

▲ قىلىچتىن قورققان باشنى نومۇس كېسەر.

▲ ئىتنىڭ تالىشىدىن پىتىنىڭ چىقىشى يامان.

▲ نەپسىگە قۇل بولغان كىشى يەپ ئۆلەر.

▲ ياخشى نىيەت — چېچەك، يامان شامال ئۈچۈرتۈپ كەتمىسىلا شېرىن مېۋە بېرىدۇ.

▲ كۈنۈڭ ئۆتكەنگە خۇشال بولما، كۈن كەچ بولسا سايەڭ ئۇزىرىغان بىلەن، ئۆمرۈڭ قىسقىرايدۇ.

▲ قۇياشنىڭ كۆيدۈرۈشىمۇ مۇھەببەتتىن، يامغۇرنىڭ سۆيۈشىمۇ مۇھەببەتتىن بولغاندەك، ئاتىنىڭ كايىشىمۇ، ئانىنىڭ

قارغىشىمۇ مۇھەببەتتىن بولىدۇ.

▲ تەبىئىي ئىنساننى ياخشى كۆرگەچكە ياراتتى، ھەم ياخشى كۆرگەچكە يەنە قوينىغا ئالدى.

▲ تائىغا ئىشەنچى يوق كىشى ئۇزۇن ئۇخلايدۇ.

▲ غايىلىك ئادەم قېرىمايدۇ.

▲ قۇياش قىزىرىدۇ، تاتارمايدۇ؛ ئەركەك ئېگىلىدۇ، تىزلانمايدۇ.

▲ باشقىلارغا تايانساڭ ئەرشكە چىقساڭمۇ يەنىلا قۇلسەن؛ ئۆزۈڭگە تايانساڭ پەگادا بولساڭمۇ يەنىلا ھۆرسەن.

▲ ھاياتنىڭ قىممىتى نېمىلەرگە ئېرىششتە ئەمەس، نېمىلەرنى يارىتىشتا.

▲ ياخشى نىيەت—ياخشىلىققا تاشلانغان تۇنجى قەدەم.

▲ زېمىننى سۇ باسسا كېمىچىمۇ ئامان قالماس.

▲ چايان بىلەن دوست بولۇش ئۈچۈن سەندە يېتەرلىك زەھەر بولۇشى كېرەك.

▲ ياخشى ياخشىغا دوست، ئوغرى قاراقچىغا پوست.

▲ بۈگۈن سېنىڭ، ئەتە ياراتقۇچىنىڭ ئىلكىدىدۇر.

▲ نەپسىڭ زالىمدۇر، سېنى قۇل قىلسامىلا دەيدۇ؛ ئەقلىڭ ئالىمدۇر، سېنى ھۆر قىلماقنى ئىستەيدۇ.

▲ دوستۇڭ غەمكىن بولسا كۈلكەڭنى يوشۇر.

▲ ئۆز ئارتۇقچىلىقىڭ ۋە ئاجىزلىقىڭنى بايقىيالىساڭلا غەلىبىگە يۈزلىنەلەيسەن.

▲ قەھرى يوقنىڭ قەدرى يوق.

▲ پاقىنىڭ ناۋاسى كۆزگىچە.

▲ قۇشنى قانىتى كۆتۈرەر، ئادەمنى بىلىم (ماھارىتى).

▲ يېنىدا شەمشەر بولسا خەتەردىن قورقماس، خۇرجۇنىدا نېنى بولسا سەپەردىن.

▲ خەتەردىن قورققان كارۋانغا باش بولالماس.

▲ بۆرە توپى شىردىن قورقماس، يالغۇز بۆرە ئىتقا ئېتىلماس.

—ھەسەنجان يۈسۈپ

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە تاغارچى يېزا مەركىزىي مەكتەپتە مۇئەللىم

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ غەيۋەتخور خوتۇن تاياققا يېقىن، جېدەلخور خوتۇن تالاققا.

▲ خۇشامەتچى سۆزىدىن، ئالدامچى كۆزىدىن بىلىنەر.

▲ ئوغلۇڭغا قاتتىق قول بولساڭ تېنىڭ ساق، قىزىڭغا قاتتىق قول بولساڭ دىلىڭ ساق بولىدۇ.

▲ بازار كۆپ جايدا ئىشلەمچى، مازار كۆپ جايدا تىلەمچى كۆپىيىدۇ.

▲ پۇلنى كىيىم بىلەن گېلىغا كۆپ خەجلەيدىغانلار خەتەرگە، بېشى بىلەن ئىچىگە كۆپ خەجلەيدىغانلار زەپەرگە يولۇقىدۇ.

▲ قاسساپ قاننى كۆرۈپ، دېھقان ناننى كۆرۈپ سۆيۈنىدۇ—

—ئابدۇۋەلى ئابدۇغەنى خاتىپ

---

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە لەڭگەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى باشتېرىم كەنتىدە دېھقان

※ ※ ※

▲ ئايالى ھۆرۈننىڭ بەرىكىتى يوق، ئېرى ھۆرۈننىڭ شەۋكىتى.

▲ جىمغۇر ئادەم، بىر بولسا تۇغما تەبىئەتلىك، بىر بولسا جىق ئىش كۆرگەن ئادەم.

— نۇرئېلى كېرىم

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇچۇر ئىلمى ۋە قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتى ئۇچۇر بىخەتەرلىكى 2008 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ھەيرانمەن، «كۆز قورقۇنچاق» تۇرۇپ يالغان سۆزلىمەيدىكەن.

▲ ئوقۇغۇچىلار قاچاندىن باشلاپ ئۆزىگە ئىشەنمەس بوپقالدى؟ — سوئاللارنىڭ ئۆلچەملىك جاۋابلىرى چىققان ۋاقىتتىن باشلاپ.

— ئەمەتجان رېشىت (تىكەن)

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ماتېماتىكا فاكۇلتېتى 2008 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## خىلۋەتتىكى تۇيغۇلار

▲ يېگىلىنىش — «ئادەت رامكىسى» نى چېقىش.

▲ مەغلۇبىيەت — كېسىلگەن دەرەخ.

▲ ئورۇق قويغا يەم ئېغىر كەلگەندەك، غايىسىز ئادەمگە بىلىممۇ ئېغىر كېلىدۇ.

▲ كۈندۈزى بىكار يۈرگەن ئەردىن، كېچىسى بازار كۆرگەن ئايالدىن ئېھتىيات قىل.

▲ كۈچ باتۇرغا ئالقىش، تەلۋىگە قارغىش ئېلىپ كېلىدۇ.

▲ بالاڭنى تىللىغىنىڭ — ئاسمانغا قاراپ تۈكۈرگىنىڭدۇر.

▲ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە تولا بارغان ئايال ئەرنى، ئانىسىدىن تولا سوراپ ئىش قىلىدىغان ئەر ئايالنى بىزار قىلىدۇ.

▲ نەپرەت — غىلاپ ئىچىدىكى خەنجەر.

▲ ئەقىل ھەرىكەت بىلەن، بىلىم ئىجاد بىلەن قىممەتلىكتۇر.

▲ يالغان سۆز—بىرگە، ئۆزىنى ئاقلاشتىن، يەنە بىرگە،

باشقىلارنى ئالداشتىن ئىبارەتتۇر.

▲ بىرگە، ئالىيجاناب، يەنە بىرگە، پەسكەش كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدىن سۆزلەيدىغانلار كۆپ.

▲ ھايۋان سەمرىسە پۇل قونىدۇ، ئادەم سەمرىسە پۇل ئۇچىدۇ.

▲ ئاشخانا كۆپ جايدا ئىسراپچىلىق، كىتابخانا كۆپ جايدا ئىنسانچىلىق كۆپ.

▲ بىرگە سېخىينىڭ، يەنە بىرگە شۆھرەتپەرەسنىڭ مېھمىنى كۆپ بولىدۇ.

▲ غەلىبە ـ مۇشەققەتنىڭ كەينىدە، ئىرادىنىڭ ئالدىدا بولىدۇ.

▲ خىيال ـ چېچەكلەپ مېۋە بەرمەيدىغان دەرەخكە ئوخشايدۇ.

▲ مال ـ دۇنياغا ھېرىسمەن ئوغۇل ھاياتىدىن، مال ـ دۇنياغا ھېرىسمەن قىز ئىپپەت ـ نومۇسىدىن بىۋاق ئايرىلىپ قالىدۇ.

ــ تۇرسۇنجان قاسىم

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا قىزىلئۆستەڭ كەنت قارىياغاچ مەھەللىسىدە دېھقان

※ ※ ※

▲ شۇم ئەجەل سىگنال بېرىپ كەلمىگىنىدەك، كۈتۈلمىگەن ۋەقە يۈز بېرىشىنىمۇ ھېچكىم ئالدىن بىلمەيدۇ.

ــ ھەبىبۇللا بەيدىللا

ئاپتور: جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى مەلۇم قىسىم ئالاھىدە تارماق ئەترىتىنىڭ جەڭچىسى

## قايناق شەھەر ھېسلىرىم

▲ سىز ئۆز يۇرتىڭىزدىن باشقا جايلارنى ياخشى دەپ قارىماڭ، ئۇ يەردىمۇ ھۇرۇنلارغا ئورۇن يوق.

▲ سامانلىق لاي يامغۇرغا چىداشلىق.

▲ تولا قاۋىغان ئىتتىن ئادەملەر ھېيىقمىغاندەك، تولا گەپ قىلىدىغان ئادەمنى كىشىلەر كۆزگە ئىلمايدۇ.

▲ ئەر توي قىلمىغان ۋاقتىدا يېتىلىشىپ كېتىۋاتقانلارغا ھەۋەس قىلسا، تويدىن كېيىن پۇل تېپىۋاتقانلارغا ھەۋەس قىلىدۇ.

▲ ئېرىنىڭ ئىشىغا تولا ئارىلىشىۋالىدىغان ئايالنىڭ بالىسى ئالدىدا ھۆرمىتى بولمايدۇ.

ــ ئىمىننىياز ھەسەن

ئاپتور: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىللىرى ئىنستىتۇتى

«قوش تىل» 2008 ـ يىللىق 7 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

※ ※ ※

▲ «ئەمدى ھەرگىز قىلمايمەن» دەۋەرمەي، ھازىرلا توختات ئاشۇ ئىشىڭنى.

▲ كۆپچىلىكتىن ئايرىلىپ قېلىشتىن نېمانداق قورقىمىز، كۆپچىلىكمۇ بەزىدە خاتا يولغا ماڭىدىغۇ. خاتا ئىشنىڭ جازاسىنى سەن ئۈچۈن كۆپچىلىك تارتىشىپ بەرمەيدۇ، پەقەت ئۆزۈڭلا تارتىسەن، خالاس.

ــ مەدىنە كېرەم

ئاپتور: نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇچۇر باشقۇرۇش فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## تامچىلار

▲ ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىش بىلەن خام خىيالنىڭ پەرقى يوق.

▲ ئېسىڭدە بولسۇنكى، بىراۋغا سىر بېرىش ياكى بەرمەسلىكىڭنى ئاخىرقى ھېسابتا سەن قاتتىق ئىشىنىپ سىر بەرگەن، قاتتىق ئەقىدە قىلغان دوستۇڭ ياكى يارىڭ بەلگىلىشى مۇمكىن.

▲ تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئەھۋالدا سىر ئوڭاي ئاشكارىلىنىدۇ: 1. قاتتىق غەمگە چۆككەندە، 2. ئىچىگە دەرد ـ ئەلەم تولۇپ كەتكەندە، 3. قاتتىق مەست بولغاندا.

ــ ئىمام مىجىت خەنجىرى

ئاپتور: مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا بازىرى يېڭى مەھەللىدە تىجارەتچى

## توغرۇل تىنىقلىرى

▲ قېرىلارنىڭ مېھرـ مۇھەببىتى ئاپتاپقا، ياشلارنىڭ مېھرـ مۇھەببىتى ئوچاققا ئوخشايدۇ.

▲ باشقىلار تەرىپىدىن ئالدىنىپ قالماي دېسەڭ، بىرى، ئۇلارغا سۇركىلىشتىن، يەنە بىرى، ساڭا سۇركەلگەندىن ئاگاھ بول.

▲ كۆرۈشكەندە ھېسسىيات، ئايرىلغاندا مۇھەببەت كۈچىيىدۇ.

▲ ئادەم سۆيگەنگە، ھايۋان بەرگەنگە ئامراق.

▲ ئاددىي ئىشنى مۇرەككەپلەشتۈرۈش ئەخمەقلىقنىڭ، مۇرەككەپ ئىشنى ئاددىيلاشتۇرۇش ئەقىللىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

▲ مەشىق ـ غەلىبىنىڭ ئانىسى، چىدامچانلىق ئاتىسى.

▲ يىتكەن مال تېپىلماس، تېپىلسىمۇ ساق بولماس.

▲ قىش ئاپتىپىنىڭ ئىسسىقى يوق، ئاسان ئىشنىڭ قىممىتى.

▲ ساڭا دەرد ـ ھەسرىتىنى ئېيتىپ بېرىدىغان ئادەم، بىرى، ساڭا ئىشىنىدىغان، يەنە بىرى، سەندىن چوڭ ئۈمىد كۈتىدىغان

ئادەمدۇر.

▲ ئاتىسىز چوڭ بولغان بالا چىدامسىز، ئانىسىز چوڭ بولغان بالا ھاياسىز ئادەم بولىدۇ.

▲ چىرايلىق نەرسىلەرنى باشقىلار تۇتۇپ قويغان بولىدۇ.

▲ جاھىللىق ئادەمنى يا يوقىتىدۇ، يا تونۇتىدۇ.

▲ ئادەم سەمرىسە ئاقساق، ئورۇقلىسا يۆتەلگەك بوپقالىدۇ.

▲ ئۆمۈر ـ ياۋاشنىڭ، تۆھپە—يامان (قەھرىمان) نىڭ.

▲ ئايالنىڭ گېپىنى يىرالمايدىغان ئەرلەر، بىر بولسا، كاللىسى ئىشلىمەيدىغان، بىر بولسا ئائىلىسىنى سۆيىدىغان كىشىلەردۇر.

▲ ھاراق ۋە ئايال كىشى بىلەن كۆپ ئارىلاشقان ئادەمنىڭ، بىرىنچىدىن، يۈزى، ئىككىنچىدىن، مېلى، ئۈچىنچىدىن، ساقلىقى تۈزۈك بولماس.

▲ ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ تارىخى (ئەيت ـ بەشرىسى)نى شۇ ئادەمنىڭ قوشنا ـ قولۇملىرىدىن ئۆزگە پىششىق بىلىدىغان ئىنسان يوق.

▲ ئاتىسىز چوڭ بولغان بالىدا يۈرەك، ئانىسىز چوڭ بولغان بالىدا كۆيۈم يوق.

▲ ياخشى دوست مەسلىھەتكە كۆپ چىللار، يامان (خائىن) دوست جېدەلگە.

—ئابدۇغەنى توختى توغرۇل

ئاپتور: ئۈرۈمچى «توغرۇل» كىتابخانىسىنىڭ خوجايىنى

※ ※ ※

▲ قىز بالا بىلىمى بىلەن مۇۋەپپەقىيەتكە، پاكلىقى بىلەن ھەممىگە ئېرىشىدۇ.

—گۈزەلنۇر ياسىن

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى شۆبە ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ خاراكتېرىڭنى باشقىلارنىڭ سۆزىدە ئەمەس، ئۆزۈڭنىڭ كۆزىدە يارات.

— ئايشەمگۈل جاپپار ناسىر

ئاپتور: «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى

## تەقدىر، قولۇڭنى چىڭ تۇتۇۋالايچۇ!

▲ شەھەردىن نازىنىن قىزلار ۋە قائىدىلىك ئاياللارنى، سەھرادىن ئىشچان قىزلار ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئانىلارنى كۆپ كۆرىسەن.

▲ سىرلىق—«تار»كوچىلاردا ئاتىلارنىڭ ئىزلىرى، ئانىلارنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلانمىسۇن؛ چوڭ كوچىلاردا ئاتىلارنىڭ ھەيۋىسى، ئانىلارنىڭ ھۆرمىتى ئەكس ئېتىپ تۇرسۇن. شۇندىلا بالىلارنىڭ بەختلىك كۆلكىسى سىنى خاتىرجەم ياشاتقۇزىدۇ. مانا مۇشۇنداق بىر جايدا ياشىغۇڭ بارمۇ؟

▲ ئەخلاق—ئەرلەرنى ھەققانىيەتكە، ئاياللارنى قايىللىق ۋە ھۆرمەتكە باشلايدۇ.

▲ يوشۇرغان سۆز ئالەمگە ئاڭلىنىدۇ؛
يوشۇرغان سىر ئۆزۈڭدىن ھەممىگە تارىلىدۇ.

▲ تالاي قەھرىمانىنىڭ قانلىرى ۋە ئالىملارنىڭ سۆزلىرى ئارقىلىق يېشىلمىگەن سىرلار بىر كۈنى تولىمۇ ئاددىي، ئەبدەبىسىز ھالدا ئۆزلۈكىدىنلا ھەل بولۇپ، يېشىلىشى مۇمكىن.

▲ ھاياتتا ئازغان كىشىلەرنى كەچۈرۈشكە بولىدۇ، لېكىن ئازدۇرغان كىشىلەرنى كەچۈرۈشكە بولمايدۇ.

▲ خاتالىقلار ئالدىدا مەسئۇلىيىتىڭ بار،
توغرا ئىشلار ئالدىدا مەجبۇرىيىتىڭ.

▲ ئەڭ قورقۇنچلۇق كىشى—سەن سىرىڭنى ئېيتقان ئادەم.

▲ ھەي دوستۇم ئېھتىيات قىل، مېنىڭ قامچام تەگمىگەن بىلەن ياراتقۇچىنىڭ قامچىسى تېگىپ كەتمىسۇن؛ ياراتقۇچى سۈكۈت ئىچىدە، زېمىن غەزەپ ئىچىدە قامچىلايدۇ.

▲ ۋەزنى ئېغىر سۆز—ۋەتەن،
ھەقىقەتى ئېنىق سۆز—ئۆزۈم،
ھەقىقەتى كۆرۈنۈپ تۇرغان نەرسە—تۇرمۇش.

▲ گۇناھلارغا كۆمۈلگەن تۈندە،
تەشۋىشلەرگە تولۇپ ياشايسەن.

## كۆزلىرىمدىن سىرغىپ چۈشتى ياش...

▲ ئاياللار ئاق كۆڭۈللۈكى بىلەن ئۇلۇغلىنىدۇ،
ئەرلەر رەھىمسىزلىكى بىلەن قۇدرەت تاپىدۇ.

▲ ھەقىقەت سۇنغان جايدا ھەق گەپنىڭ ئەھمىيىتى يوق.

## كەلدىم، دۇنيا سۆيۈپ قوي مېنى

▲ تونۇلۇش ئۈچۈن ئەمەس، دۇنيانى تونۇش ئۈچۈن ئىزدەن.

▲ ئويغاتقان ئادەمدىن ئەمەس، ئويناتقان ئادەمدىن ئېھتىيات قىل.
كۆيۈنگۈچىدىن ئەمەس، كۆزەتكۈچىدىن ئېھتىيات قىل.

▲ بىز كۆپ چاغدا تۇغقانلارنىڭ ئالەمچە ياخشىلىقىدىن كۆرە باشقىلارنىڭ زەررىچە ياخشىلىقىنى ئېسىمىزدە چىڭ ساقلايمىز. شۇڭا تۇغقانلار بىلەن تۇغقانلار چىقىشىپ ئۆتەلمەيدۇ.

—شەمسىقەمەر ئەبەيدۇللام

ئاپتور: موڭغۇلكۈرە ناھىيە بازىرىدا پۇقرا

※ ※ ※

▲ ئەر كەم ئائىلىدە تۇزۇم كەم، قىز كەم ئائىلىدە سۇپۇرگە.

— ئەمىنگۇل تۇرسۇن

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر كاتتايايلاق يېزا باللار مەركىزىي باغچىسىنىڭ خادىمەسى

## سەۋدا تىنىقلار

▲ ئەرلەرنىڭ ئەڭ چوڭ مەغلۇبىيىتى—خوتۇنىنى باشقۇرالمىغانلىقىدا، ئاياللارنىڭ ئەڭ چوڭ مەغلۇبىيىتى—پەرزەنتىنى تەربىيىلىيەلمىگەنلىكىدە.

▲ خوتۇنى قورقىمىغان ئەردىن پەرزەنتلىرى تەپ تارتمايدۇ، ئېرىدىن تەپ تارتمىغان ئايال بالادىن قورقمايدۇ.

—بۇۋىنىخەلىچەم ئوبۇل

---

ئاپتور: مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا بازار مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇئەللىمە

※ ※ ※

▲ ئەپ ئۆتمىگەن تۇغقانلارنىڭ گەپ- سۆزلىرى شۇ يۇرتنىڭ ئاغزىدىكى پاراڭ تېمىسىدۇر.

▲ بىر تۇغقان قېرىنداشلارنىڭ ئاداۋەتلىشىشىگە كۆپ ھالدا ئۇلارنىڭ ئاياللىرى سەۋەبچى بوپقالىدۇ.

▲ ئۇرۇق- تۇغقانلارنىڭ ياتلىشىپ كېتىشىگە ئۆز ئارا مېھىر- مۇھەببەتنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى سەۋەب بولىدۇ؛ ئاداۋەتلىشىپ، ئاخىرىدا مۇشت كۆتۈرۈشكە مەنپەئەت .

▲ بىر تۇغقان قېرىندىشىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلمىساڭ، شۇ مەھەللە- يۇرتتىكىلەر سېنى كۆزگە ئىلمايدۇ.

▲ خىزمەت قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ بىيىشنى كۆزلىگەنلەر—ئامبارغا چۈشكەن مىتىلەردۇر.

—تۇرسۇن قۇربانىياز

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە سۇ ئىدارىسى ئاقساراي يېزا سۇ باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ خادىمى

## تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى

▲ ئەزىمەتلەر ئوتنىڭ ئىچىدە كۆيىدۇ، قورقۇنچاقلار تېشىدا.

▲ ئېتىقاد سۇسلىشىپ، كىشىلەر روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن زەئىپلەشكەن يەردە جان بېقىۋاتقانلار كۆپىيىدۇ، ئەمما ياشاۋاتقانلار ئازلايدۇ.

▲ ياز—شەھەرلىكلەرنىڭ سەيلى- ساياھەت، سەھرالىقلارنىڭ جاپا- مۇشەققەت پەسلى.

▲ «ھەقىقەت ئېگىلىدۇ، سۇنمايدۇ»، بۇ، ناھەقچىلىككە

ئۇچرىغان ئادەمگە نىسبەتەن ئەڭ باب كېلىدىغان تەسەللىي سۆزى.

▲ ئاۋۋال چۈشەن، ئاندىن ئىشەن.

▲ پۇل—يول، بىلىم— قانات.

—جېلىل ئاۋۇت

---

ئاپتور: باي ناھىيە توقسۇن يېزا ئوتتۇرا مەكتەپىدە مۇئەللىم

※ ※ ※

▲ ئەتە قانداق ياشاشنى بىلمىگەن ئادەم، بۈگۈن ئاللىقاچان ياشاش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالغان ئادەمدۇر.

—ئوسمان مىجىت تۈركۈن

---

ئاپتور: شايار ناھىيە شايار بازىرى سېدىباغ مەھەللىسىدە پۇقرا

## روھ چېچەكى

▲ خاسلىق—ئۆزلۈك.

▲ ئۆزۈڭنى چۈشەنگەنسېرى، سېنى چۈشىنىدىغانلارنىڭ ئازلىقىنى بايقايسەن.

▲ تايىنىۋېلىش—بىرى، قورقۇنچاقلىقتىن، يەنە بىرى، مۇستەقىل يول تاپالماسلىقتىن بولىدۇ.

—ئابلەت مۇھەممەت كۈيزار

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە ئالامەت يېزا سوگەتلىك كەنتى پاشالىق ھويلا مەھەللىسىدە دېھقان

※ ※ ※

▲ سىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ رولىنى، ئۇنى ئوقۇغان ھەر بىر كىشىنىڭ گەپ- سۆزىدىن، تەپەككۇرىدىن، شۇنداقلا ئارزۇ- ئۈمىدلىرىدىن ھېس قىلالايسىز.

—ئەرەفات ئابلىمىت

---

ئاپتور: غۇلجا شەھەر 7- ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3- يىللىق 3- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ جۈرئەت ئىشەنچتىن، ئىشەنچ جۈرئەتتىن كېلىدۇ، شۇڭا جۈرئەت ئىشەنچ بىلەن مەڭگۈ تومۇرداش.

▲ ئەڭ ئېغىر ئەلەم، سەن ئېھتىياجلىق نەرسە باشقىلارنىڭ قولىدا تۇرۇپ، ساڭا «يوق» دېگەن جاۋابنى بېرىشى.

—ئابدۇغوپۇر ئابدۇرەھمان

---

ئاپتور: غۇلجا شەھەر 7- ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3- يىللىق 4- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئەقلىيە- تەربىيە

▲ تارىخنى ئەينەك، ھازىرنى پۇرسەت، كەلگۈسىنى ئۈمىد

بىل.

▲ تەبىئەت تىلسىم ــ سىرلىرى بىلەن گۈزەل، قىزلار سېھرى ــ سىرلىرى بىلەن ساھىبجامال.

▲ ئاسان ھاياجانلىنىدىغان كىشى پۇشايمانلىق، ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان كىشى دۈشمەنلىك كېلىدۇ.

▲ ئارتۇقچىلىقىڭنى ئارقاڭغا، يېتەرسىزلىكىڭنى ئالدىڭغا ئەينەك قىلىپ تىكلە.

▲ ئالىي مەكتەپلەر پۇل تېپىشنى، ستۇدېنتلار دىپلوم ئېلىشنى مەقسەت قىلغاچ، ساپاسىز، ئىشسىز ستۇدېنت كۆپىيىپ كەتتى.

▲ بالاڭغا تەلىم بېرىشتە تەمكىن، تەنبىھ بېرىشتە كەسكىن بول.

▲ مۈشۈك مۇلايىم مىياۋلاپ ئېتەكتە ئۇخلايدۇ، ئىت قەھرلىك قاۋاپ قورۇدا توڭلايدۇ.

▲ ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭدىن ئوزغانلار بىلەن سېلىشتۇرساڭ، قاناتلىنىسەن، كېيىن قالغانلارغا سېلىشتۇرساڭ قانائەتلىنىسەن.

▲ چىرايىنى سۆيۈش مەزگىللىك، ئەخلاقىنى سۆيۈش مەڭگۈلۈك.

▲ ھەسەتخورنىڭ كۆزى يامان، تۆھمەتخورنىڭ سۆزى.

▲ بىلمەي تۇرۇپ قىلغان ئىشنىڭ ساپاسىدىن جاپاسى كۆپ.

▲ تولا گەپ ــ قۇرۇق گەپنىڭ غەيۋىتى كۆپ، ھەق گەپ ــ نەق گەپنىڭ قىممىتى.

▲ قارامدىن باتۇر چىقىدۇ، قورققاقتىن ئاسىي.

▲ كۆپ غەم قىلساڭ كېسەلگە، كۆپ ئاچچىقلانساڭ ئەجەلگە يېقىنلايسەن.

ــ ياقۇپ ھەمدۇللا

ئاپتور: مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيە 1- ئوتتۇرا مەكتەپتە پېنسىيىدىكى مۇئەللىم

## كۆيلىرىمدىن كۆڭۈللەرگە كەلىمە

▲ ئەركەكلىرىمىز ئەلنىڭ ئەينىكى.

▲ ئاناڭنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلمىدىڭمۇ؟ ئۇنداقتا قولۇڭدىن چۈشۈرمەي بىر خىشنى توققۇز ئاي كۆتۈرۈپ باقە.

▲ ۋاقتى كەلمىسە غازاڭمۇ ئالدىراپ چۈشمەيدۇ.

ــ نىجات تۇرسۇن كېرىم (تۇرخان)

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 6- ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3- يىللىق 19- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئاددىي تەپەككۇرلار

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسى مويسپىتقا ساۋاق، ئوتتۇرا ياشلىقلارغا تەجرىبە، بىز ياشلارغا ئىلىم بېرىدىغان مەنىۋى خەزىنە دېسەك مۇبالىغە بولماس.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر يېڭى سانى ئۆيىمىزگە كېلىشى بىلەن ئەڭ ئاۋۋال دادام ئوقۇيدۇ، ئاندىن ئانام، ئەڭ ئاخىرىدا ماڭا نېسىپ بولىدۇ، كېلەركى ساننى چوقۇم ئۈچ پارچە ئالىمەن.

▲ بەڭگى (نەشىكەش) ئۇخلاپ تېرىكتۇرىدۇ، ھاراقكەش ئۇخلىماي.

▲ كېيىنلىكى ئۈچۈن پۇل يىغقان ئادەم چېچەن، ئىلىم توپلىغىنى ئاقىلدۇر.

▲ دەردمەنگە دەرد ئېيتساڭ دەردىڭنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

▲ ئوغلۇڭ ئېگىزگە ئېسىلسا كۆزى ئېچىلىدۇ، قىزىڭ ئېسىلسا كۆتى.

▲ يۈزى ئېچىلغان قىز ــ كۆتى ئېچىلغان قىز.

▲ ئەل ئۈچۈن يىغلىغان كىشى بىلەن ئەلنى يىغلاتقان كىشى ھامان بىر كۈنى ئۆلەر، ئەمما ئەل قەلبىدىكى ئورنى ئاسمان بىلەن يەر.

▲ كىچىكىدە ئېتىز، قىر ــ دالىدا ئوينىغان بالا چوڭ بولسا ئىشچان بولىدۇ، پىنھاندا ئوينىغان بالا خىيالچان، ھېچ يەردە ئوينىمىغان بالا كېسەلچان.

ــ ۋەلىيۇللا ئابدۇخالىق

ئاپتور: گۇچۇڭ ناھىيە كارىز بېزا شەرقىي كارىز كەنتىدە دېھقان

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ رەقىبسىز غەلىبە بولماس.

▲ باشقىلاردىن رەنجىشتىن بۇرۇن ئاۋۋال ئۆزۈڭنى سوراققا تارتىپ كۆر.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسى ھاياتلىق سەپىرىدە قاياققا مېڭىشنى بىلەلمەي ئاچا يولدا گاڭگىرىغانلارنىڭ ياخشى يول باشلامچىسى.

▲ باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كۆرەلىگەندىلا، ئاندىن ئۆزۈڭنىڭ كەمچىلىكىنى كۆرەلەيسەن.

▲ پۇرسەت گۈلدۈرمامىسىز ياغقان يامغۇرغا ئوخشايدۇ.

ــ پەتتار غاپپار

ئاپتور: گۇچۇڭ ناھىيە كارىز بېزا شەرقىي كارىز كەنتىدە خىزمەت كۆتۈۋاتقان ستۇدېنت

## ياشلىق ھارپىسىدىكى ھېسلار

▲ باللىقىم بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىپتۇ دېمە، ياشلىقىڭ سېنى

سىنىماقتا.

▲ بىر سوئالغا جىم تۇرساڭ، سانىسىز سوئال ھەددىدىن ئاشىدۇ.

▲ كۆزۈڭ بىكار بولسا يىراقتا قارا ياكى كىتابقا، لېكىن ئېغىزىڭ بىكار بولسا قالايمىقان سۆزلىمە.

— مۇھەممەتجان قۇتبى

ئاپتور: پوسكام ناھىيە 1- ئوتتۇرا مەكتەپ 2- يىللىق 12- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## قۇياشتىن كەلگەن ئىلھام

▲ زامانىمىز كىشىلىرى نۇرغۇن نەرسىنىڭ ھالال ياكى ھاراملىقىغا ھۆكۈم چىقىرالايدۇ. ئەمما ئۆز ماھىيىتىنىڭ ھالال ياكى ھاراملىقىنى بىلمەيدۇ.

▲ قىزلار مىللەتنى يارىتىدۇ، ئوغۇللار ۋەتەننى.

▲ ئاقىل تۆر تالاشمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئۈچۈن تۆرمۇ، پەگاھمۇ ئوخشاشتۇر. بۇ خۇددى نۇرلۇق چىراغنى ئۆينىڭ تورۇسىغا ئېسىپ قويسىمۇ ياكى پەستە قويسىمۇ ئوخشاشلا ئۆينى يورۇتقىنىغا ئوخشاش بىر ئىشتۇر.

— غۇنچەم ئەلى

ئاپتور: «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ خادىمەسى

## سۈكۈتتىكى ھېسلار

▲ ئىشتانىبېغىنى ساقلىيالمىغان قىز مىللەت روھىنى قانداق ساقلىسۇن.

▲ ئوغلۇڭنى تاغدا چوڭ قىل، جەسۇر بولسۇن؛
قىزىڭنى باغدا چوڭ قىل، نازىنىن بولسۇن.

▲ ئۆزۈممۇ ئۈچالمىدىم، ئۆزگىنى ئۇچقۇزمىدىم. ئاخىرى قاغا كېلىپ بېشىمغا چىچتى.

— ياسىنجان ئوسمان (ئوقيا)

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قانۇن 2006- يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## خاتىرەمدىكى خىياللار

▲ مۇھەببەتكە پەقەت مۇھەببەتلا يېتەرلىك. چۈنكى مۇھەببەتنىڭ ئۆزىنى پۈتۈنلەشتىن باشقا ئارزۇسى يوق.

▲ ئارىلىقى يىقىن تىكىلگەن تېرەك بىلەن سۆگەتنىڭ يىلتىزلىرى تۇتاشقان بولسىمۇ، ئۇلار بىر- بىرىنىڭ سايىسىدا ياشىمايدۇ.

▲ ماكان— بىر ئادەمنىڭ زورايغان جىسمانىدۇر.

▲ خىجىللىق— يامان كۆزلەردىن ساقلىنىدىغان قالقاندۇر.

▲ كۆپ تەكىتلەشنىڭ ئۆزى ئىشەنمەسلىكتىن دېرەك بېرىدۇ.

— ياسىنجان توختىنىياز توغراق

ئاپتور: ئونسۇ ناھىيە توخۇلا يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم

※ ※ ※

▲ لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قار خۇددى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقتەك شۈنچىلىك پاك. ئەمما قارنىڭ ئوخشىمىغان يەرگە چۈشۈشى، كىشىلىك ھاياتنىڭ تۈرلۈك- تۈمەن قىسمەتكە تولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

▲ كۈن چىققاندا چىراغنىڭ كېرىكى يوق. ئەمما كۈن ئولتۇرۇپ ئاي چىققاندا ئاندىن بىزگە ھەقىقىي كېرەكلىك نەرسىنىڭ چىراغ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتىمىز.

▲ بىرەر نەرسىگە بەك چوڭ ئۈمىد بىلەن قاراپ كەتمە. ئىش كۈتكىنىڭدەك چىقمىسا، قانچىلىك ئۈمىد بىلەن قارىساڭ، شۈنچىلىك پۇشايماندا قالىسەن.

▲ بۇرۇنقى ھېكايىلەر شېرىن ئۇيقۇغا باشلىسا، ھازىرقى ھېكايىلەر غەپلەت ئۇيقۇسىغا باشلايدۇ.

▲ دۇنيادا ئادالەتسىزلىك بولغاچقىلا، ئادالەت ھۆكۈم سۈرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ.

▲ ئەڭ ياخشى كۆرگەن نەرسىنى يوقىتىپ قويغىنىم، ھەرگىزمۇ ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويغىنىم ئەمەس.

— مەرزىيە دىلشاد

ئاپتور: شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپى تولۇق 3- يىللىق 18- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئىشەنچ— ئۆزىنى باشقىلارغا تاپشۇرۇپ قويۇش دېگەنلىك ئەمەس.

▲ قەدىر— ياراتقان ۋە ئېرىشتۈرگەنلىرىڭ تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان قىممىتىڭ.

▲ بەزى ئىشلاردا سەن ئۆزۈڭنى بىلمىگەنلىكىڭ ئۈچۈن ئۆزۈڭ بىلىشىڭگە قويۇپ بېرىلمەيدىغان بولدى.

▲ ئۇنى دەپ ئۆزۈڭنى ساقلاپ قالمىساڭ، ئۇ نىمۇ، ئۆزۈڭنىمۇ يوقىتىسەن.

▲ سەن ھامان باشقىلارنىڭ كۆزىدە ياشايسەن.

— شەھىدە ۋەلى

ئاپتور: شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپى تولۇق 3- يىللىق 18- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ تىرىشقىنىڭ— ئېلىشقىنىڭ، بەسلەشكىنىڭ— تەڭلەشكىنىڭ: زارلانغىنىڭ— خارلانغىنىڭ، قارىغۇلارچە ئەگەشكىنىڭ—

تۇگەشكىنىڭ.

ــ ئابدۇل ھەمدۇل

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە سىياسىي كېڭەشنىڭ پېنسىيونېرى

## ئەقىل ئۇچقۇنلىرى

▲ سەنئەت چولپانلىرى ئېلانغا قانچە كۆپ چىقسا يېنى تومىلىشىدۇ، ئەمما ئوبرازى خۇنۇكلىشىدۇ.

▲ چىشنىڭ سوغۇقلۇقىدىن ئېغىز كۆيمەيدۇ، كۆزنىڭ ئىسسىقلىقىدىن يۈز توڭلىمايدۇ.

▲ «ھەممە سازنى چالىدىكەن، ھەممىگە چالىدىكەن» بوپقالمىسۇن.

ــ يۇسۇپ ئەھمىدىي

---

ئاپتور: قۇمۇل ۋىلايىتى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ پېنسىيەدىكى مۇزىكانتى

※ ※ ※

▲ باشقىلارنىڭ كەينىدىن غەيۋەت قىلىشنىڭ ئىككى خىل سەۋەبى بولىدۇ: بىرى، شۇ ئادەمنى كۆرەلمەسلىكتىن، يەنە بىرى، شۇ ئادەمنىڭ ياخشى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالماسلىقتىن.

ــ ئابدۇللا ياقۇپ

---

ئاپتور: جۇڭگو خەلق قۇراللىق ساقچى قىسىملىرى موڭغۇلكۈرە ناھىيە چېگرا مۇداپىئە چوڭ ئەترىتىدە ئوفىتسېر

▲ «بۇ كۈنلەردە مېنىڭمۇ ھەققىم بار، مەن بۇ مەسىلىنىڭ ئامالىنى قىلالايمەن» دېگەننى ئۆزىگە شۇئار قىلىپ ياشىغان مىللەت باشقىلارنى يېتەكلەپ ماڭالايدىغان مىللەت؛ بىراق «بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ» دېگەننى ئۆزىگە شۇئار قىلغان مىللەت، ئۆز مەۋجۇدلۇق يىلتىزىغا پالتا ئۇرۇۋاتقان مىللەتتۇر.

ــ ئو. م. ئالغا

---

ئاپتور: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى چوڭلار مائارىپى ئىنستىتۇتى 2010 ـ يىللىق ئەتىياز پەسىللىك سىنىپىدا ئىنگلىز تىلى بويىچە تەربىيىلىنىشنى كۈتۈۋاتقان ئوقۇغۇچى

## ئەلسۆيەرنىڭ تەپەككۇرلىرى

▲ مىللىتىم تۈگىشىۋاتىدۇ دېگۈچىلەر ــ دەرەخنى كۆرۈپ ئورمانىنى كۆرمەيدىغانلار؛ مىللىتىم گۈللىنىۋاتىدۇ دېگۈچىلەر ــ دەرەخنىمۇ، ئورمانىنىمۇ كۆرەلەيدىغانلاردۇر.

▲ بۈگۈنى تىرىشىپ ئەمگەك قىلمايدىغانلار ئەتىسى ماددىي تىلەمچىگە ، بۈگۈنى تىرىشىپ كىتاب كۆرمەيدىغانلار ئەتىسى مەنىۋى تىلەمچىگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

▲ ئالىملىرىنىڭ نوتۇقىنى ئاڭلاشتىن قاچىدىغان، سەنئەتچىلىرىنىڭ كېچىلىكىگە چاپىدىغان مىللەتتىن زور ئۈمىد كۈتمەسلىك كېرەك.

▲ قىزغىن ئادەم ــ قىزىق تۆمۈر.

▲ نەتىجەڭنى كۆرۈپ ھەسرەتلەنگەنلەرنى دۈشمىنىم،
مەدھىيىلىگەنلەرنى دوستۇم دېسەڭ بولىدۇ.

▲ ئادەم بۇ دۇنيادا ئىككى يەرگە ئۆزى خالاپ بارمايدۇ: بىرى، دوختۇرخانىغا، يەنە بىرى، سوتقا.

▲ بولغۇسى ئايالىڭنى ئۇنىڭ قەلەمقېشىغا قاراپ ئەمەس، ئەتكەن ئېشىغا قاراپ تاللا.

▲ تېلېفوندا بىلدۈرگەن كۆڭۈلدىن خەت ئارقىلىق بىلدۈرگەن كۆڭۈل ئەلا، خەت ئارقىلىق بىلدۈرگەن كۆڭۈلدىن يۈز كۆرۈشۈپ بىلدۈرگەن كۆڭۈل ئەلا.

ــ ئەسقەر ئەنۋەر ئەلسۆيەر

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى ئۆچۈر 2005 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

※ ※ ※

▲ ئادەم ئامالسىز قالغاندىلا يالغان سۆزلەشكە مەجبۇر بولىدۇ.

ــ رەناگۈل توختى

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2005 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بىزنى تۈگەشتۈرىدىغان ئەڭ چوڭ ئاپەت: بىرى، ھاراق ـ شاراب، يەنە بىرى، ئىناقسىزلىق بالاسىدىن ئىبارەت.

▲ ھۈنەرۋەن ئۇستا بولسا، ھۈنىرىنى داڭلىمىسىمۇ يەر ـ يەردىن خېرىدار چىقار؛
نائۇستا بولسا ۋىۋىسكىسىمۇ ئۇنىڭ گېلىنى سىقار.

ــ توختىنىياز ئالىم

---

ئاپتور: بۈگۈر ناھىيە ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم

▲ ياسانچۇق ئايالدىن قورق، قورقمىساڭ، تاپقىنىڭنىڭ ھەممىسى يوق.

ــ مۇھەممەت زىياۋۇدۇن

---

ئاپتور: گۇما ناھىيە قوشتاغ يېزا باشلانغۇچ مەكتەپتە پېنسىيەدىكى مۇئەللىم

## تەپەككۇرۇمدىن تەرگەن تەرمەچلىرىم

▲ ئېتىقاد ــ مەدەنىيەتنىڭ ئۇلى،
مەدەنىيەت ــ تەرەققىياتنىڭ تىرىكى،
تەرەققىيات ــ مەۋجۇدلۇقنىڭ ئاساسى.

▲ بىرى، بىردەملىك ھاياجان، يەنە بىرى، بىردەملىك نەپرەت ئادەمنى «بىردەملىك» قىلىدۇ.

▲ ھېسسىياتتىن ئازساق بىراۋغا نەقىل، ئەقىلدىن ئازساق ئۆزۈڭگە ئەقىل تاپىسەن.

▲ مەن ئۆزۈم ھەققىدە ئويلىنىپ، ئىنسانلىسام ئاندىن سەن ھەققىدە ئويلىنىمەن. شۇڭا سەن مەندىن بىر ئۆمۈر رازى ئەمەسسەن.

▲ ئايىغىڭنىڭ يېپىغا دەسسىۋېلىش ئېھتىماللىقىڭ ھەر ۋاقىت توقسەن توققۇز پىرسەنت.

▲ ئۆز - ئۆزۈڭنى رازى قىلالمىغان كۆڭلۈڭدىن بىراۋغا رازىلىق كۈتمە.

▲ بىراۋنى ئاسانلا بىزار قىلىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى گەپنى ئۆزىنى ماختاشتىن باشلاش.

▲ بىرى، ئەڭ تەشنا بولغان، يەنە بىرى، ئەڭ بىزار بولغان نەرسەڭ سېنى ناھايىتى ئاسانلا پەسلەشتۈرىدۇ.

▲ ئاقىل ۋائىز بىلمەن، نادان ھېچكىم بىلمەن كېلىشەلمەيدۇ.

▲ قىزغا قانچە مايىل بولساڭ شۇنچە گىدىيىدۇ. ئوغۇلغا قانچە مايىل بولساڭ شۇنچە سۆيۈنىدۇ.

— يۇسۇپجان مۇھەممەت

ئاپتور: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى تەييارلىق 13- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ يالغۇزلۇق — ئەركىنلىك ئۈچۈن تۆلىگەن بەدەلدۇر، خالاس.

▲ تۇغۇلۇشىمىز سۆيۈش ئۈچۈن، ياشىشىمىز سۆيۈندۇرۇش ئۈچۈندۇر.

▲ تەقدىرىمىز ئۆز قولىمىزدا، لېكىن تەقدىردىشىمىز ئەل- يۇرت ئىچىدە.

— ئابلىكىم ئالىمجان

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2- يىللىق 6- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئارزۇ تىنىقلىرى

▲ نادان ئالدىراڭغۇلۇقىدىن مەدىرلىتىپ قويسا لېيغان سۇغا ئوخشىسا، ئاقىل ئېغىر- بېسىق، كەمتەرلىكىدىن جىم قويسا سۈزۈلگەن سۇغا ئوخشايدۇ.

▲ نادانلىق — ئۆزۈڭنى سوزۇلغان چۆل- جەزىرىلىك.

▲ نادان — ئۆزىنىڭ مەھبۇسى.

▲ بىر ئەۋلاد نادانلىق — نەچچە ئەسىرلىك تەرەققىياتقا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

▲ بىلىدىغىنى چاغلىق ئادەمنىڭ قىلىدىغىنى تايىنلىق بولىدۇ.

▲ سېنى دۈشمەن تۇتقان (ھۆرمەتلىمىگەن) لارغىسىمىگنى بۇزۇپ ئاتايدۇ.

▲ موھتاجلىقنىڭ خىيالىڭغا ئەكېلىدۇ، ھەربىكىتنىڭ ئالدىڭغا.

▲ رىقابەت — سېنىڭ ياكى ياشىشىڭ، ياكى يوقىلىشىڭغا قويۇلغان سوئال.

▲ ياخشى ئاتاقتا، يامان ساۋاقتا ياشايدۇ.

▲ يۈزسىزلەر، بىرگە، پايدا- مەنپەئەت ئالدىدا، بىرگە، نام- شۆھرەت ئالدىدا ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ.

▲ بىراۋنىڭ تىكىلگەن كۆزى — ساڭا بولغان نىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

▲ بەخت — تۈيغۇدىكى ئەڭ چوڭ قانائەت.

▲ ۋاز كېچىش — بىرگە، ئېھتىياجىدىن، بىرگە، ئېھتىياتتىن، يەنە بىرگە، ئىختىيارىدىن بولىدۇ.

▲ باشقىلارنىڭ ئالدىدا سېنى چۆشۈرۈپ تۇرغان ئادەم — بېشىڭنى كۆتۈرسەڭلا تەگكەن كالتەككە ئوخشايدۇ.

▲ ئېغىز — ئەلچى.

▲ كۆز — پايلاقچى.

▲ ھەر قانچە چوڭقۇر كۆلمۇ ھامان بىر كۈنى تىنىدۇ.

▲ قانائەت — كىشەنلەش.

▲ نەتىجەڭ — ھەسەتخورنىڭ يۈرىكىگە سانجىلغان مىخ.

▲ ئەتراپىڭدىكى قورقۇنچ ساڭا بىردەملىك تەسىر قىلىدۇ، قەلبىڭدىكى قورقۇنچ بىر ئۆمۈر ساراسىمىگە سالىدۇ.

▲ بىكارچىلىق — ئىرادەڭنى ئۆلتۈرىدۇ، ئالدىراشچىلىق — ئادەمگەرچىلىكنى.

▲ جامائەتتىن يىراقلىشىش — ئادەمگەرچىلىكتىن يىراقلىشىشتۇر.

▲ كەمتەرلىك — باشقىلارنى سالامغا ئەكىلىش.

▲ چاقچاق — كۆڭلى نازۇككا — سىڭمەيدىغان يەرگە سېپىلگەن سۇ.

▲ دۈشمەن پېيىڭدە بولىدۇ، دوست غېمىڭدە.

▲ ئەلنىڭ نەزىرى تىك چوققىغا ئوخشايدۇ، چۈشۈپ كېتىش ئاسان، چىقىش تولىمۇ قىيىن.

▲ گۇمان — ئىنسانغا نەچچە خىل شەكىلدە قارايدىغان كۆز.

▲ قارامىلىق — نىشانسىز ئېتىلغان ئوق.

▲ ياخشىلىق — قۇربان بېرىش.

▲ جاپالىرىڭغا سىناق قاتارىدا، ئامەتلىرىڭگە تىرىشچانلىق قاتارىدا نەزەر سال.

▲ دۇنيادىكى كۈرەشنىڭ ھەممىسى ئېرىشىش (مەنپەئەت) ئۈچۈن.

▲ قوشنائىڭنىڭ ئىنسابى بىرگە، ئۆتنە- بېرىم قىلغاندا، يەنە بىرگە، توخۇ- ھايۋان باققاندا ئاشكارىلىنىدۇ.

▲ پاكلىق ــ كۆكتۆل توقلۇقى.
▲ چۈشىنىشتىن ئىشىنىش مۇھىم.
▲ پاك نەرسە ــ نازۇك (زىل) بولىدۇ.
▲ ھېسسىيات (كۆكتۆل) نىڭ كەينىگە كىرسەڭ ــ ئۆز بويىنىغا تاشىدىغان چۆگۈنگە ئايلىنىسەن.
▲ ئايالنىڭ ۋاپادارلىقى ــ ئۆزىدىن، ئەرنىڭ ۋاپادارلىقى كۆزىدىن بىلىنىدۇ.
▲ ئەر ــ ئايالنىڭ ئۆمۈرلۈك ساقچىسى.
▲ ئەر كۆيۈش (كۆيۈنۈش) نى ئۆگىنىدۇ، ئايال ــ سۆيۈش (سۆيۈلۈش) نى.
▲ ئەر ــ ئاسان ۋاز كېچەلىگەنلىكى ئۈچۈنلا «يۈزسىز» ئاتىلىدۇ.
▲ ئاياللارغا بولغان باھايىڭ ــ كەلگۈسى ئەۋلادلارغا بولغان باھايىڭدۇر.
▲ كۆپ سېغىنىش ــ دىلنى سۇنۇق قىلىدۇ.
▲ ئەڭ چوڭ ئاجىزلىقىڭ ــ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىڭ ئالدىدا ئاشكارا بولىدۇ.
▲ ئاشىقنىڭ دىلى نازۇك، مەشۇقىنىڭ تىلى.
▲ ئۆزى ھەقىقىي ياخشى كۆرگەن ئادەمگە كۆكتۆلنى چۈشەندۈرۈش بەك قىيىن ئىشتۇر.

ــ مەھمۇتجان ئابدۇۋەلى داۋۇد ئۇيغۇرزادە

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا قىزىلئۆستەڭ كەنتىدە دېھقان.

## زامانداشلىرىمغا دەيدىغانلىرىم

▲ ئوغۇل بالىنى ئاتىسى تەربىيىلىسە تىرىشچان بولۇر،
قىز بالىنى ئانىسى باشقۇرسا نومۇسچان.
▲ ئەخلاقلىق ئەر بالىسىنى مەكتەپتىن تارتماس، ئەخلاقسىز ئايال قىزىنى مەشرەپتىن.
▲ قىز بالىنىڭ گۈزەللىكىنى پاكلىقىدا بىل، ئەرنىڭ گۈزەللىكىنى ئىنسابلىقىدا.
▲ جەمئىيەتتە تۆت خىل ئادەمنىڭ بەختلىك بولمىقى تەس: بىرى، يېتىم ئوغۇلنىڭ؛ ئىككىنچىسى، ئەخلاقسىز قىز بالىنىڭ؛ ئۈچىنچىسى، مەكتەپتە ئوقۇمىغان ئادەمنىڭ؛ تۆتىنچىسى، دائىم گەپ ـ سۆزدە مېنىڭ راست دەپ ئۈرۈشۈپ تۇرغان ئادەمنىڭ.

ــ ئۆمەر مولتوختى

ئاپتور: ئاقسۇ ۋىلايىتى تەجرىبە ئورمان مەيدانى سۆگەتئېرىق كەنتىدە دېھقان

## تەپەككۇر گۈلزارىدىن رەڭدار چېچەكلەر

▲ دانالارنىڭ ھاياتى ــ تۈنۈگۈنىدىن ساۋاق ئېلىپ، بۈگۈننى قەدىرلەپ، ئەتە ئۈچۈن ئىزدىنىش.
نادانلارنىڭ ھاياتى ــ تۈنۈگۈنىدىن ئۆكۈنۈپ، بۈگۈن ھەسرەت چېكىپ، ئەتە ئۈچۈن غەم يېيىش.
▲ بەختنى شېرىن خىيالدىن ئىزدىسىڭىز چۈشكە ئايلىنىدۇ، ئەمەلدىن ئىزدىسىڭىز رېئاللىققا.
▲ ۋاز كېچىش ــ بىر بولسا نادانلىقنىڭ، بىر بولسا تادانلىقنىڭ، يەنە بىر بولسا دانالىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.
▲ يىغلاپ تۇرۇپ «بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق قىلمايمەن» دېگۈچىلەرنىڭ ئىرادىسى يىغىسى توختىغىچىلا بولىدۇ؛ كۆز يېشىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ تۇرۇپ «قىلمايمەن» دېگۈچىلەرنىڭ ئىرادىسى ئاخىرىغىچە بولىدۇ.
▲ ئاياللارنىڭ ئۈچ بەختى ــ بىرىنچىسى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى بولۇپ يارالغانلىقى، ئىككىنچىسى، ئەرنىڭ ۋاپادار جۈپتى ھالالى بولۇپ يارالغانلىقى، ئۈچىنچىسى، پەرزەنتلىرىنىڭ ئانىسى بولۇپ يارالغانلىقى.
▲ بىراۋلارنى كۆز يېشىڭ بىلەن ئېلىپ قالغان بولساڭ، يېشىڭ توختىغىچىلا تۇتۇپ قالالايسەن!

ــ رىزۋانگۈل ياسىن

ئاپتور: توقسۇ ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ھەقىقەت ئۇزۇندىلىرى

▲ بىر ئۆمۈر ياشاپمۇ ئاز ـ تولا ئەھمىيەتلىك ئىش قىلماي ئۆتۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئۆلگىچە ئىگىسىگە جاپالىق ئىشلىگەن ئېشەكچىلىك قىممىتى بولمايدۇ.
▲ قاۋاقخانا ــ قاماقخانىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى.
▲ بىز ياسالمىلىق ــ شەكىلۋازلىققا بەك بېرىلىپ كەتتۇق، شۇڭلاشقا گىرىم زاۋۇتلىرىنىڭ كىرىمى جىق.
▲ شەھەرلىكلەردە كۆز تولا، سەھرالىقلاردا سۆز.
▲ ئادەم بىلەن ئادەمنى تەڭ قىلىدىغان پەقەت بىرلا ئورۇن بار، ئۇ بولسىمۇ جىنازا.
▲ مېڭە ئىشلىسە قولدا پۇل بولىدۇ، مېڭە ئىشلىمىسە يولدا قول بولىدۇ.
▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ ئەڭ زور ئارتۇقچىلىقى، ئۇيغۇر تىلىدا تەپەككۇر قىلالايدىغان ھەر قانداق مىللەت ئادەملىرىگە يول بېرىدۇ.

ــ باينەزەر ياسىن (تەڭگە تارئوغلى)

ئاپتور: قىرغىز، ئاتۇش شەھەر تۇگورمىتى يېزا مەركىزىي مەكتەپتە مۇئەللىم

※ ※ ※

▲ كىتاب كۆرگەن نەزەرىيىچى، جاھان كۆرگەن ئەمەلىيەتچى كېلىدۇ.

ــ ئابدۇشۇكۇر قاسىم

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە خوشئاۋات يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتە بوغالتىر

▲ دەرس ئۆتۈش مېتودى يوق ئوقۇتقۇچى ئۈنئالغۇغا ئوخشايدۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسنى بىلىش ـ بىلمەسلىكى،

ئاگلاش ـ ئاڭلىماسلىقى بىلەن كارى يوق، پەقەت بىر يۈزدىكى لىبىتا تۇگىگەندىلا ئاندىن سۆزلەشتىن توختايدۇ.

ــ ئابدۇلئەزىز ئىسكەندەر

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماشىنىسازلىق قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتى ماشىنىسازلىق 2007 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تېپىز تەسىراتلىرىم

▲ قىزلار بىلىمگە ئەڭ موھتاج. چۈنكى ئۇلار ئەۋلادلىرىمىزنىڭ تۇنجى پەرۋىشكارى.

▲ تۇرمۇش ــ قاتتىق قول رەھبەر، ئۇ شۇنچە ئاجىز كىشىنىمۇ چىدامچان قىلىۋېتىدۇ.

▲ ياشلىق ــ گويا شېرىن چۈش، ھېچكىمنىڭ ئويغىنىپ كەتكۈسى يوق.

▲ ئەرلەرنىڭ ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئۇنتۇشى ــ ئاياللار ھالاكىتىنىڭ باشلىنىشى.

▲ قەددىڭنى تىك تۇت، دۈشمەنلىرىڭ ئۈچۈن،
قامىتىڭنى پۈكۈپ قوي، دوستلىرىڭ ئۈچۈن.

▲ زامانغا ئەمەس، ئادىمىيلىككە ماسلىشايلى!

▲ ھاياتلىق ئۇ مۇشكۇل سەپەر، بەزىدە خىزىر، بەزىدە قاراقچى، بەزىدە گۈلزارلىق، بەزىدە چاتقاللىق يولۇقۇپ تۇرىدۇ.

▲ ئىلىم دىپلوم ئۈچۈن ئەمەس، مەۋجۇدلۇق ئۈچۈن.

▲ ئۇستۇنلۇكنىڭ كىمگە ئەڭ خاس ئىكەنلىكىنى بىلسەك، بىر ـ بىرىمىزگە مۇنچە گىدىيىپ يۈرمىگەن بولاتتۇق.

ــ گۈلنۇر سەمى

ئاپتور: شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى كلىنىكا ئىنستىتۇتى 2006 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

※ ※ ※

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى »ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى »

سەھىپىسى مېنىڭ مەنىۋى كېسىلىمنى داۋالىيالايدىغان بىردىنبىر پىسخىك دوختۇرۇمدۇر.

ــ گۈزەلئاي قۇربان

ئاپتور: شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى مۇزىكا فاكۇلتېتى مۇزىكا مائارىپى 2008 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## مۇنبەردىكى ئويلار

▲ نيۇتوننىڭ بېشىغا ئالما چۈشۈۋىدى، ئۇ، بۇ بولغۇلۇقتىن «يەر شارىنىڭ تارتىش قانۇنىيىتى »نى بايقاپ چىقتى؛ نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ بېشىغا ياڭاق چۈشۈۋىدى، ئۇ «ھېلىمۇ ياڭاقنىڭ ئورنىدا قوغۇن ـ تاۋۇز بوپقالماپتۇ، بولمىسا بۇ جان يەنە بولاتتىمۇ» دەپ «بولغۇلۇققا شۈكۈر قىلىش قانۇنىيىتى»نى ئىسپاتلاپ چىقتى. ئويلىنىپ قالدىم، ئوخشاش بولغۇلۇق، ئوخشىمىغان يەكۈن...

▲ يېقىندىن بېرى مەيلى رادىئو ـ تېلېۋىزىيە، گېزىت ـ ژۇرناللاردا بولسۇن ۋە ياكى دوستلار ئارا سۆھبەتلەردە بولسۇن «راست گەپنى قىلسام» دېگەن ئاتالمىنى تولا ئاڭلايدىغان بوپقالدۇق. كاللامدىن ئۆتمىگىنى، «راست گەپنى قىلسام»دىن بۇرۇن قىلىنغانلىرى زادى قانداق گەپلەر؟

▲شاتۇتنىڭ ئۆيگە كەلگەن مېھمانغا «خوش كەپسىز » دېيىشى قانداقتۇر ئۇنىڭ مېھمانىنى چىن يۈرىكىدىن ھۆرمەتلىگەنلىكىدىن بېشارەت ئەمەس، چۈنكى ئۇ بۇ گەپنى گېزى كەلسە ئۆيگە كىرگەن ئوغرىغىمۇ دېيىشى تۇرغان گەپ.

▲پەرزەنتلەرنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئەخلاق ـ ساپاسى ھەققىدە ئىشلەنگەن ئەڭ جانلىق «ئېلان»دۇر.

ــ ياسىنجان نۇھ

ئاپتور: پېچان ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم

### مۇشتەرىلەر سەمىگە

ژۇرنىلىمىزغا مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلاردا ھەركۈنى قەرەلسىز مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۆزىڭىز تۇرۇشلۇق جايدىكى پوچتىخانىغا ژۇرنىلىمىزنىڭ پوچتا ۋاكالەت لومۇرى 22ــ58نى ئېيتىپ بەرسىڭىزلا ئىنتايىن ئاسان مۇشتەرى بولالايسىز. شۇنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتىمىزكى، تەھرىر بۆلۈمىمىز بىۋاسىتە مۇشتەرى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇڭا ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ پوچتىخانا ئارقىلىق مۇشتەرى بولۇشىنى سورايمىز.

ــ كامالىي ئېھتىرام بىلەن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# ئۇنىڭ كۆزى ئەللىك

## ــ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىدىكى كۆچۈرمىكەشلىك ۋە ئوخشاشلىقلار

▲ ئوغۇل بوزۇلسا ئۆينىڭ يۈزىنى چۈشۈرىدۇ، قىز بۇزۇلسا يۇرتىنىڭ.

ــ ياقۇپ ھەمدۇللا

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2009- يىل3- سان 56- بەت

▲ ئوغۇل بۇزۇلسا ئۆينى بۇزار، قىزنىڭ بۇزۇلسا يۇرتنى.

ــ ھەسەنجان يۇسۇپ

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2009- يىل 5- سان 44- بەت

▲ تولا قاۋايدىغان ئىت ئادەم چىشلىيەلمەيدۇ.

ــ ياسىنجان ئۆمەر

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2009- يىل 4- سان 52- بەت

▲ بەك قاۋىغان ئىت تالاشقا يارىمايدۇ.

ــ ھەسەنجان يۇسۇپ

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2009- يىل 5- سان 44- بەت

▲ ھاياتنىڭ گۈزەللىكى ــ «ھايات »سۆزىنىڭ «ھايا » دېگەن ئالدىنقى ئىككى بوغۇمىدا.

ــ ئارزۇگۈل ئوبۇل

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2007- يىل 1- سان 40- بەت

▲ ھايات= «ھايا »دېگەن ئالدىنقى ئىككى بوغۇمى بىلەن ھەقىقىي مەنىسىنى تاپىدۇ.

ــ دىلئارام رەخمەت

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2009- يىل 5- سان 46- بەت

▲ «مەڭگۈلۈك»ــ پەقەت ئۆلۈپ كەتكەنلەرگىلا خاس، چۈنكى ئۇلار مەڭگۈ تىرىلمەيدۇ.

ــ ھەسەنجان مۇسا

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2008- يىل 6- سان 52- بەت

▲ «مەڭگۈ »دېگەن سۆز ئۆلگەنلەرگىلا خاس، چۈنكى ئۇلار مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدۇ.

ــ ئابلەتجان شۈكۈر خۇش چاقچاق

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2009- يىل 5- سان 52- بەت

▲ بالاڭ بولمىغۇچە بالىسەن.

ــ روزىتوختى نائىپ

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2005- يىل 4- سان 25- بەت

▲ بىر بالىغا ئاتا- ئانا بولمىغان ئادەمنى يەنىلا بالا دېگۈلۈك.

ــ ئابدۇغەنى توختى توغرۇل

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2006- يىل 4- سان 31- بەت

▲ئۆيدىن بەزسەڭمۇ،ئەلدىن بەزمە. (ئەزەربەيجان)

ــ رەھىم يۇسۇپ تۈزگەن «ئەدەپ دېگىزىدىن مارجان سۆزلەر»، 1- بەت، شىنجاڭ ياشلار- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2007- يىل ئاپرېل 2- نەشرى 1- بېسىلىشى

▲ئۆيدىن بەزسەڭمۇ ئەلدىن بەزمە.

ــ ھەپىزەم خەيرۇللا

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2007- يىل 4- سان 64- بەت

▲ تۇغۇلغان يېرىڭگە تۇغۇڭنى تىكلە. (ئۇيغۇر)

ــ رەھىم يۇسۇپ تۈزگەن «ئەدەپ دېگىزىدىن مارجان سۆزلەر»، 1- بەت، شىنجاڭ ياشلار- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2007- يىل ئاپرېل 2- نەشرى 1- بېسىلىشى

▲تۇغۇلغان يېرىڭگە تۇغۇڭنى تىكلە.

ــ ھەپىزەم خەيزۇللا

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 2007- يىل 4- سان 64- بەت

▲ئاتىسى هاراقكەش بولسا بالىسى بوتۇلكا، ئانىسى ھاياسىز بولسا قىزى ئىپپەت ساتۇر.

ــ ئەسقەر ھوشۇر

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2009- يىل 4- سان 52- بەت

▲ دادىسى هاراقكەشنىڭ بالىسى قاۋاقخانىدا، ئانىسى بۇزۇقنىڭ بالىسى جالاپخانىدا يۈرىدۇ.

ــ ئادىلجان مۇھەممەت (ئەقلىيار)

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2009- يىل 6- سان 47- بەت

▲ ئوغۇل بۇزۇلسا كاززاپ، قىز بۇزۇلسا جالاپ بولۇر.

ــ ۋەرشىددىن تۇردىقۇلى

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2007- يىل 1- سان 42- بەت

▲ ئاياللار پۇلنىڭ قولىغا ئايلانسا جالاپ، ئەرلەر پۇلنىڭ قولىغا ئايلانسا كاززاپ بولۇر.

ــ ئەزىمەت مەشرەپ

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2009- يىل 2- سان 61- بەت

▲ ئاياللار تېشىدىن قېرىيدۇ، ئەرلەر ئىچىدىن.

ــ تۇرسۇنجان قاسىم

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2007- يىل 4- سان 60- بەت

▲ ئايال كىشى يۈزىدىن، ئەر كىشى بېلىدىن قېرىيدۇ.

ــ ئابدۇغەنى توختى توغرۇل

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2009- يىل 2- سان 49- بەت

▲ ئادەم يشى بىلەن ئەمەس، ئىشى بىلەن ھۆرمەتلىك. (ئۇيغۇر)

ــ رەھىم يۇسۇپ تۈزگەن «ئەدەپ دېگىزىدىن مارجان سۆزلەر»، 53-بەت. شىنجاڭ ياشلار- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشرىياتى 2007- يىل يانۋار 2- نەشرى 2009- يىل يانۋار 2- بېسىلىشى

▲ ئادەم يېشى بىلەن ئەمەس، ئىشى بىلەن ئادەمدۇر.

ــ ئامانۇللا ھېزبۇللا

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2009- يىل 6- سان 47- بەت

▲ كۆز- مېھر- مۇھەببەت ۋە غەزەپ- نەپرەتنىڭ

ئېنىكى.

— ئەسقەر ھوشۇر

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2007- يىل 4- سان 60- بەت

▲ كۆز- مۇھەببەت ۋە نەپرەتنىڭ تەرجىمانى.

— ئىسمائىل يۇسۇپ

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2009- يىل 6- سان 43- بەت

▲ بىر ياخشى ئۆلگە— ئەڭ ياخشى تەشۋىقات. (ئەنگلىيە)

— رەھىم يۇسۇپ تۈزگەن «ئەدەپ دېگىنىدىن مارجان سۆزلەر، 102- بەت. شىنجاڭ ياشلار- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2007- يىل ئاپرېل 2- نەشرى 2009- يىل يانۋار 2- بېسىلىشى

▲ بىر ياخشى ئىش— ئەڭ ياخشى تەشۋىقات.

— ئابلەتجان شۈكۈر خۇشچاقچاق

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2007- يىل 6- سان 49- بەت

▲ ياتلىشىش— روھىي داتلىشىش.

— مەھمۇتجان ئابدۇۋەلى داۋۇد ئۇيغۇرزادە

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2007- يىل 1- سان 54- بەت

▲ ياتلىشىش— قەلبى داتلىشىش.

— ئابلەت مۇھەممەت كۆيزار

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2007- يىل 5- سان 49- بەت

▲ تىكەنسىز بولمىغان گۈلنىڭ پۇرىقى ھەم قىممىتى بولمايدۇ.

— تۇرسۇنجان ھەسەن

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2006- يىل 1- سان 23- بەت

▲ تىكەنسىز گۈلنىڭ پۇرىقى يوق.

— ھەسەنجان يۇسۇپ

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2009- يىل 6- سان 44- بەت

▲ خوتۇن كىشىنىڭ پاكىزلىقىنى ئېرىنىڭ ياقىسىدىن بىل. (ئۇيغۇر)

— رەھىم يۇسۇپ تۈزگەن «ئەدەپ دېگىنىدىن مارجان سۆزلەر»، 101- بەت. شىنجاڭ- ياشلار ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2007- يىل ئاپرېل 2- نەشرى 2009- يىل يانۋار 2- بېسىلىشى

▲ ئايالىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلەي دېسىڭىز ئېرىنىڭ ياقىسىغا قاراڭ.

— خەلىل ھۇسەن مۇجاۋىرىي

---

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2008- يىل 2- سان 46- بەت

سېلىشتۇرۇپ دەلىللىگۈچى: ئۈرۈمچى «توغرۇل» كىتابخانىسىدىن **ئابدۇغەنى توختى توغرۇل**

▲ ئېتىقاد بىلەن نەپس ئۈچ جايدا ئەڭ قاتتىق تىركىشىدۇ: 1. قىز باللار ئالدىدا؛ 2. بايلىق ئالدىدا؛ 3. ھوقۇق- مەنسەپ ئالدىدا.

— لۇتپۇللا ئەركىن

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2007- يىل 6- سان 50- بەت

▲ ئەرلەرنىڭ ئىنسانىي كامالىتىغا يېتىش يولىدىكى ئۈچ چوڭ سىناق: 1. بايلىق؛ 2. مەنسەپ؛ 3. ئايال.

— ئابلىكىم مۇھەممەت

---

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2009- يىل 2- سان 64- بەت

▲ «ھاياتلىقتىكى ئېزىتقۇ شەيتان»: 1. پۇل: 2. ھوقۇق؛ 3. ئىشرەت؛ 4. شاراب (شۇ نامىلىق تەرجىمە فىلىمدىن)

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2009- يىل 3- سان 71- بەت

▲ ئەڭ جەلىپكار ئېزىتقۇ ئۈچ: 1. پۇل- مال: 2. ساھىبجامال: 3. مەنسەپ- ئەمەل.

— ياقۇپ ھەمدۇللا

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2009- يىل 4- سان 59- بەت

▲ يىگىت جاسارەتتە، قىز نازاكەتتە چىرايلىق كۆرۈنىدۇ.

— مۇھەممەدۇن سەمەت ئەلقادىر

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2005- يىل 5- سان 44- بەت

▲ ئەرلىك جاسارەت، ئاياللىق نازاكەتتۇر.

— قۇربان ئابلىمىت

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2007- يىل 1- سان 38- بەت

▲ قىزلىق- نازاكەت، ئەرلىك جاسارەت.

— ھەسەنجان يۇسۇپ

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2009- يىل 5- سان 45- بەت

▲ يېمەكلىكنى قالايمىقان ئىستېمال قىلىش ئاشقازاننى، مەدەنىيەتنى قارىغۇلارچە قوبۇل قىلىش ئۆزلۈكنى بۇزىدۇ.

— ئالىمجان مۇھەممەت

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2007- يىل 6 - سان 52- بەت

▲ ئارىلاشتۇرۇپ يېسەڭ ساقلىقىڭ، ئارىلاشتۇرۇپ دېسەڭ ئىناۋىتىڭ تېز يوقىلىدۇ.

— ئابدۇغەنى توختى توغرۇل

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2009- يىل 5 - سان 53- بەت

▲ ھايۋان سەمرىسە ئەجەل، ئادەم سەمرىسە كېسەل يېقىنلىشىدۇ.

— تۇرسۇنجان قاسىم

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2007- يىل 4- سان 60- بەت

▲ تېز سەمرىگەن ھايۋاننىڭ، ياش سەمرىگەن ئادەمنىڭ ئۆمرى قىسقا.

— ياقۇپ ھەمدۇللا

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2009- يىل 5- سان 56- بەت

▲ ئارقاڭدىكى ئىزلىرىڭغا قاراپ تۇرۇپ قالساڭ، ئالدىڭدا باشقىلارنىڭ ئىزىنى كۆرىسەن.

— قۇربان ئابلىمىت

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2004- يىل 4- سان 70- بەت

▲ بىزنىڭ باشقىلاردىن كېيىن قېلىشىمىزدىكى سەۋەب، ھەمىشە ئالدىمىزغا قاراپ ئەمەس، ئارقىمىزغا بېقىپ ئىلگىرىلىگەنلىكىمىزدە.

— گۈلمەرەم تۇرسۇن

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2006- يىل 2- سان 39- بەت

▲ باشقىلارنىڭ ئىزىدىن ماڭساڭ ھەمىشە ئارقىدا قالىسەن.

— ئىلغارجان مەتتۇرسۇن ئىسلام

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2009- يىل 5- سان 51- بەت

---

سېلىشتۇرۇپ دەلىللىگۈچى: يەكەن ناھىيە بەشكەنت بازار ساڭ بازار





# ئۇلۇغ ئالىملىرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد كاشغەرىي پورترېتلىرىنىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە

غازى ئەھمەد

يېقىندا بىر دوستۇم ماڭا يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق ئەپەندىنىڭ 2007-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلغان «11-ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسى» ناملىق كىتابىدا «ئىككى ئالىمنىڭ پورترېتى ۋە مىللىي خاراكتېر» ماۋزۇلۇق ماقالىسى ئېلان قىلىنغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ ئىككى ئالىمنىڭ پورترېتىنى مەن ياراتقان بولغاچقا، بۇ ماقالىنى ئوقۇپ باققىم كەلدى. كېيىن ئۇقسام، بۇ ماقالە دەسلەپ «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2006-يىل 6-سانىغا بېسىلغانىكەن. «11-ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسى» ناملىق كىتابتىكى شۇ ماقالىنىڭ مەزمۇنى بىلەن «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىنىڭ مەزمۇنىدا خېلى پەرق باركەن. خەنزۇ كەسپداشلار ئىچىدە كۆپلىگەن گۈزەل سەنئەت نەزەرىيىچىسى ئەسەرلىرىمگە ئوبزورلار ئېلان قىلغان بولسىمۇ، ئۇيغۇر گۈزەل سەنئەت ئوبزورچىلىقى تېخى ئاجىز ھالەتتە بولغاچقا، مېنىڭ ئەسەرلىرىمگە ياكى باشقا رەسساملارنىڭ ئەسەرلىرىگە باھا - تەقرىزلەر كەمدىن-كەم يېزىلاتتى. ئىلمىي ئوبزورچىلىقنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغانلىقى تەبىئىي. چۈنكى ئىلمىي، ساغلام ئوبزورچىلىق ھەققەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئېسىللىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ناچارلىرىنى تەنقىدلەپ، سەۋەنلىكلەرگە چەك قويىدۇ. ئەمما يېتەرلىك بىلىم ئاساسى بولمىغان بەزى ئوبزورچىلارنىڭ ئاساسسىز ھەم ئورۇنسىز باھا - تەقرىزلىرى ئايدىڭلاشتۇرۇۋەتمىسە بولمايدىغان مۇجمەللىكلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. مەن ئاپتورنىڭ «11-ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسى» ناملىق كىتابىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد كاشغەرىينى تولۇق چۈشىنىپ كەتمەيدىغان، بولۇپمۇ «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى ئوقۇپ باقمىغان ئوقۇرمەنلەرنى قايمۇقتۇرىدىغان سۆز- ئىبارە ۋە كۆز قاراشلارنىڭ مەۋجۇدلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ماقالىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەزى مەسىلىلەرگە توغرا چۈشەنچە بەرمىسەم، ئۆز مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلمىغان بولىدىغانلىقىمنى ھېس قىلىپ، بۇ ماقالىنى يېزىشنى لايىق تاپتىم.

ئاپتور ماقالىسىنى «مەن مەھمۇد كاشغەرىي بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنى ئەڭ ياخشى ۋە چوڭقۇر چۈشىنىدىغانلارنىڭ بىرى» دەپ باشلىغان. ئاپتور بۇ ئىككى ئالىمنىڭ كىتابلىرىنى رەسسامنىڭ نەزىرى بىلەن ئەستايىدىل ئوقۇپ باقمىغان بولسا كېرەك. مەن بىر ئۇيغۇر رەسسامى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ ئىككى بۈيۈك ئالىمىمىزنىڭ كىتابلىرىنى ئۇلارنىڭ پورترېتىنى يارىتىش مەقسىتىدە رەسسامغا خاس نەزىرىم بىلەن تەكرار ئوقۇپ چىققان.

ئاپتور ماقالىسىدە «تەتقىقات نەتىجىلىرىگە قارىغاندا، مەھمۇد كاشغەرىي يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن 20 ياش ئەتراپىدا چوڭ ئىدى. غازى ئەھمەد رەسىمدە يۈسۈپ خاس ھاجىپنى مەھمۇد كاشغەرىيدىن 20 ياش ئۆپچۆرىسىدە چوڭ قىلىپ ئىپادىلىدى، يەنى ئاكىسىنى ئۇكىسى، ئۇكىسىنى ئاكىسى قىلىپ

ئىش ئىگىسىنىڭ دەيدىغانلىرى

قويۇلغاندەك ئىش بولدى»، «غازى ئەھمەدنىڭ سىزمىسىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ 70 ـ 75 ياشلىق بوۋاينىڭ سىيماسىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ» دەيدۇ.

قارىشىمچە، ئاپتور يۈسۈپ خاس ھاجىپ پورترېتىغا سىنچىلاپ قاراپ باقمىغاندەك قىلىدۇ ياكى يىراقتىن قاراپ بۇ ئالىمنىڭ ساقىلىنىڭ ئاقارغانلىقىنى كۆرۈپلا يەتمىشلىك بىلەن 70 ~ 75 ياشلىق بوۋايدەك بوپقاپتۇ دەپ ئويلىغان. دەرۋەقە، مەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنى ساقىلىغا ئاق كىرگەن قىلىپ سىزغانىدىم. ئۇنىڭ قاش ـ كۆزى، چىرايى ۋە بوينىغا ھېچقانچە قورۇق چۈشمىگەنىدى. ئەگەر ئۇنىڭ ساقال ـ بۇرۇتى چۈشۈرۈۋېتىلسە، ياش يىگىتتەك كۆزلىرىدىن نۇر يېغىپ، چىرايى پارقىراپ، قەددى ـ قامىتىنى تىك تۇتۇپ تۇرغان ھەم جۇشقۇن ھەم روھلۇق ھالىتىنى كۆرگەن بولاتتۇق. «يۈسۈپ خاس ھاجىپنى ئەڭ ياخشى ۋە چوڭقۇر چۈشىنىدىغان» بۇ ئاپتور ئالدى بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى مۇنۇ قۇرلارنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقى كېرەك ئىدى:

تەڭكۈزدى ماڭا قولىن ئەللىك ياشىم،
قوغۇ (ئاق قۇ) قىلدى قوزغۇن تۇسىدەك باشىم.

دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىدە يېشى ئەللىككە كەلگەندە چاچ ـ ساقىلىنىڭ ئاقارغانلىقىنى ئېنىق ئىزھار قىلغان.

چاچ ـ ساقىلى ئاقارغانلىكى ئادەمنى 70 ~ 75 ياشلىق بوۋاي دەپ ھۆكۈم قىلىش مېتافىزىكىلىق قاراش ھېسابلىنىدۇ. 40 ياشلىق كىشىلەرنىڭمۇ چاچ ـ ساقىلى ئاقىرىدىغان ئىشلار بارغۇ. ھېلىمۇ ياخشى ئالىم 50ياشلارغا كەلگەندە چاچ ـ ساقىلىنىڭ ئاقىرىپ كەتكەنلىكىنى يېزىپ قويغانىكەن. ئاپتور ماقالىسىدا «رەسساملار قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئۆزى خالىغانچە سىزىۋەرمەسلىكى لازىم. ئالىملارنىڭ رەسىملىرىنى قالايمىقان سىزىۋېرىشكە چەك قويۇش كېرەك»، «ئەڭ ياخشىسى ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەردىن بىر گۇرۇپپا تەشكىللەپ، ئۇلار رەسساملارغا رەسىمنى قانداق سىزىش ھەققىدە يول كۆرسىتىپ بەرگەندىن كېيىن ئاندىن ئۇلارنىڭ سىزىپ چىقىشىغا تاپشۇرۇپ، قايسىسىنىڭ سىزغىنى تەلەپكە يېقىنلاشقان بولسا، شۇنىڭكىنى ئېلان قىلىپ، قالغانلىرىنى شۇ مەيداندىلا كۆيدۈرۈۋېتىش، ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ يەنە ئۇ ئالىمنى سىزماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك» دەپ، ئىجادىيەت ئەركىنلىكىگە مۇخالىپ كېلىدىغان قاراشلىرىنىمۇ ئىپادىلىگەن. ئېنىقكى بۇ، رەسساملارنىڭ مۇستەقىل ئىجاد قىلىش ئەركىنلىكىگە چاڭ سالغانلىق.

ئاپتور ماقالىسىنىڭ باش قىسمىدا «رەسىم دېگەن بىر ئادەمنىڭ قىياپىتىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئوبرازىنى، خاراكتېرىنى مۇجەسسەم ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان سەنئەت» دېگەن. قىياپەتنى سىزماي تۇرۇپ، ئوبراز ۋە خاراكتېردىن ئېغىز ئاچقىلى بولامدۇ؟ بۇ بىر ئەقەللىي ساۋاتقۇ؟ ئاپتورنىڭ رەسساملىق سەنئىتى ھەققىدىكى چۈشەنچىسى مۇشۇ قەدەر چولتا تۇرۇپ بۇ ھەقتە ماقالە يېزىشى كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

مەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئوبرازىنى ئاپتور ئېيتقاندەك «قولۇمغا قەلەم ئېلىپ قالايمىقان سىزىۋەرگەن» ئەمەس. بۇنىڭدىن يىرىم ئەسىر ئىلگىرى، يەنى 1956 ـ يىلى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» دا بۇ ھەقتە ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇغان چېغىمدىلا مەندە بۇ ئىككى ئالىمنى ئۇلۇغلاش تۇيغۇسى پەيدا بولغانىدى. ئۆزۈم رەسساملىقتىكى تاغ ـ دەريا، گۈل ـ گىياھ، ئۇچار ـ قاناتلارنى سىزىشتىن ئىبارەت ژانىرنى ئەمەس، بەلكى پېرسوناژلىق رەسىم ژانىرىنى تاللىۋالغان ئۇيغۇر رەسسامى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، تارىختا ئۆتكەن ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشنى باش تارتىپ بولمايدىغان شەرەپلىك بۇرچۇم دەپ چۈشىنەتتىم. ھەقىقەتەنمۇ تارىختا ئۆتكەن ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ كۆپلىگەن رەسىمنى سىزدىم. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ پورترېتىنى يارىتىش مەسىلىسىگە كەلسەم، 1980 ـ يىللاردىن باشلاپ بۇ ئالىملار ھەققىدىكى تەتقىقاتلار تەدرىجىي چوڭقۇرلاشتى. بىراق بۇ ئالىملارنىڭ سىيماسى ھەققىدە ھېچقانداق ئوبرازلىق مەلۇمات يوق ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش خېلى مۇشكۈل ئىش ئىدى. ئەمما بۇ، زادى مۇمكىن بولمايدىغان ئىشمۇ ئەمەس ئىدى.

ئەگەر بىز رەسساملىق تارىخىنى ئاز ـ تولا ۋاراقلىساق، زامانى ئەۋۋەلدە ئۆتكەن ياكى رىۋايەت قىلىنغان، لېكىن سىيماسى توغرىسىدا ھېچقانداق ئوبرازلىق ئۇچۇر بولمىغان شەخسلەرنىڭ ئوبرازلىرىنى كېيىنكى دەۋرلەردىكى رەسساملار سىزىپ چىققان مىساللارنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈۋالالايمىز. مىسالەن ئادەمئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاتا ـ ئانىسى دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇلارنى كۆرۈپ باققان ئادەم يوق، ئەلۋەتتە. بۇلارنىڭ ئوبرازىنى كېيىنكى دەۋرلەردىكى رەسساملار ياراتتى ئەمەسمۇ. ئىتالىيىنىڭ مەشھۇر رەسسامى، كۆپ قىرلىق ئالىم لېئوناردۇ داۋىنچى 1495 ـ يىلدىن 1498 ـ يىلغىچە ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ «ئاخىرقى كەچلىك غىزا» ناملىق مەشھۇر ماي بوياق رەسىمنى ئىجاد قىلدى. رەسىمدە ئەيسا پەيغەمبەر ئون ئىككى نەپەر ساھابىسى بىلەن كەچلىك تاماق شىرەسىگە جەم بولغاندا پەيغەمبەر تۇساتتىن «ئاراڭلاردا بىرەيلەن ماڭا خائىنلىق قىلدى» دەيدۇ. رەسىمدە ساھابىلەرنىڭ ھاڭ ـ تاڭ بولۇشۇپ، «بۇ خائىن كىمدۇ؟» دەپ غەزەپلەنگەن كۆرۈنۈشى، خائىن يەھۇدانىڭ تەشۋىشكە چۈشۈپ ئالاقزادە بولغان، رەڭگى تاتىرىپ ھودۇققان قىياپىتى ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن. ھالبۇكى، ئەيسا پەيغەمبەر 1 ـ ئەسىردە ئۆتكەن بولۇپ، داۋىنچى ئۇنىڭدىن تەخمىنەن 1500 يىل بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقانىدى. جۇڭگونىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرلىرىدىن كۇڭزى بىلەن مېڭزىلار بۇنىڭدىن تەخمىنەن 2500 يىللار بۇرۇن ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ پورترېتلىرىنى يېقىنقى زامان رەسساملىرى ئىجاد قىلدىغۇ.

ھەممىگە مەلۇم، ئەدەبىيات ـ تىل ـ يېزىق سەنئىتى، مۇزىكا ـ ئاھاڭلاش ـ سىزىم سەنئىتى، گۈزەل

سەنئەت ــ كۆرۈش ــ سېزىم سەنئىتىدۇر. گۈزەل سەنئەتنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى ــ شەكىل يارىتىش سەنئىتى. ئۇ، شەيئىلەرنىڭ شەكىل ھالىتىنى سۈرەتلەش ئارقىلىق ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ. مەشھۇر شەخسلەرنىڭ، جۈملىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد كاشغەرىيدەك ئۇلۇغ ئالىملارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشمۇ مانا مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە بولىدۇ.

بىزنى سۆيۈندۈرىدىغان يېرى شۇكى ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پورترېتىنى يارىتىشقا كېرەكلىك ئۇچۇر «قۇتادغۇ ـ بىلىك» داستانىنىڭ ئۆزىدىلا يېتەرلىك تېپىلىدۇ.

ئالىم داستانىنىڭ 130 ـ بابىدا تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلىغان كىشى خاس ھاجىپ ئۇنۋانىغا ئېرىشەلەيدۇ دەپ كۆرسىتىدۇ:

2444 : ھايالىق، سىلىق بولسا نازۇك خۇيى،
كىلەر خۇلقى، سۆزىدىن ياخشىلىق بۇيى (ھىدى).
2447: زېرەك بولسا، مالدىن قىنىالماس بولۇر،
بىلىم بولسا، ئىشتا يېڭىلمەس بولۇر.
2454: ئەقلى پايدىسى بەك تولا، زور ئېرۇر،
جىمى ياخشىلىقلار ئەقلىدىن بولۇر.
2458: ھاجىپنىڭ ساقال ـ چاچى ئۆز بولسۇن يۈزى،
ئاۋازى ئېرەنچە ۋە ئوچۇق سۆزى.
2460: كېلىشكەن ساقال ـ چاچ ــ كىشى ھەيۋىتى،
بۇ ھەيۋەت بولۇر ئەر كىشى ھۆرمىتى.
2465: گۈزەل يۈزنى كۆرگەن كىشى خۇشلىنۇر،
كۆڭۈل ئېچىلۇر ھەمدە جان زوقلىنۇر.
2473: ھاجىپ بولسۇن ئاقىل، كەمتەر، مۇلايىم،
پېقىر، تۇل، يېتىمگە كۆيۈنسۇن دائىم.
2474: قۇلاق ساق ئولسۇن ئەقىل ئىلمى كەڭ،
مىجەزى تۈز ئولسۇن، تىلى ـ كۆڭلى تەڭ.
2481: ئۇلۇغ ھاجىپ دېسە بولسۇن يۈز يورۇق،
كېرەك بۇ پەزىلەت، بىلىملەر تولۇق.

يۇقىرىدىكى بېيىتلەردە خاس ھاجىپ بولۇش ئۈچۈن سىلىق ـ سىپايە، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، بىلىملىك ، رەڭگىرويى چىرايلىق، گەپ ـ سۆزى مۇلايىم، مېھىر ـ شەپقەتلىك، كىچىك پېئىل، خۇش خۇي، سۇلكەتلىك، چاچ ـ ساقىلى كېلىشكەن، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغىغىدەك ھەيۋەتلىك، ھەتتا ئاۋازى ئەرلەرگە خاس بولۇش دېگەندەك شەرتلەرنى ھازىرلاش لازىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئۇنىڭدا يەنە خاس ھاجىپ بولۇشنىڭ شەرتلىرىنى تۆۋەندىكى ئىككى بېيىت ئارقىلىق ئون تۇرلۇك شەرتكە يىغىنچاقلىغان:

2487: ھاجىپقا ئاۋۋال بۇ ئون نەرسە كېرەك:
ئىتتىك كۆز، قۇلاق ساق، كۆڭۈل كەڭ كېرەك،
2488: گۈزەل يۈز، بوي، تىل، ئاڭ، ئەقىل ۋە بىلىم،
خۇلق ـ مىجەز بۇلارغا تولۇق تەڭ كېرەك.

مەن بۇلارنى ئوقۇپ قاراخانىيلار خانلىقى خاقانىنىڭ خاس ھاجىپى بولغان يۈسۈپ بوۋىمىزنىڭ ساپا ـ سۈپەتلىرىنىڭ دەل يۇقىرىقى بېيىتلاردا كۆرسىتىلگەن شەرتلەرنى تولۇق ھازىرلىغانلىقىنى جەزم قىلدىم.

ئۇزۇن يىل پېرسوناژلىق رەسىم سىزىش بىلەن ھەپىلەشكەن، بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە كۆپلىگەن ئوبرازنى ياراتقان مەندەك بىر كەسپىي رەسسام ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدىن يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان شەرتلەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئوبرازلارنى بايقاش، بۇلارنى مۇۋاپىق ھالدا بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزۈم تەسەۋۋۇر قىلغان يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئۈنچە تەسكە توختىمىدى. بىراق «ئاۋازى ئېرەنچە» دېگەن شەرتنى ئورۇنداش بېشىمنى بىر ئاز قاتۇردى. ئىزدىنىش ئارقىلىق بۇ مەسىلىمۇ ھەل قىلىندى. ئەرلەر ئاۋازىنىڭ ئەرلەر يۇقىرى ئاۋاز، ئەرلەر ئوتتۇرا ئاۋاز، ئەرلەر تۆۋەن ئاۋاز دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئەرلەر يۇقىرى ئاۋاز بىر قەدەر زىل بولۇپ، ئەرلەر ئوتتۇرا ئاۋازغا ئوخشاش جاراڭلىق ۋە دولقۇنلۇق ئەمەس ئىدى. ئادەمنىڭ ئاناتومىيىلىك ھالىتىدىن ئۇنىڭ يۇقىرى ئاۋاز، ئوتتۇرا ئاۋاز ياكى تۆۋەن ئاۋازلىق كىشى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولامدۇ؟ بۇ سوئالغىمۇ جاۋاب تېپىلدى. مەن بۇ ھەقتە شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىمىزدىكى پەن ئىنزى، چى خۇڭئېن، جۇخۋا قاتارلىق پېشقەدەم ناخشا مۇتەخەسسىسلىرىنى زىيارەت قىلدىم. ئۇلار مېنى «بوينى قىسقا، سېمىز ئادەمنىڭ ئاۋازى زىل، چىرقىراق چىقىدۇ. كۆكرىكى چوڭ، ئۆپكىسى تەرەققىي قىلغان، بوينى نىسبەتەن ئۇزۇن، بۇغدىيىكى بىر قەدەر روشەن كۆرۈنىدىغان ئادەملەر ئوتتۇرا ئاۋاز ياكى تۆۋەن ئاۋاز بولىدۇ» دېگەن ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن «ئاۋازى ئېرەنچە» دېگەن مەسىلىمۇ ھەل بولدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پورترېتىغا سىنچىلاپ قارىغان كىشى ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن ناھايىتى زېرەك، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، چارە ـ تەدبىرلىك، سالاپەتلىك بىرئىلىم ئىگىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ كىشىنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك، چىرايىدىن ھىدايەت ۋە سائادەت نۇرى يېغىپ تۇرىدىغان، ئاق كۆڭۈل، كىشىلەرنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، مۇلايىم ھەم چىرايلىق ئەرباب سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزدا ئايان بولىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ پورترېتىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە تېخىمۇ ئۇزۇن بىر جەريان بېسىپ ئۆتۈلدى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، مەن 13 ياش ۋاقتلىرىمدا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇيتتىم. مەدرىسەدىكى تالىبلار قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسى ئوپال يېزىسىدىكى «ھەزرىتى موللام» ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى سۆزلەيتتى. ئارىمىزدىكى چوڭراق تالىبلار ۋە يۇرتىمىزدىكى بىر قىسىم ئىخلاسمەن كىشى ھەر يىلى «ھەزرىتى موللام» مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلغىلى ئوپالغا باراتتى. ئۇلار زىيارەتتىن قايتىپ كېلىپ، بىزگە ئۇ يەردە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى ھېكايە قىلىپ بېرەتتى. ئۇلارنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە: «ھەزرىتى موللام بىر شاھزادە ئىكەنمىش. ئۇ شاھلىقنى تاشلاپ، ئىلىم تەھسىل

قىلىش يولىغا ئۆزىنى ئاتاپ، يەككە-يېگانە يولغا راۋان بولغانىكەن. ئۇ ئەتراپتىكى قوشنا ئەللەرنى ئالا قويماي ئارىلاپتۇ. ئاخىرى خوراسان، باغداد، دەمەشىق قاتارلىق شەھەرلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئەۋلىيالىق دەرىجىسىگە يەتكەنىكەن. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ۋەتىنىگە قايتىپ كېلىپ، ئوپال يېزىسىنىڭ ئەڭ هاۋالىق يېرىگە مەسچىت، مەدرىسە، قىرائەتخانىلارنى سالدۇرۇپ، ئۆزى مۇدەررىس بولغانىكەن. «ھەزرىتى موللام» 100 ياشلار ئەتراپىدا ياشىغانىكەن (ئېهتىمال ھىجرىيە يىلنامىسىنى كۆزدە تۇتسا كېرەك). «ھەزرىتى موللام» نىڭ جەسىتى تاغنىڭ ئۈستىگە دەپنە قىلىنغانىكەن. مەقبەرە ئالدىدىكى بىر بۇلاقتىن قىش - ياز بۇلدۇقلاپ سۇزۇك سۇ چىقىپ تۇرىدىكەن. بۇلاق بويىدا «ھاي - ھاي تېرەك» دەپ ئاتىلىدىغان يوغان تېرەكلەر بار ئىكەن. تاغنىڭ باغرىدىكى بۇلاقلاردىن سۇ چىقىپ تۇرۇشى نورمال ئەھۋال بولسىمۇ، تاغنىڭ ئۈستىدىن بۇلاق سۈيى ئېقىپ چىقىشى بىر سىر ئىكەن. تاغ باغرىدا مەسچىت - مەدرىسە بولۇپ، ئۇنىڭ ھۇجرىلىرىدا يېتىپ - قوپۇپ ئىستىقامەت قىلىدىغان، «ھەزرىتى موللام» نىڭ مەقبەرىسىنى تاۋاپ قىلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىكەن... شۇ چاغدا مېنىڭ بالىلىق قەلبىمدە «ھەزرىتى موللام»نى «ئەۋلىيا» دەپ ئۇلۇغلاش تۇيغۇسى ئورۇن ئالغانىدى. كېيىنكى كۈنلەردە «ھەزرىتى موللام» دېگەن ئاتالغۇنىڭ ھەرگىزمۇ بىرەر ئادەمنىڭ ئىسمى بولماستىن، بەلكى ئاۋام خەلقنىڭ ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينى ھۆرمەتلەپ تىلغا ئالغان سۈپەت سۆزى ئىكەنلىكى ئايان بولدى.

بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەري قەشقەر ۋىلايىتى كونا شەھەر ناھىيىسى ئوپال يېزىسىدىن بولسا، مەن كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ قورغان يېزىسى ھۇجىدار (خوجىدار) كەنتىدىن بولغاچقا، يۇرتدىشىم مەھمۇد كاشغەري بىلەن تېخىمۇ پەخىرلىنىمەن ۋە ئىپتىخارلىنىمەن. بۇ مېنىڭ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ پورترېتىنى سىزىشقا چوڭقۇر ئىشتىياق بىلەن كىرىشكەنلىكىمنىڭ بىر مۇھىم سەۋەبىدۇر. مەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ پورترېتىنى ئاپتور ئېتىقانىدەك ھەرگىزمۇ تەييارلىقسىز ھالدا «خالىغانچە»، «قالايمىقان» سىزغان ئەمەس، بەلكى چوڭقۇر ئىپتىخار ۋە يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن قولۇمغا قەلەم ئالغانمەن.

مەھمۇد كاشغەري ئۇلۇغ ئېنسىكلوپېدىك ئالىم بولۇش سۈپىتى بىلەن تۈركشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى، بۈيۈك تىلشۇناس، يېتىلگەن ئەدىب، فىلولوگ، ئېتنوگراف، جەمئىيەتشۇناس، مىللەتشۇناس، جۇغراپىيەشۇناس، ھەربىيشۇناس زات. ئۇ نەسەب جەھەتتە قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتىدىن. ئۇ ئالىي تەربىيە كۆرگەن غۇرۇرلۇق شاھزادە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قەيسەر ئىزدەنگۈچى، مەسئۇلىيەتچان ئالىم. مەن مەھمۇد كاشغەري پورترېتىنى يارىتىشتا بۇ نۇقتىلارنى ئازراقمۇ نەزىرىمدىن ساقىت قىلمىدىم.

ئومۇمەن، مەن بۇ بۈيۈك ئالىملارنىڭ پورترېتىنى تۈۋەندىكى باسقۇچلار بويىچە ئىشلىگەنىدىم: ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئابىدىلىرىنى ئۆگەندىم، ئاندىن ھاياتى ھەققىدە ھەممە ئۇلارنىڭ تەۋەررۇك كىتابلىرى توغرىسىدا يېزىلغان ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئوقۇپ، بىر قەدەر ئېنىق چۈشەنچە ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ پورترېتلىرىنىڭ دەسلەپكى لايىھەسىنى قارا قەلەم بىلەن سىزىپ چىقىپ، 1980 - يىلى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»دا «پىكىر ئېلىش نۇسخىسى» دېگەن ئىزاھات بىلەن ئېلان قىلغانىدىم. ئاندىن مۇناسىۋەتلىك ئالىم-مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىكىر - تەۋسىيىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، 1981 - يىلى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىش ئۈستىدىكى كۆرۈنۈشىنى ماي بوياق رەسىم قىلىپ سىزىپ چىقتىم. 1982 - يىلى 1 - يانۋار بۇ رەسىمنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەت بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇردۇم. كۆرگەزمىدە بۇ رەسىم 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، بېيجىڭ مىللەتلەر مەدەنىيەت سارىيى تەرىپىدىن ئەتىۋارلاپ ساقلاشقا ئېلىپ قېلىندى. 1982- يىلى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەرىپەت قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشىنى سىزىپ چىقتىم. بۇ رەسىمنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىش ئۈستىدىكى رەسىمىنىڭ كۆچۈرۈلمىسى بىلەن قوشۇپ ساقلاشقا ئېلىپ قالغانىدى.

ئۆزبېكىستان مۇستەقىل بولۇش ھارپىسىدا ئۆزبېكىستاندىكى نوپۇزلۇق ژۇرنال-«سەنئەت» نىڭ 1991- يىل 6 - سانىنىڭ مۇقاۋىسىغا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ، مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىگە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ، مۇقاۋىنىڭ2 - بېتىگە ئامانىساخاننىڭ، مۇقاۋىنىڭ 3 - بېتىگە «غېرىب - سەنەم» نىڭ رەسىمىنى ، ژۇرنالنىڭ مەركىزىي بېتىگە «مۇقام» ناملىق رەسىمىمنى، بۇنىڭدىن باشقا «كۈلالچى»، «ئوغلاق تارتىشىش»، «ناھەق ھۆكۈم» قاتارلىق رەسىملىرىمنى بېسىپ، مەزكۇر رەسىملەرگە ئاتاپ ئۆزبېك ئالىملىرى تىلەپ مەھمۇدوف بىلەن مۇھەممەد ھەمرايېفنىڭ «تارىخقا تەزىم» ناملىق ئوبزورى ئېلان قىلىنغانىدى. ئوبزوردا يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد كاشغەرىيدىن ئىبارەت ئىككى ئالىمنىڭ رەسىملىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەنىدى. بۇ ماقالىنىڭ ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلغىنى «شىنجاڭ سەنئىتى» قاتارلىق ژۇرناللاردىمۇ ئېلان قىلىنغانىدى.

مەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىش ئۈستىدىكى كۆرۈنۈشىنى سىزغاندا، «ھەزرىتى موللام» مەقبەرىسىنىڭ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مەقبەرىسى ئىكەنلىكى تېخى تولۇق مۇئەييەنلەشمىگەنىدى. 1983 - يىلى قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ خاتىبى، ئەينى زاماندىكى قەشقەر مەھكىمە شەرئىينىڭ قازىسى، تارىخچى، شائىر ئىمىر ھۈسەيىن قازىئاخۇنۇم جالالىددىن رۇمىينىڭ «مەسنەۋىي شەرىف» ناملىق كىتابىنىڭ بوش بېتىگە يېزىلغان «ھەزرىتى موللام »مازىرىغا كىتاب ۋەخپە قىلىش ھەققىدىكى يۈزنەچچە يىل بۇرۇنقى ۋەخپىنامىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى «ھەزرىتى موللام» نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن بۇ مەقبەرە دەل مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مەقبەرىسى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

نەتىجىدە، بۇ خۇش خەۋەر تارالغاندىن كېيىن ئاپتونوم رايونىمىزدىلا ئەمەس، پۈتكۈل مەملىكىتىمىزدە مەھمۇد كاشغەرىي ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» توغرىسىدىكى تەتقىقات ئەۋج ئېلىپ، كۈندىن - كۈنگە چوڭقۇرلاشتى ۋە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. يازغۇچى پەرھاد جىلانىنىڭ «مەھمۇد كاشغەرىي» ناملىق تارىخىي رومانى ئېلان قىلىندى.

دېمەك، مۇشۇنداق تەتقىقات قىزغىنلىقىنىڭ تۈرتكىسىدە، مەھمۇد كاشغەرىي توغرىسىدىكى چۈشەنچەمدە يەنىمۇ چوڭقۇرلاش بولدى. مېنىڭ 1981 - يىلى سىزغىنىم ئالىمنىڭ ئىش ئۈستىدىكى كۆرۈنۈشى ئىدى. بەزى مەنبەلەردە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ 1005 - يىلى دۇنياغا كەلگەنلىكى خاتىرىلەنگەنلىكى ئۈچۈن، 2005 - يىلى مەھمۇد كاشغەرىي تەۋەللۇتىنىڭ 1000 يىللىقى بولىدۇ دەپ قارىلىپ، قەشقەردە مەھمۇد كاشغەرىي تەۋەللۇتىنىڭ 1000 يىللىقى خاتىرىلىنىپ، مەملىكەت بويىچە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەنىدى. 1981 - يىلى سىزغىنىم ئالىمنىڭ ئىش ئۈستىدىكى ھالىتى بولۇپ، ئۇ پورترېت ئەمەس ئىدى. يىغىن زالىغا ئېسىش ئۈچۈن ئالىمنىڭ پورترېتى بولۇش لازىم ئىدى.

ئاپتور ماقالىسىدا: «غازى ئەھمەد بۇرۇن ئۆزى سىزغان مەھمۇد كاشغەرىينىڭ پورترېتىغا ئوخشىمايدىغان يەنە بىر ئوبرازنى بارلىققا كەلتۈردى» دېگەن. ئەمەلىيەتتە ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس ئىدى. دەسلەپتە سىزغىنىم پورترېت ئەمەس، كېيىن سىزغىنىم پورترېت ئىدى. ئالدىنقىسىدا ئالىمنىڭ بېشى تۆۋەنرەك چۈشكەن بولۇپ، ئىككى كۆزى قولىدىكى يازمىغا تىكىلگەن، بارلىق زېھنى بىلەن تىل تەتقىقاتىغا بېرىلگەن كۆرۈنۈش بولسا، پورترېتتا ئالىم بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئەقىل - ئىدراكقا تولغان نەزىرىنى ئالدىدىكى جامائەتكە قاراتقان قىلىپ سىزىلغان. بۇ پورترېت رەسىم يىغىن سەھنىسىگە ئېسىلغاندا، يىغىن زالىدا ئولتۇرغان ھەر قانداق بىر كىشى مەيلى زالنىڭ قايسى يېرىدە بولسۇن، ئالىم شۇ كىشىگە كۆز تىكىپ تۇرغان ھالەتتە كۆرۈنىدۇ. پرىسپكتىۋ ئىلمى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئادەم باشنى تۆۋەنگە قارىتىپ تۇرغان ھالىتى بىلەن بېشىنى ئۈستۈن كۆتۈرۈپ، ئالدىدىكى شەيئىلەرگە كۆز تىككەن چاغدىكى ھالەتنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقى چۈشىنىشكە بولىدىغان ئەڭ ئەقەللىي مەسىلە. مەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ پورترېتىنى سىزىشتا، ئالىمنىڭ ئالدىنقى رەسىمدىكى قاۋۇل گەۋدىسى، باش شەكلى، يۈزىنىڭ كۆپتى، قاڭشىرى، ساقال - بۇرۇتى قاتارلىقلارنىڭ ئاساسىي شەكلىنى ساقلاپ قېلىپ، ئۇنىڭ بېشىنى ئۈستۈن كۆتۈرگەن چاغدىكى پرىسپكتىۋلىق ئۆزگىرىشنى ئىپادە قىلدىم، خالاس. بۇ ئىككىسى ھەرگىزمۇ ئاپتور ئېيتقاندەك بىر - بىرىگە زادى ئوخشىمايدىغان ئىككى ئادەم ئەمەس. پەقەت ئۇنىڭ ھەرىكىتى ۋە بىزنىڭ كۆرۈش نۇقتىمىز ئوخشىمايدۇ، خالاس. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئىككى رەسىم ئارىسىدا نازۇك پەرقلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي. چۈنكى، بىرىنچى رەسىم سىزىلىپ، ئارىدىن توپتوغرا 24 يىل ئۆتكەندە ئىككىنچى رەسىم سىزىلدى. بۇ جەرياندا مەن كۆپ تەكشۈرۈش ۋە ئىزدىنىشتە بولدۇم. كېسىپ ئېيتالايمەنكى، ئىككىنچى قېتىم سىزىلغىنى مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكى مەھمۇد كاشغەرىي بولىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ چىرايىدىن سىلىق - سىپايە ئۆلىما، ئەقىل - پاراسەتلىك مۇتەپەككۇر، دانىشمەن شائىر، قاش - كۆزلىرى چىرايلىق، كېلىشكەن ئۇيغۇر ئوغلانى ئەكس ئەتسە، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئوبرازىدىن غەييۇر شاھزادە، ئىلمۇ - ئېرپاندا كامالەتكە يەتكەن زات ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرغاندىن باشقا، ساغلام بەدەن، پۈتكۈل جىسمى كۈچ - قۇدرەتكە تولغان باھادىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. ئۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئۆزىنى «مەن شۇ تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىسىگە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن» دېگەنىدى. دېمەك ئۇ قەلەمگىلا ئەمەس، ئەلەمگىمۇ ماھىر، ئۆز دەۋرىنىڭ باتۇرلىرىدىن ئىدى. مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز ئەسرىدە «ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن - ئاياغ كېزىپ چىقتىم. تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىز قەبىلىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى خاتىرىلەپ چىقىپ ئۇلاردىن پايدىلاندىم. شۇنىڭ بىلەن بۇ قەبىلىلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ تىلى مېنىڭ تىلىمغا ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتى» دېگەنىدى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، «تۈركىي تىللار دىۋانى» بارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىپتىخارلىنىدىغان ئورتاق بايلىقتۇر.

2009 - يىلى 18 - ئاپرېل، ئۆزبېكىستاننىڭ پايتەختى تاشكەنتتە ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى خەلقئارالىق مىللىي مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ باشچىلىقى، ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ تەشكىللىشىدە مەھمۇد كاشغەرىي تەۋەللۇتىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش بويىچە خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەنىدى. يىغىندا ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى خەلقئارالىق مىللىي مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ رەئىسى نەسرىددىن مۇھەممەددىيېۋ ئېچىش نۇتقى سۆزلەپ: «مەھمۇد كاشغەرىي گەرچە ئۇيغۇر پەرزەنتى بولسىمۇ، ئۇ 15 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئەل - قوۋم ۋە قەبىلىلەر ئولتۇراقلاشقان يېزا - قىشلاق، ئىدىر - ئايماقلارنى تۈگەل ئارىلاپ، تىل بايلىقلىرىنى توپلاپ سىلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، تىلىمىزنى قوغداپ قالدى. مۇشۇ نۇقتىدىن بىز ‹تۈركىي تىللار دىۋانى›نى ئورتاق بايلىقىمىز دەپ قارايمىز ...» دېدى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ئورگىنى 2008 - يىلنى «مەھمۇد كاشغەرىي يىلى» دەپ نىشانلىغانىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بېيجىڭ، ئۈرۈمچى، قەشقەر شەھەرلىرىدە، قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىدە، تۈركمەنىستاننىڭ پايتەختى ئاشخاباتتا، ئۆزبېكىستان پايتەختى تاشكەنتتە، تۈركىيىدە مەھمۇد كاشغەرىي تەۋەللۇتىنىڭ 1000 يىللىقى تەنتەنىلىك خاتىرىلەندى. ئەنە شۇ تەنتەنىلىك يىغىن سەھنىلىرىگە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ 2005 - يىلى مەن سىزغان پورترېتى چوڭايتىلىپ ئېسىلدى.

ئاپتور ماقالىسىدا: «...مەركىزىي ئاسىيادا...قازاق

قىياپەتلىك مەھمۇد ۋە يۈسۈپلەر، قىرغىز سىيمالىق مەھمۇد ۋە يۈسۈپلەرنىڭ سىزما رەسىمى مەيدانغا چىقىپ، دۇنياغا تارقىتىلدى. ھەتتا پۇللارغا چۈشۈرۈلۈپ، ئۇلارغا كاتتا ئورۇن بېرىلدى. بىز بۇ ئەللەرگە ۋە رەسساملارنىڭ تىرىشچانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمىز، ئۇلارغا يۇقىرى دەرىجىدىكى قەدىرلەش نەسىبى بەرگەنلىكىدىن ئېپتىخارلىق ھېسسىياتىدا بولىمىز...ھازىر كىشىلەر قازاق قىياپەتلىك، قىرغىز قىياپەتلىك، ئۆزبېك قىياپەتلىك، ئۇيغۇر قىياپەتلىك مەھمۇد ۋە يۈسۈپ بىلەن ئۇچرىشىپ...تىنەپ- تەمتىرەپ قالدى» دەيدۇ.

مەن قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك قىياپەتلىك مەھمۇد ۋە يۈسۈپلەرنى ھەم بۇلارنىڭ رەسىملىرى چۈشۈرۈلگەن پۇللارنى كورمىدىم.

2008 -يىلى ئۆكتەبىردە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ يېڭى نەشرى (مۇكەممەل نۇسخىسى)دە، مەن 2005 - يىلى ئىجاد قىلغان مەھمۇد كاشغەرىينىڭ پورترېتى ئېلان قىلىندى. بۇ پورترېت بارلىققا كەلگەندىن بۇيان دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەللەردىكى كۆپلىگەن كىتاب - ژۇرنال مۇقاۋىسى، كالېندار، خاتىرە بۇيۇمدا زاھىر بولدى، خاتىرە ئىزناكلار ئىشلىنىپ تارقىتىلدى. ئالىمنىڭ ساقال- بۇرۇتى ئاساسەن قارا بولسىمۇ، ئۇنىڭ ياش - قۇرامىنىڭ ئەللىكتىن ئاللىبۇرۇن ئاشقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

ئاپتور ماقالىسىدا يەنە پاكىتقا ھۆرمەت قىلماي «ئۇيغۇنلۇق ۋە جىنلىق ئىپادە قىلىنمىغان باشقا بىر ئوبرازنىڭ تارىخىمىزدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىككى ئالىمىمىزنىڭ ئوبرازىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋېلىشى سۈكۈت قىلىدىغان ئىش ئەمەس»، «... ئۇ، مەھمۇد كاشغەرىيگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش بولۇپ قالدۇ، بۇ رەسىمدىن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ روھى قورۇنماي قالمايدۇ ...» دەيدۇ. مەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد كاشغەرىيدەك ئالىملىرىمىزنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىش يولىدا خېلى كۆپ جاپا چەككەن بولسامۇ، يېقىنقى يىللاردىن بېرى بۇ ئەسەرلەر دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەللەردىكى نۇرغۇنلىغان كۆرۈرمەننىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشى، قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەندىن كېيىن ھاردۇقۇم چىققاندەك ھېس- تۇيغۇغا كەلگەندىم. ئاپتورنىڭ ماقالىسىدىكى «... باشقا بىر ئادەمنىڭ ئوبرازى بىزنىڭ ئالىملىرىمىزنىڭ ئوبرازىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋالدى...»، «ئالىملىرىمىزغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش بولدى ...» دېگەنلىرىدىن ھەيران قالدىم. ئەمما ئىش يۈزىدە مەن بۇ ئالىملارنىڭ پورترېتلىرىنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرۈپ، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئاپىرىن ئوقۇشىغا ئېرىشتىم.

ئاپتور ماقالىسىدا ئىلگىرى سۈرگەن ئەڭ مۇھىم پىكىر پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ئىككى ئالىمنىڭ پورترېتلىرى مۇكەممەل ئەمەس، مۇكەممەل ئوبرازنى يارىتىش كېرەك دېگەندىنلا ئىبارەت. شۇڭلاشقا ئۇ ماقالىسىدا«مۇكەممەل» ئىبارىسىنى سەككىز قېتىم تەكرارلىغان. «مۇكەممەل»-ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەب تىلىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، بۇ، «كەم - كۈتىسىز»،«تەلتۆكۈس»، «قىل سىغمايدىغان»، «تاكامۇللاشقان »دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەن ئىلگىرى يازغان ماقالەمدە «كۆز ئالدىمىزدا ئايان بولغان بۇ پورترېتلار ئالىملارنىڭ رېئال ئوبرازى ئەمەس، بەلكى رەسسامنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى غايىۋى ئوبرازدىن ئىبارەت» دېگەنىدىم. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاپتورنىڭ «مۇكەممەل» بولۇشنى تەلەپ قىلىشى ئىلمىي پوزىتسىيە ئەمەس. ئەگەر ئۇ رېئال ئوبراز بولغان بولسا، ئۇنىڭغا «مۇكەممەل» دېگەن تەلەپنى قويۇش توغرا بولاتتى.

ئاپتور ماقالىسىدا يەنە «ئالىملارنىڭ باش سۆڭىكىنى قېزىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ قىياپىتىنى تورغۇزۇپ، ئاندىن سەنئەت جەھەتتىكى تولۇقلىمىلارنى قىلساق...» دېگەن تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئىلگىرى مەن بۇ ھەقتە توختالغانىدىم. ھازىر بۇ مەسىلىنى تەكرار ئىزاھلاشقا مەجبۇر بولۇۋاتىمەن. تارىختا ئۆتكەن بەزى رەسساملار بۇ خىلدىكى زاتلارنىڭ رەسىمىنى سىزغاندا، ئۇلارنىڭ باش سۆڭەكلىرىدىن پايدىلانغان. مەسىلەن، 1951 - يىلى ئەبۇئەلى ئىبىن سىنا، ئەمىرتېمۇر كۆرەگانىي، ئۇلۇغبېكلارنىڭ جەسەتلىرىنى يېڭىدىن قۇرغان ھەمەدان گۆرىستانلىقىغا يۆتكىگەن چاغدا، ئىرانلىق فوتوگراف سەئىد نەفىسىي ئۇلارنىڭ باش سۆڭەكلىرىنى سۈرەتكە تارتىۋالغانىكەن. 1956 - يىلى رۇس رەسسامى مىخائىل مىخائىلوۋىچ گراسموف مانا شۇ باش سۆڭەكلىرىنىڭ سۈرەتلىرىگە قاراپ، ئۇلارنىڭ پورترېتلىرىنى سىزىپ چىققانىدى. بۇ خىل ئىزدىنىش روھىنى قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. بىراق، سەنئەت ئاناتومىيىسى ئىلمىنى ئاساس قىلغاندا، سۆڭەك ئۈستىدە پەي، مۇسكۇل، قان تومۇر نېرۋا قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە تېرە قاتلىمى، ئۇنىڭ ئۈستىدە چاچ، ساقالغا ئوخشاشلار جايلاشقان بولىدۇ. باش سۆڭىكىنىڭ ئۆزى ئادەمنىڭ بېشىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، يۈزىنىڭ سوزۇنچاق ياكى يۇملاق ئىكەنلىكى، مەڭزىنىڭ ئېگىز ياكى پەسلىكى، قاڭشىرىنىڭ ئېگىز - پەسلىكىگە ئوخشاشلارنى كۆرسىتىپ بېرەلىسىمۇ، ئادەمنىڭ ئوبرازىنى تەشكىل قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئەزا ھېسابلىنىدىغان قاش - كۆز، ئېغىز - بۇرۇن، قۇلاق، يۈز، بويۇن شۇنىڭدەك ساقال - بۇرۇت قاتارلىقلارنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ، بولۇپمۇ بۇ ئادەمنىڭ خۇلق - مىجەزى، خاس خاراكتېرى، يەنى بۇ ئالىممۇ ياكى زالىممۇ؟ دېگەندەك مەسىلىلەرنى تېخىمۇ كۆرسىتەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ ئالىملارنىڭ تەۋەررۇك ئۇستىخانلىرىنى ئورنىدىن قوزغاشنى لايىق كۆرمىگەنىدىم. ئىنسانىيەت تارىخىدا ئۆتكەن مۇتلەق كۆپ ساندىكى مەشھۇر زاتنىڭ رەسىملىرىنى سىزغاندا قەبرىلىرىنى كولىغان ئەمەس.

ئاپتور ماقالىسىدا ئالىملارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى، جۇملىدىن بېشىدىكى سەللىسىگە پىكرى بارلىقىنى بايان قىلغان.

ئالىملىرىمىزنىڭ ھەر ئىككىلىسى يالغۇز قەلەمدىلا ئەمەس، ھەربىي ئىلمىدىمۇ كامالەتكە يەتكەنلىكى راست. بۇ دېگەنلىك ئالىملار ئوردا ئىچىدىمۇ زامان ۋە ماكان بىلەن ھېسابلاشماي جەڭ كىيىملىرىنى كىيىپ يۈرۈشى كېرەك دېگەنلىكتىن دېرەك

بەرمەيدۇ. ئاپتورنىڭ بۇ ئالىملارنىڭ پورترېتىنى ئۈچىنچى ساۋۇت، بېشىغا دۇبۇلغا كىيگەن ھالەتتە سىزىشنى تەلەپ قىلىشى ھەرگىز ئەقىلغە سىغمايدۇ. ئۈچىنچى ساۋۇت، بېشىغا دۇبۇلغا كىيگەن كىشى يېنىغا قىلىچ (خەنجەر) ئېسىپ، قولىغا نەيزە بىلەن قالقان ياكى ئۇمۇت بىلەن گۇرزە ئېلىشى لازىم بولىدۇ.

مەن ئۆزبېكىستان دۆلەتلىك مۇزېيىدا ئوتتۇرا ئەسىرگە، ھەتتا قاراخانىيلار خانلىقىغا تەئەللۇق ساۋۇت، دۇبۇلغا، ئۇمۇت، نەيزە، قالقان، گۇرزىلەرنى كۆردۈم. شۇ دەۋردىكى ئەشۇ بىر يۈرۈش ھەربىي كىيىمنىڭ ئېغىرلىقى 40 ـ 50 كىلوگرام كېلىدىكەن. بۇنداق كىيىملەر پەقەت جەڭ ئۈستىدىلا كىيىلىدۇ. ئاپتورنىڭ ئالىملارغا ئاشۇنداق جەڭ كىيىملىرىنى كىيدۈرۈشنى تەلەپ قىلىشى ئەقىلغا سىغمايدۇ.

مەن 1986 ـ يىلى بېيجىڭدە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەينى چاغدىكى مۇئاۋىن باشلىقى سەيپىدىن ئەزىزىينىڭ ئۆيىدە 15 كۈن يېتىپ ـ قوپۇپ «سۇتۇق بۇغراخان» رومانىنىڭ مۇقاۋىسىغا (قىستۇرما) رەسىملىرىنى سىزغانىدىم. بۇ جەرياندا سەيپىدىن ئەپەندىمنىڭ كۇتۇپخانىسىدىن قاراخانىيلار خانلىقىغا دائىر رەسىملىك كىتابلارنى تاللىۋېلىپ، رەسىم سىزغاندا پايدىلانغانىدىم. روماندا تەسۋىرلەنگەن سەركەردىلەرنىڭ جەڭ كىيىملىرىنى كىيىپ، ھەتتا ئارغىماقلارنىمۇ ئوق ۋە نەيزىلەردىن قوغدىنىدىغان يېپىنچىلار بىلەن ئوراپ، يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپ قوچاقلاشما جەڭ قىلغان كۆرۈنۈشلەرنى سىزغانىدىم. ئۇ، ئوردا ئىچى ئەمەس، بەلكى جەڭ مەيدانلىرى ئىدى.

ئاپتور ماقالىسىدا: «ئالىملار... بېشىغا قارا يامغۇر ۋە ئىسسىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قارا يىپەك كۈنلۈك تۇتۇلۇشى كېرەك ئىدى» دېگەن. بۇ يەردە ئاپتور ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ تالالا ـ تۈزگە چىققاندا، ئاممىۋى سورۇنلارغا بارغاندا ياكى شىكارغا چىققاندا بېشىغا كۈنلۈك (سايىۋەن) تۇتقۇزىدىغانلىقىنى، ئوردا ئىچىدە بولسا بۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى ئويلىمىغان. ئاپتور يەنە: «بىز تارىخىي شەخسلەرنىڭ رەسىملىرىنى سىزغاندا، ئۇلارنىڭ بېشىغا سەللە ئورىماق ئوبرازى يارىتالامدۇق؟» دەپ سوئال قويغان. بۇ سوئالغا قارىغاندا، مەن سىزغان مەھمۇد كاشغەرىينىڭ دەسلەپكى رەسىمنى ئاپتور كۆرمىگەن ئوخشايدۇ. مەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ دەسلەپكى رەسىمنى سىزغاندا، ئۇنىڭ بېشىغا سەللە ئورىمىغانىدىم. چۈنكى بۇ ئالىمنىڭ ئىش ئۈستىدىكى كۆرۈنۈشى ئىدى. سەللە ـ باش كىيىم كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنلا ئۇيغۇرلار بېشىغا سەللە ئوراپ ئادەتلەنگەن. سەللە باي ـ كەمبەغەللىكنىڭ ياكى ئەمەلدار بىلەن پۇقرانىڭ ئايرىمىسى ئەمەس. بۇنىڭدىن تەخمىنەن 100 يىللار ئىلگىرى تارتىلغان فوتو سۈرەتلەردىن مەن ئۇيغۇرلارنىڭ پۇتلىرى يالاڭ ئاياغ، كىيىملىرى جۇل ـ جۇل بولسىمۇ بېشىدا سەللە بارلىقىنى كۆرگەن.

ئۇيغۇرلاردا كىيىم ـ كېچەك كىر بولسا بولىدۇكى، ئۇلار سەللىسىنى ھەرگىز كىر قىلمايدۇ. سەللە قاچانلا بولمىسۇن ئاپئاق تۇرىدۇ. بىز بەش ـ ئالتە ياش ۋاقتىلىرىمىزدا چوڭلار ئاساسىي جەھەتتىن بېشىغا سەللە ئورايتتى. توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ، ھېيت ـ ئايەملەردىلا ئەمەس، بەلكى جامائەت توپلانغان سورۇنلارمۇ خۇددى ئاقبالداق ئېتىلغاندەك كۆرۈنەتتى. تارىختا ئۆتكەن شاھلارنىڭ رەسىملىرىگە قارىسام، ھەممىسىنىڭ بېشىدا سەللە بار ئىكەن. شاھلار، شاھزادىلەر، ۋەزىر ـ ۋۇزرالار ئائىلىسىدە تاماققا ئولتۇرغاندا، ئارام ئالغاندا، ئۇخلىغاندا بېشىدىكى سەللىسىنى قوزۇققا ئاسىدۇ. ئۇلار سورۇنغا چىققاندا، مېھمان قوبۇل قىلغاندا، تەختتە ئولتۇرغاندا، ئەمر ـ پەرمان چۈشۈرگەندە، ۋەز ـ نەسىھەت قىلغاندا بېشىغا سەللە ئورايدۇ. بۇ، شۇ سورۇننىڭ ھۆرمىتى، مېھماننىڭ ھۆرمىتى، جامائەتنىڭ ھۆرمىتى بولۇپ، سەللە بىلەن ئوتتۇرىغا چىققاندا ئادەم تېخىمۇ سالاپەتلىك كۆرۈنىدۇ.

سەللىنىڭ پەتلىسى توغرىسىدا ئاپتور ماقالىسىدا «بۇ، مەزھەپنىڭ بەلگىسىمۇ؟» دەپ سوئال قويغان. بەزىلەر «سەللىنىڭ پەتلىسىنى نامازغا تۇرغاندىلا تۆۋەن چۈشۈرۈپ، نامازدىن كېيىن ئۈستىگە قىستۇرۇپ قويياتتى» دېيىشكەن. بۇ مەسىلىگە مەن 2005 ـ يىلى قەشقەردىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەرگەنىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ سىزغىنىم ھازىرقى ئىمام ـ مەزىنلەر ئەمەس، بەلكى 11 ـ ئەسىردىكى ئالىملار. شۇ دەۋردىكى سەللىنىڭ پەتلىسىنىڭ قانداق تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئون نەچچە پارچە تارىخىي رەسىمنى كۆپچىلىككە بىر ـ بىرلەپ كۆرسەتكەنىدىم. بۇنى كۆرگەن كۆپچىلىك قايىل بولغانىدى.

يۇقىرىدا ئاپتورنىڭ ئىككى ئالىمنىڭ پورترېتلىرى توغرىسىدىكى ماقالىسى ئۈستىدىلا توختالدىم. مەن ئەسلىسەم، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى ئالىمدىن باشقا، تارىختا ئۆتكەن نۇرغۇن مەشھۇر شەخس ۋە زاتنىڭ رەسىملىرىنى سىزىپتىمەن. بۇلار: باتۇر تەڭرىقۇت، ئەبۇ نەسىر فارابىي، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان، ئەھمەد يۈكنەكىي، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگانىي، ئامانىساخان، غېرىب ـ سەنەم، لەيلى ـ مەجنۇن، رابىئە ـ سەئىدىن، نەسىرىددىن ئەپەندى، سەلەي چاققان، موللازەيدىن، ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭ، جۇدې، جوئېنلەي، لىن بياۋ، خۇاگوفېڭ، تەجەللىي، ئەھمەدجان قاسىمىي، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، نىمشېھىت ئەرمىيا ئەلى داموللا سايرامىي، تېيىپجان ئېلىيېف، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، زۇنۇن قادىرىي، زىكرى ئەلپەتتا، ياسىن خۇدا بەردى، مەخسۇت تېيىپوفلارنىڭ رەسىملىرىدىن ئىبارەت. بۇ رەسىملەر ئىچىدە مەن يۈز كۆرۈشكەن، ھەمسۆھبەت بولغان ھەمدە ئاساسلىنىدىغان فوتو سۈرەت ـ رەسىملىرى بار بولغانلىرىنى نىسبەتەن مۇكەممەل دېگىلى بولسىمۇ، باشقىلىرىنى مۇكەممەل پورترېت دېگىلى بولمايدۇ.

---

ئاپتور: پروفېسسور، ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ پەخرىي رەئىسى، ئاتاقلىق رەسسام



## دارۋىن ئېمىلەرنى بايقىيالمىدى؟

دارۋىن نېمىلەرنى بايقىغان؟ جاۋاب شۇكى: تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ھاياتلىق قانۇنىيىتى، تەدرىجىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى بايقاپ، «تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى» ھەققىدىكى داڭلىق ئەسەرنى يېزىپ چىققان. ماركس بىلەن ئېنگېلس دارۋىننىڭ ئىختىراسىنى 19 ـ ئەسىردىكى ئەڭ مۇھىم ئۈچ چوڭ بايقاشنىڭ بىرى، دەپ ئاتىغان.

دارۋىن تۈرلەرنىڭ ھاياتلىقى ۋە تەدرىجىي تەرەققىياتىغا ئالاقىدار ئېگىزلىك قانۇنىيەتنى بايقىغانىدى. ئۇنىڭ بىرىنچىسى رىقابەت، يەنى، «ئەلالىرى تاللىنىش، ناچارلىرى شاللىنىش» قانۇنىيىتى. خوش، دارۋىن كېيىن يەنە نېمىلەرنى بايقىدى؟ ھېچنېمىنى! يەنە نېمىلەرنى بايقىماقچى بولغىيدى؟ بۇنىسى نامەلۇم. ۋەھالەنكى، يېڭى بايقاشلارنى ماركس بىلەن ئېنگېلس ۋۇجۇدقا چىقاردى. جۈملىدىن، ماركس.ئېنگېلس تەلىماتىدا ئاشۇ تەلىماتنىڭ ئېگىزلىك ھەقىقەتلىرىدىن بولمىش ئىنسانىيەت ۋە جەمئىيەتنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇ ھەم تۈرلەر تەرەققىياتى جۈملىسىدىن ئىدى.قىسقىسى، ماركس، ئېنگېلسنىڭ تەلىماتى دارۋىننىڭكىگە قارىغاندا ھالقىيالىغانلىقى بىلەن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. دېمەك، دارۋىننىڭكىنى كونا تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى دەپ، ماركس بىلەن ئېنگېلسلارنىڭكىنى يېڭى تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى، دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

دارۋىن بايقىغان ياشاش رىقابىتىدە ئەلالىرىنىڭ تاللىنىشى، ناچارلىرىنىڭ شاللىنىشى، كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارنى يېيىشى ۋە ماسلىشالىغانلارنىڭ ھايات قېلىشى يادرو قىلىنغان. تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى قارىماققا قالتىس ۋە ئۇلۇغۋار بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئىنساندىن باشقا تۈرلەرگىلا تەتبىقلاشقا بولىدۇ. گەرچە دارۋىن تۈرلەرنىڭ قانلىق رىقابىتىنى توغرا تېپىش بىلەن بىرگە، ئۇنى يەنە مۇئەييەنلەشتۈرگەن ۋە ھەتتا ئۇنىڭغا تەھسىن ئوقۇغان بولسىمۇ ئەمما ئۇ تۈرلەر رىقابىتىنىڭ «سەن ئۆل، مەن ياشاي: سەن مېنى يېسەڭ، مەن ئۇنى يەيمەن؛ گۆشىنى يەپ، قېنىنى ئىچىمەن؛ ئۇستىخانلىرىنى كۆككە پۈرقۇيمەن!» دەيدىغان قانلىق ئېلىشىش ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. بۇ، قانلىق ئەمەلىيەت! ھايۋاناتلار، ئۇچار ـ قاناتلار، بېلىقلار ۋە قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىڭ ئۆز تائىپىسىدىكى ئاجىزلارنى ۋەھشىيلەرچە يەۋاتقانلىقىنى، يېگەندىمۇ چىشلىرىنى كاراسلىتىپ، ئېغىز ـ بۇرۇنلىرىنى قانغا بوياپ تۇرۇپ يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىزغۇ!

شۇنداق، دارۋىن تۈرلەر رىقابىتىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى بايقىيالىغان. ئەمما بايقىيالمىغان ھەتتا بايقاشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىگەن مۇھىم نۇقتا شۇكى: بۇنداق قانلىق رىقابەت ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە تەتبىقلاش ـ ئەمەلىيەتتە ئەقىلگە سىغمايدىغان، تەھسىنگە ئەرزىمەيدىغان ئىش! گەرچە ئىنسانلار ھايۋاناتلارنىڭ ھاياتلىق قانۇنىيىتى بويىچە ياشاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخنى «ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخى» دەپ ئاتاۋاتىمىز. ھالبۇكى، ماركس بىلەن ئېنگېلس بۇ ھالەتنى «نامۇۋاپىق، ئادىمىيلىكتىن چىققانلىق» ھېسابلاپ، ئۇنى

**ھەق گەپ ـ نەق گەپ**

«ئاغدۇرۇپ تاشلاش، ئۆزۈل ـ كېسىل ئۆزگەرتىش» ھەققىدە چۇقان سالغانىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ساكيامونى، ئىيسا مەسىھدەك تالاي پەيلاسوپ، «نوم»، «ئىنجىل»دەك نۇرغۇن پەلسەپە مەيدانغا چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار «چۇقان» ئەمەس، بەلكى «خۇرسىنىش» بىلەنلا خاراكتېرلەنگەنىدى.

لۇشۈن ئەپەندى «سەۋدايى خاتىرىسى» دە ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ماھىيىتىنى«ئادەمخورلۇق» دەپ يەكۈنلىگەن بولسىمۇ، لېكىن، زىنھار نىجاتكار بولالمىدى. چۈنكى، لۇشۈن دېگەن ئەدىب، ئەدىبلەر نېمىلا دېگەنبىلەن ئاجىز كېلىدۇ ـ دە! ھالبۇكى، ماركس بىلەن ئېنگېلس نىجاتكارلىقنىڭ چارىسىنى «ئىنسانىيەتنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەشەيلى!»گە تۈگەللىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى يۈز نەچچە يىللىق كۈرەشتە مىڭلىغان ـ مىليونلىغان كىشى جان بەردى، ھەرنېمىلەرنى قىلىپ ئاخىرقى ھېسابتا نۇسرەت قازاندۇق.

نۇسرەتتىن كېيىن قانداق بوپكەتتى؟ ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى «كۈرەش»لەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. بەزى دۆلەتلەر (ئەلۋەتتە، جۇڭگومۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس)دە «ئىنقىلابىي كۈرەش»، «سىنىپىي كۈرەش» دېگەن ناملار بىلەن ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق مىليونلىغان ئادەم «يەپ» كېتىلدى. كېيىن بەزى كىشىلەر «ئاقلىنىپ» «ئىنقىلابىي قۇربان»، «ئادالەت يولىدىكى پىداكار» دېگەندەك ناملار بېرىلگەن بولسىمۇ، ئىشقىلىپ كەسىپ ۋە جىسمانىي جەھەتتە «يەپ كېتىلگەنلەر» ئاز ئەمەس. ئۇلار نېمە ۋەجىدىن يەپ كېتىلدى؟ مۇھىمى، ئۇلارنى دارۋىن ئېيتقان «تۈرلەر رىقابىتى»دىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان قانۇنىيەت يەپ كەتتى.

دارۋىن بايقىغان تۈرلەر رىقابىتى–ھايۋاناتلار دۇنياسىغا تەۋە «ئەلالىرى تاللىنىش، ناچارلىرى شاللىنىش» يادرولۇقىدىكى تۈرلەر رىقابىتى. ماھىيەتتە ئۇ بىرتۈرلۈك ۋەھشىيانە رىقابەتتۇر. ھالبۇكى، ئىنسانىيەت دۇنياسى گەرچە رىقابەتكە موھتاج بولسىمۇ، لېكىن ئاۋۋال ھايۋانلار ئارا رىقابەت بىلەن ئادەملەر ئارا رىقابەتنىڭ ماھىيەتلىك پەرقىنى تۈپ نېگىزىدىن ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئادەملەر ئارا رىقابەت ھەرقانچە رەھىمسىز بېزەلگىنى بىلەن، تۈپ ماھىيىتىدىن ئالغاندا «ئادەمخورلۇق» بىلەن ئىرماش ـ چىرماش باغلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. ھالبۇكى، توغرا رىقابەتنىڭ بىرلەمچى تەبىرى ماركس ئېيتقاندەك «ئادەمنى چۈشىنىش، ئادەملەرگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ئادەملەرگە رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئادىمىيلىكىنى تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈش»تە ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىكى «ئادەم ئۈچۈن» تەلىمى–نېگىزىنىڭ نېگىزى. «ئادەم ئۈچۈن» دېگەن زادى نېمە؟ زاغرا تىل بىلەن ئېيتساق، ئۇ ئالدى بىلەن ئادەم ئادەمنى يەيدىغان تارىخقا خاتىمە بېرىپ، ئادەم ئادەمگە كۆيۈنىدىغان، مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان، يار ـ يۆلەك بولىدىغان يېڭى ئەندىزىنى مەنىۋىيەت ۋە ئەمەلىيەتتە يېتەكچى قىلىش دېمەكتۇر.

ئەپسۇس! بىز بۇ يۈكسەك مەنزىلدىن تولىمۇ يىراقتا تۇرۇۋېتىمىز. قىسقىسى، دارۋىن ئادەملەردىكى رىقابەت قانۇنىيىتىنى بايقاپ يېتەلمىگەن. بىزمۇ كۆرۈنۈشتە بايقىغاندەك قىلىمىزۇ، ئەمما ئۇنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاشقا قادىر بولالمايۋاتىمىز. بۇنىڭ ئۆزى بايقىيالمىغانغا باراۋەردۇر.

ھايۋاناتلار دۇنياسى(ئەمەلىيەتتە ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دىكى تۈرلەرنىڭ مەۋجۇدلۇق ئۈچۈن بىر ـ بىرىنى يېيىشى ئومۇملاشقان، ئەبەدىي داۋاملىشىدىغان ۋە ئەقىلگە سىغىدىغان ھادىسە ھېسابلىنىدۇ. بىراق ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى «بىر ـ بىرىنى يېيىش» ھادىسىسىنىڭ ئەقىلگە سىغمايدىغانلىقىنى ئاڭقىرىپ يەتكەن بولساقمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئومۇملىشىپ كېتىۋاتقانلىقىغا، ھەتتا مودىلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىغا كۆز يۇمالمايمىز. بۈگۈنكى كۈندىكى «زامانىۋى يېيىش»لىرىمىز خىلمۇ خىللىشىپلا قالماي، بەلكى يەنە مەزمۇنىمۇ كۆنسايىن بېيىپ كەتتى. ھوقۇق ـ مەنسەپ، مەرتىۋە ۋە سۇر ـ ھەيۋىنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ بايلىقنى، مەنپەئەتنى، نام ـ شۆھرەتنى ھېيقماي «يېيىش»كە كۆنۈپ كېتىۋاتىمىز؛ ھەتتا ئەجدادلارنى، ئەجنەبىيلەرنى ،مەشھۇرلارنى، باھادىرلارنى ۋە پىر ـ ئۇلۇغلارنى سۇيىئىستېمال قىلىپ تۇرۇپ «يەيدىغانلار »مۇ ئاز ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل «يېيىش»لەرنى ئاللىقانداق نام ـ ئاتاقلار بىلەن پەردازلايمىز. ئۇنى «سىياسەتنىڭ ئېھتىياجى»، «جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى»، «خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى»، «تەشكىلنىڭ ئېھتىياجى» دەۋېلىش بىزنى دارۋىن ساۋاتسىزمۇ نېمە، دېگۈزۈۋېتىدۇ.

ماركس، ئېنگېلس ۋە شۇنىڭدەك تالاي مەشھۇر زات «ھايۋانلارغا خاس ئۇنداق رىقابەت قانۇنىيەتلىرىنىڭ ھېچقايسىسىنى ئىنسانلارغا تەتبىقلاشقا بولمايدۇ» دېگەن بىر ئەڭ تۈپكى ۋە ئەڭ ئەقەللىي ساۋاتنى يەكۈنلىگەن ۋە شۇنداق قارىغانىدى.

ھالبۇكى، ئىنسانلار (زامانىۋى ئادەملەر، بولۇپمۇ ھازىرقى زامان كىشىلىرى) نىڭ رىقابەت قارىشى ئادەت ۋە سەۋىيىدە يەنىلا دارۋىننىڭ ئاشۇ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىدىن ھالقىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. بولۇپمۇ پايدا ـ مەنپەئەت مېخانىزمى ئاساسلىق ھەرىكەت ئوربىتىسىغا ئايلانغان بۈگۈنكى كۈندە ھەر تۈرلۈك «يېيىش» ئازايماقتا يوق، كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ. قىسقىسى، ئاشۇنداق «يېيىش»لەرنى رويابقا چىقىرىدىغان ھىيلە ـ شۇملۇقلارنى تۈگەتمەك قىيىنلىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

دارۋىن بەكلا بالدۇر كېتىپ قالغاچقا ئادەملەر ئارا رىقابەتنىڭ يېڭى ـ يېڭى قانۇنىيەتلىرىنى بايقاپ، ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئۈلگۈرەلمىدى. ئۇ ئەمدى قاچان قايتا تىرىلەر؟ ئادەملەرنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى ھەققىدىكى يېڭى ـ يېڭى كاتتا ئەسەرلەرنى قاچان رويابقا چىقىرار؟ بۇنى پەقەت بىر تەڭرىلا بىلىدۇ.

---

ماۋجېچېڭ ئىمزاسىدىكى بۇ فېلىيەتون «فېلىيەتونلارئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2009 ـ يىل ئاۋغۇست (ئالدىنقى يېرىم ئايلىق) سانىغا بېسىلغان. **ئابدۇقەييۇم ئوبۇلقاسىم** تەرجىمىسى. تىلماچ: خوتەن ناھىيە خانئېرىق يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىدە مۇئەللىم

# سولژېنىتسىننىڭ ۋىجدانى

1970-يىلى («كوراگ تاقىم ئاراللىرى» رومانى بىلەن) نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، «روسىيىنىڭ ۋىجدانى» دەپ ئاتالغان يازغۇچى ئالېكساندىر سولژېنىتسىن 2008-يىل 3-ئاۋغۇست موسكۋادا ۋاپات بولدى.

بىر ئۆمۈر سەرسانلىقتا ئۆتكەن بولسىمۇ، سىياسىي مەيدانىدا ئۆمۈر ۋايىت تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ كەلگەن بۇ تەنقىدچىنىڭ كۆز يۇمۇش ئالدىدا بولسىمۇ ئۆز ئۆيىدە خاتىرجەم ياتالىشىنى ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. ئەمما، بىر نۇقتا بىزگە نامەلۇمكى، 89 ياشلىق بۇ مويسىپىت تارىخنىڭ ئېغىر خورسىنىشلىرى ئىچىدە مەڭگۈلۈككە كۆز يۇمغان ئاشۇ دەقىقىلەردە ئۇنىڭ روھى تەسكىن تېپىپ، «كوراگ تاقىم ئاراللىرى»نى كېزىپ يۈرگەنمىدۇ؟

ئۇ، ۋەتىنىگە بولغان چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببىتىنى تەنقىدچىلىق بىلەن ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئەينى چاغدىكى ھاكىمىيەتنىڭ كۆزىگە سىغمىدى. جۈملىدىن، ئەسەرلىرىدىكى «ستالىنغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغان» ئىبارىلەر ئۇنىڭ سەككىز يىل قاماقتا يېتىپ، ئاخىرى سۈرگۈن قىلىنىشىغا سەۋەب بولدى. 1962-يىلى ئۇنىڭ ستالىن دەۋرىدىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرلىرى تەسۋىرلەنگەن تۇنجى رومانى («كوراگ تاقىم ئاراللىرى»)نىڭ ئېلان قىلىنىشى پۈتكۈل سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى زىل-زىلىگە سالدى. نەتىجىدە سولژېنىتسىن خروششېفنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. ئەمما، خروششېف تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن بۇ رومان تەنقىدكە ئۇچرىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ سولژېنىتسىننىڭ ئەسەرلىرى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا ئاشكارا نەشر قىلىنىش ئىمكانىيىتىدىن قالدى. 1967-يىلى ئۇ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى يازغۇچىلار قۇرۇلتىيىدا ئوچۇق خەت ئېلان قىلىپ، «ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىگە قارىتىلغان بارلىق ئاشكارا ۋە مەخپىي تەكشۈرۈشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش» تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ 1969-يىلى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىن ھەيدەلدى. 1974-يىلى «ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى» بىلەن قولغا ئېلىنىپ، چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. 1994-يىلى رەئىس جۇمھۇر يېلتسىننىڭ تەكلىپى بىلەن ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئايروپىلاندىن چۈشۈپلا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ يەردىن بىر ئوچۇم تۇپراقنى ئالدى ۋە ھەسرەت بىلەن: «بۇ تۇپراققا ئاياغ بېسىشىم بىلەنلا ھەسرەتتىن ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ كەتتى. چۈنكى مىليونلىغان بىگۇناھ روسىيىلىك ئەينى يىللىرى مۇشۇ تۇپراقتا ئۆلتۈرۈلگەن، مۇشۇ تۇپراققا دەپنە قىلىنغان. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە روسىيە ئالەمشۇمۇل سىياسىي ئىسلاھات دەۋرىدە تۇرۇپتۇ؛ لېكىن كىشىلەر ئۆتمۈشتە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنى ناھايىتى تېزلا ئۇنتۇپ كېتىشتى» دېدى.

دۆلەتنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەن چاغلاردا ئەزەلدىنلا يازغۇچى-شائىرلارنىڭ ئىجادىيەتتە ئامتى كەلگەن. ئەمما كىممۇ سولژېنىتسىندەك ئۆز كەچمىشلىرى ۋە مەۋجۇدلۇقى بىلەن بىر دەۋرنىڭ زۇلمەتلىك ئۆزگىرىشلىرىگە شاھىت بولالىغان دەيسىز؟ جۈملىدىن ئۇ بىر ھاكىمىيەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە زاۋاللىققا گۇۋاھ بولۇش ئارقىلىق ئۆزىگە خاس ئۇسۇل بىلەن ھاكىمىيەتنىڭ ۋەتەنگە تەڭ ئەمەسلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنى قارىغۇلارچە «ھاكىمىيەتكە خۇشامەتگۇيلۇقى-ئوردا قىسىدىچىلىكى» بىلەن ئىپادىلەشنى ئەسلا راۋا كۆرمىدى. شۇڭا ئۇ روسىيە تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەرگە ئايلاندى. ئۇنىڭ بۇ خىل روھى ھېلىھەم ۋىجدان ئىگىلىرىگە ماياك بولماقتا. سولژېنىتسىن «بىر ئېغىز ھەق گەپ پۈتكۈل دۇنيانىڭ ۋەزنىنى بېسىپ چۈشىدۇ» دەپ توغرا ئېيتقان. چۈنكى سولژېنىتسىننىڭ ۋىجدانى ۋە تايماس ئىرادىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالەمچە شۆھرەتتىنمۇ مۇھىم ئىدى. تارىختا رەئىس جۇمھۇر، داھىي دېگەنلەردىن كۆرمىگى ئۆتتى، ئەمما سولژېنىتسىندىن پەقەت بىرىلا چىقتى. بىر دۆلەت ياكى بىر مىللەتكە كۆرە ئېيتقاندا، رەئىس جۇمھۇرغا ئەبەدىي تەنقىدچى بولۇپ ئۆتىدىغان ئادەمنىڭ چىقىشى خۇشاللىنارلىق ئىش، ئەلۋەتتە.

ستالىندىن تارتىپ يېلتسىن، پۇتىنلارغىچە ھەممىسى سولژېنىتسىندىن ئىبارەت بۇ «روسىيىنىڭ ۋىجدانى»دىن ئۆزىنى قاچۇرالىغان ئەمەس. يەنى سولژېنىتسىنغا تۇتۇلغان پوزىتسىيە روسىيىدە ئۆتكەن ھەرقايسى ھاكىمىيەتنىڭ خىلمۇ خىل ئىنساب ۋە ۋىجدانىنى ئىسپاتلىدى.

سولژېنىتسىن يېلتسىننىڭ ئۇنى ۋەتەنگە قايتۇرۇپ كېلىش تەكلىپىگە قىزىقمىدى، يېلتسىن بەرگەن ئوردېننى رەت قىلدى. روسىيە پارلامېنتىغا تەكلىپ بىلەن كېلىپ بەرگەن دوكلاتىدىمۇ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ بيۇروكراتلىقى ۋە چىرىكلىكىنى تۈز كۆتۈرۈلۈك بىلەن تەنقىد قىلىۋەردى. 2007-يىلى 12-ئىيۇندا ئەينى ۋاقىتتىكى رەئىس جۇمھۇر پۇتىن «قوبۇل قىلارمۇ-قىلماسمۇ؟» دېگەن دەر گۇمان بىلەن روسىيىنىڭ 2006-يىللىق دۆلەت مۇكاپاتى —«ئادىمىيەت ساھەسىدىكى ئەڭ ئالىي ئۇتۇق مۇكاپاتى»نى تەقدىم ئەتتى. بۇ قېتىم ئۇ بۇ مۇكاپاتنى قوبۇل قىلدى. مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن پۇتىن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشتى. چاقلىق ئورۇندۇقتىكى سولژېنىتسىن رەئىس جۇمھۇر بىلەن ئولتۇرۇپ تۇرۇپ كۆرۈشۈشكە مەجبۇر بولغانلىقى ئۈچۈن پۇتىندىن ئەپۇ سورىدى. پۇتىنمۇ بۇ مۆھتەرەم يازغۇچىنىڭ ئۆزىنى قوبۇل قىلغانلىقىغا تەشەككۈر ئېيتتى. پۇتىن مۇنداق دېدى: «سىزنىڭ روسىيە ئۈچۈن قوشقان تۆھپىلىرىڭىزگە تەشەككۈر ئېيتىمەن. پائالىيىتىڭىزنى تا ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلدىڭىز؛ مەيدانىڭىزدىن ئۆمۈر بويى تايمىدىڭىز».

ئۆزگىچە پىكىرلىك تەنقىدچى سولژېنىتسىن ئەزەلدىنلا پۇتىندەك ئالىي رەھبەرنىڭ يۇقىرى باھاسى بىلەن ئۆز قىممىتىنى ئاشۇرۇش تەمەسىدە بولۇپ باقمىغانىدى. ئەكسىچە، بىر دۆلەتنىڭ ئالىي رەھبىرى بولمىش پۇتىننىڭ باشقىچە پىكىردىكى بۇ تەنقىدچىگە ئالىي مۇكاپات ۋە يۈكسەك باھالارنى بېرىشى، ئۇنى دۇنيا ئەھلىنىڭ ھۆرمىتىگە نائىل قىلدى. بۇ، ھاكىمىيەت ئالماشقاندىن كېيىنكى روسىيە رەھبەرلىرىنىڭ ۋىجدانىنى ۋۇجۇدقا چىقارغان ئىشى.

پۇتىن سولژېنىتسىننى زىيارەت قىلغاندا تارتىلغان بىر پارچە سۈرەت مېنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرگەنىدى. سۈرەتتە چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان سولژېنىتسىننىڭ قېرىلىقتىن ياداپ كەتكەن

چىرايىدىن بىر خىل ۋەزمىنلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كەينىدىكى ئىشىكتىن ئاستا كىرىپ كېلىۋاتقان پۇتىننىڭ بۇ مۆھتەرەم يازغۇچىغا دەخلى قىلىپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

دۇرۇس، ئادىمىي ۋىجدان ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئاداققى قىممىتى ئالدىدا ئەرزىيدىغىنى مەنسەپ-مەرتىۋە ئەمەس بەلكى كەمتەرلىك ۋە ھۆرمەتتۇر. ئەينى ۋاقىتتا جامائەت ئارىسىدا «ئۆتمۈشتىكى ئىشپىيون (پۇتىن ئىلگىرى ك گ ب نىڭ ئالاھىدە خادىمى بولغان) بىلەن ئۆزگىچە پىكىردىكى بىر تەنقىدچى بۈگۈنكى كۈنلۈكتە نېمىلا دېمەيلى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىدە بولسىمۇ بىر خىل ئورتاق تونۇشقا كەلدى» دېگەن باھايى تەبىرلەر تارقالدى.

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىدىكى ئورتاق تونۇش» نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ مېنىڭچە، ئۇ ھېچ بولمىغاندا بىر يازغۇچىنىڭ مۇستەقىل ئىجادىيەت ھوقۇقى، بىر مۇتەپەككۇرنىڭ ئەركىن پىكىر ھوقۇقى ۋە بىر تەنقىدچىنىڭ مۇستەقىل تەنقىد ھوقۇقىغا قىلىنغان ھۆرمەتنى كۆرسىتىدۇ. قىسقىسى، ئۇ ئىنسانىيەتكە ئورتاق ۋىجدان ۋە تۈپكى قىممەت ئېڭىغا بىلدۈرۈلگەن ھۆرمەتتۇر.

سولژېنىتسىن ئۆلۈپ كەتتى. ئەمدى بۇ دۇنيادا سولژېنىتسىندەك كىشىلەردىن قانچىسى باردۇ؟ نېمىلا بولمىسۇن سولژېنىتسىن كەتكەن بىلەن ئۇنىڭ ۋىجدانى بىزگە تەۋەررۈك بوپقالدى. ئۇنداقتا ۋىجدان دېگەن نېمە؟ بۇنىڭ جاۋابىنى سولژېنىتسىننىڭ مۇنۇ بايانلىرىدىن ئىزدەيمىز: «مەن بۇ يەردە جاھاننىڭ ھەممە يېرىگە باب كېلىدىغان ھەققانىيەت ۋە ئېسىل قىممەت قارىشىنىڭ ھېلىمۇ مەۋجۇد ئىكەنلىكىگە، ھەتتا ئۇنىڭ جاھاننىڭ رەپتارىغا بېقىپ ئۆزگىرىپ كەتمەي، ئەبەدىلئەبەد داۋاملىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.» ئەگەر بىزمۇ مۇشۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىدىغانلا بولساق، ئاشۇ ھەققانىيەت ۋە ئېسىل قىممەت قارىشىنىڭ ساھىبلىرىدىن بولالايمىز.

---

ياڭ گېڭشېن ئىمزاسىدىكى بۇ يازما «شەرق سۇبھىسى» گېزىتىنىڭ 2008-يىل 5-ئاۋغۇست سانىدىن «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2008-يىل سېنتەبىر (ئالدىنقى يېرىم ئايلىق) سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. **ئابدۇلھەكىم ئوسمان ھەقيار** تەرجىمىسى. تىلماچ: گۇما ناھىيە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدە ساقچى ئوفىتسېرى

# خىيانەتچى ئەمەلدارلار توغرىسىدا ئۈچ سوئال

**خىيانەتچى ئەمەلدارلار قانداق ئاشكارىلانغان؟**

ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئەل - ئاۋامنىڭ «داد-پەرياد»لىرى سۆرەپ چىققان؛ بەزىلىرىنى ئەسكى پايتىمىدەك تاشلىۋېتىلگەن تۇنجى خوتۇنى دەردكە چىدىماي دەپ سالغان؛ بەزىلىرى كۆرۈنگەنلا نەرسىنى سوقمىسا كۆڭلى تىنمايدىغان ئوغرىلار سەۋەبلىك ئاشكارىلانغان؛ بەزىلىرىگە ئۆز ۋاقتىدا ئېغىز-بۇرۇن يالاشقان ھەمشېرىكلىرى «تۇزكورلۇق»قىلغان؛ بەزىلىرى جىنايەتچىلەرنىڭ «يالىسى»غا يەتكەن؛ بەزىلىرى رەزىللەرگە چېتىلىپ قېلىپ «بالا»غا قالغان... دۇرۇس، ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگانلىرىنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالغانلىرىمۇ، قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ قارىمىقىغا ئىلىنىپ قالغانلىرىمۇ يوق ئەمەس.

**خىيانەتچى ئەمەلدارلار نېمىگە ھېرىسمەن؟**

ھازىر پاش بولۇۋاتقان چوڭ-كىچىك خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى تورغا چۈشۈشتىن ئىلگىرى شان-شەرەپ ھېرىسمەنلىكى بىلەن بىر-بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغاندەك قىلىدۇ. مەسىلەن: تورغا چۈشۈشتىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ بەزىلىرى «مەملىكەت بويىچە 1-ماي ئەمگەك مېدالى»ساھىبى، بەزىلىرى «ئۆلكە بويىچە ئۈن مۇنەۋۋەر خەلق چاكىرى»نىڭ بىرى، بەزىلىرى «شەھەر بويىچە ئەل رازى دۆلەت مەمۇرى»، بەزىلىرى «مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بويىچە نەمۇنىچى...»ئىدى. قارىغاندا، ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا مال-دۇنياغا ، ھوقۇق-ئىمتىياز ۋە شۆھرەتكە ئىنتىلگەندىن باشقا شان-شەرەپكىمۇ ھېرىسمەن ئىكەندۇق-دە!

**خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ قانداق «كارامىتى» بار؟**

خىيانەتچى ئەمەلدارلار ئىستىبدات—كارامەتتە قالتىس كىشىلەر. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئۇلار مەنسەپ كۇرسىغا ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى كىمگە سوغات بەرمەكچى بولسا ، شۇنىڭ بوسۇغىسىدىن بىمالال ئاتلىيالايدۇ؛ بىرەر مەنسەپكە ئېرىشكەندىن كېيىن كىمنى ئۆستۈرمەكچى بولسا ، شۇنى ئىككى يېنىغا قارىماي ئۆستۈرەلەيدۇ؛ سولاققا كىرىپ قالغاندىن كېيىن كىمنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋېلىشنى خالىسا ، شۇنىڭ نام-شەرىپىنى ئۇدۇللا دەپ بېرەلەيدۇ.

---

جۇگې ئىمزاسىدىكى بۇ فېلىيەتون «فېلىيەتونلار گېزىتى»نىڭ 2009-يىل 8-سېنتەبىر (2155) سانىغا بېسىلغان. **راخمانجان روسۇل سۇلتانىي** تەرجىمىسى. تىلماچ: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك رادىئو-تېلېۋىزىيە مەكتىپى پەيزاۋات شۆبىسىنىڭ پېنسىيونېرى

# خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ تەبىرى

خىيانەتچى ئەمەلدارلار «سېھرگەر»لەردۇر. بولۇپمۇ يۇقىرىدىن تەكشۈرگۈچىلەر كەلگەندە ئۇلار بىردەمدىلا «نامرات»نى «باي»غا، «قارا»نى «ئاق»قا، «يامان»نى «ياخشى»غا ئايلاندۇرۇۋېتەلەيدۇ.

خىيانەتچى ئەمەلدارلار «ئارتىس»لاردۇر. ئۇلار رول ئېلىپ پىششىپ كەتكەن بولغاچقا، ھېلى سەھنىدە ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتسە، سەھنىدىن چۈشۈپلا قارا بۇلۇتتەك تۇتۇلالايدۇ. يالغان ھېجىيىش دېمىسىز، چالۋاقاپ شالىنى چېچىش دېمىسىز، ئۇلار ئۈچۈن ئويۇننىڭ ئورنىدىكى ئىش. ئۇلار كاللىسىدىكى «يېتۈك» پاراسەتكە تايىنىپ، ئۆمۈرۋايەت ئاشۇنداق رول ئېلىپ ئۆتۈپ كېتىشكە شەكسىز ئىشىنىدۇ.

خىيانەتچى ئەمەلدارلار «ماتېماتىك»لاردۇر. ئۇلار سان-

سىپىرغا تايىنىپ مەنسەپكە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى، مەنسەپنىڭمۇ دەل ئاشۇ سان ـ سىپىرلار ئاساسىدا باراقسانلايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ھە دېسىلا سان ـ سىپىرلار بىلەن ھەپىلىشىدۇ ھەمدە ئاشۇ سان ـ سىپىرلاردىن مەنسىپىنى ئۆستۈرۈش، يېنىنى توملاش(پارا ئېلىش) ئۈچۈن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىدۇ. ئۇلار چوت سوقۇشقا شۇنداق ئۇستىكى، مەن ـ مەن دېگەن ماتېماتىكىنىمۇ قېلىشمايدۇ.

خىيانەتچى ئەمەلدارلار «خامېلېئون»لاردۇر. ئۇلار تۈرقى ـ سىياقىنى ئەتراپتىكى مۇھىتقا قاراپ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئۆزگەرتەلەيدۇ؛ ئاكىسى كىمنى ئالسا شۇنى دەرھاللا «يەڭگە» دېيەلەيدۇ؛ يەكچەشمىنى كۆرگەن ھامان ھىش ـ پىش دېگۈچە بىر كۆزنى قىسىۋالالايدۇ.

خىيانەتچى ئەمەلدارلار «ناتىق»لاردۇر. ئۇلار «چىن يۈرىكى»دىن ئۇرغۇپ چىققان تەسىرلىك بايانلىرى بىلەن باشقىلارنى تەسىرلەندۈرۈپ، يۈرەكلەرنى ئېرىتىۋېتەلەيدۇ. ئەمەلىي ئىشتىچۇ؟ بۇنى «خۇداغا ئامانەت» دەپ قويسىڭىزلا بولىدى. ئۇلارنىڭ پاكلىق توغرىسىدىكى ئۈزۈندىلىرىدىن نەچچە توملۇق قامۇس پۈتكىلى بولىدۇ؛ مەزمۇنىنىڭ رەڭدارلىقىنى دېمەيلا قويۇڭ، ئەقلىڭىزنى لال قىلىدۇ.

خىيانەتچى ئەمەلدارلار «ئىشپىيون »لاردۇر. ئۇلار دائىم باشقىلارغا ئورا كولاپ، تۇزاق قويۇپلا يۈرىدۇ، ئىپلاس ـ رەزىل ئىش ـ ھەرىكەتلەردە بولىدۇ. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، ھەققانىيەت ۋە قانۇنغا پۈت ئېتىپ، ئۇستاتلىق بىلەن ئېلىشىپ باقىدۇ.

خىيانەتچى ئەمەلدارلار «پەيلاسوپ»لاردۇر. ئۇلار «ئاشنا»، «تومۇچۇق» ۋە «بالىلارنىڭ ئانىسى» ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەتنى دىئالېكتىكا بىلەن چىرايلىق بىر تەرەپ قىلالايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆيىدە خوتۇنى، سىرتلاردا ـ «رەڭلىك سورۇن»لارنىڭ گۈللىرى ئۇنىڭدىن قالتىس رازى بولىدۇ.

خىيانەتچى ئەمەلدارلار «داڭلىق شەخس»لەردۇر. ئۇلارنىڭ «داڭقى»نى ئەل ـ خالايىقنىڭ ھەممىسى شۇنداق ئېنىق بىلىدۇ ـ يۇ، ئەمما باشلىقلىرى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورۇنلىرىدىكىلەر ئۇنى «بىلمەي» قالىدۇ ياكى «ھەممىدىن كېيىن بىلىدۇ».

خىيانەتچى ئەمەلدارلار «ئادۋوكات»لاردۇر. ئۇلار مەنسەپ كۇرسىدا ئولتۇرۇۋاتقاندا بولسۇن ياكى ھەپسىدە يېتىۋاتقاندا بولسۇن، ئۆزلىرىنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى ئاقلاشقا بەكمۇ ئۇستا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ گەپدانلىقىنى بىر دېمەڭ، مەن ـ مەن دېگەن ئادۋوكاتمۇ ئۇلارنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ.

خىيانەتچى ئەمەلدارلار «ساقايماس كېسەلگە مۇپتىلا بولغۇچى»لاردۇر. ئۇلار ھەپسىگە چۈشكەندە ياكى جازا مەيدانىغا ئېلىپ چىقىلغاندا ئاندىن «پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا» ئىزدەپ كارنىي يىرتىلغۇچە ۋارقىرايدۇ. شۇغىنىسى، كىشىلەر نەچچە ئېرادىن بېرى بۇ قاچىنىڭ نامىنى ئاڭلىغىنى بىلەن ھېچكىم كۆرۈپ باقىنى يوق. خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ ئۆلۈمىگە كەلسەك، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ شورى، دەپلا قويۇڭ.

---

خۇاڭ شەن ئىمزاسىدىكى بۇ فېلىيەتون «نۇر گېزىتى»نىڭ 2009 ـ يىل 15 ـ ئاپرېل سانىدىن «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2009 ـ يىل ئىيۇل (ئالدىنقى يېرىم ئايلىق) سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. **مۇھەممەت ھۇسەن** تەرجىمىسى، تىلماچ: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك كەسپىي ـ تېخنىكا ئىنستىتۇتىدا زىرائەت ئېكولوگىيىسى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانت

## ئاۋامنى تار يەردە قىستىمايلى

فرانسۇزلاردا «ھىماتسىز ھوقۇق بولماس» دېيىدىغان ماقال بار. ئىنسانلارمۇ ئۆز ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى ئەلمىساقتىن تارتىپلا ئاساسەن ئەرز ـ دەۋاغا تايىنىپ قوغداپ كەلگەن. ھەققانىيەتنىڭ ئاداققى قالقىنى بولمىش ئەدلىيىمۇ ئاۋام ھەق ـ ھوقۇقلىرىنىڭ جان تومۇرى بوپكەلگەندى.

ياۋروپا ئەللىرى جېدەل ـ ماجىرالار بارغانچە ئۇلغىيىپ، ئاۋامنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرى دەخلى ـ تەرۇزگە ئۇچراپ كېتىش سەۋەبلىك كېلىپ چىقىدىغان كەسكىن ئىجتىمائىي زىددىيەتلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇزۇندىن بۇيان «ھۆكۈملەشتىن باش تارتىشنى چەكلەش» تىن ئىبارەت قانۇنىي پرىنسىپقا ئەمەل قىلىپ كەلدى. بۇ پرىنسىپتا: «سوت مەھكىمىسىنىڭ ئۆز تەۋەلىكىدىكى نۆۋەت كۇتۇپ تۇرغان دېلولار ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ؛ قانۇندا ئاشۇ دېلو توغرۇلۇق ئېنىق بەلگىلىمە بولسۇن ـ بولمىسۇن، سوتنىڭ شۇ دېلو ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىشنى رەت قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ»دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن.

«فرانسىيە ھەق ـ تەلەپ قانۇنى»نىڭ 4 ـ ماددىسىدا: «سودىيە تەتبىقلىغۇدەك تۈزمە قانۇن يوق ياكى تۈزمە قانۇن ماددىلىرى ئېنىق ئەمەس، دېگەننى باھانە قىلىپ دېلو ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىشنى رەت قىلسا، ئۇنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشنى رەت قىلىش جىنايىتى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. شۋېتسارىيىدە 1907 ـ يىلى تۈزۈلگەن «ھەق ـ تەلەپ قانۇنى»نىڭ 1 ـ ماددا 2 ـ، 3 ـ تارمىقىدا «سودىيە دېلوغا ھۆكۈم قىلىشتا تەتبىقلىغۇدەك قانۇن ماددىلىرى بولمىسا، ئادەت قانۇنى (ئادەتلەنگەن ئۇسۇل.ـ ئۇيغۇرچە نەشر تەرجىمە مۇھەررىرىدىن) بويىچە ئىش كۆرىدۇ؛ ئادەت قانۇنى بولمىسا، قانۇن چىقارغۇچىلىق سالاھىيىتى بىلەن بېكىتىلىش ئېھتىمالى بولغان قائىدە ـ نىزامغا ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. دېمەك «ھۆكۈملەشتىن باش تارتىشنى چەكلەش»پرىنسىپىغا ئاساسلانغاندا سوت مەھكىمىسى ئاۋامنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى قوغدايدىغان ئاداققى قورغان. شۇڭا ئۇنىڭ قانۇننىڭ قوغدىشىنى ئىلتىجا قىلىپ كەلگەن پۇقرالارنى مەيدىسىدىن ئىتتىرىشكە ھەققى يوق.

ھالبۇكى، ئېلىمىزدىكى بىر قىسىم سوت مەھكىمىسىنىڭ «يۇقىرىنىڭ يوليورۇقى»، «ئىچكى بەلگىلىمە» دېگەنلەرنى شىپى كەلتۈرۈپ تۇرۇپ دېلولارنى قوبۇل قىلماي، دەۋا قىلىپ كەلگەن

پۇقرالارنى مەيدىسىدىن ئىتتىرىش ئارقىلىق قانۇننى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق دەپسەندە قىلىۋاتقانلىقى ئادەمنى بەكمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى 2003 ـ يىلى تارقاتقان [2003] 180 ـ نومۇرلۇق ئىچكى ھۆججەتتە: «كوللېكتىپ مەبلەغ جۇغلاش ماجراسى، يەر ماجراسى، خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشتىن قالدۇرۇلۇش ماجراسى قاتارلىق چېتىشلىق دائىرىسى كەڭ، جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى تارتىۋاتقان نازۇك مەسىلىلەرگە ئائىت 13 تۈرلۈك دېلو قوبۇل قىلىنمايدۇ» دەپ ئېنىق كۆرسىتىلدى. بۇلتۇر سىچۈەندە يۈز بەرگەن «12 ـ ماي» يەر تەۋرەش ئاپىتىدە مەكتەپتىكى باللىرى قازاغا ئۇچرىغان بىر قىسىم ئاتا ـ ئانا تۆلەم تەلەپ قىلىپ ئەرز قىلىۋىدى، سوت مەھكىمىسى ئۇنى قوبۇل قىلمىدى. « (ئۈچ مارال) ۋەقەسى» («三鹿»ماركىلىق سۈت پاراشوكى ۋەقەسى.ــ ئۇيغۇرچە نەشر تەرجىمە مۇھەررىرىدىن )دە زىيانلانغان نۇرغۇن كىشى سوتقا ئەرز قىلىۋىدى، «بۇ دېلونى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ» دېگەن جاۋاب بىلەن قايتۇرۇلدى. سوت مەھكىمىسىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان بۇ پۇقرالار پارتكوم، ھۆكۈمەتكە داد ئېيتىپ باقتى، ئاخىرى ھەتتا بېيجىڭغىچە باردى. بۇنىڭ بىلەن ھەردەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت ئەرز ئېيتىپ كەلگەنلەرنى ئىلاجسىز «كۈتۈۋېلىش»قا ، بېيجىڭغا دەۋاغا كەتكەنلەرنى ئارىغا ئادەم سېلىپ توسۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇنىڭ بىلەن پۇقرا مۇشەققەتلىك ئەرز ـ دەۋا يولىدىن قايتمىدى؛ ھۆكۈمەت «تۇزەش»ئاۋارىچىلىكىگە قالدى.

جەمئىيەتتە جېدەل ـ ماجرا، زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلارنىڭ بولۇشى قورقۇنچلۇق ئەمەس، ئەڭ قورقۇنچلۇقى ــ سوت مەھكىمىسىنىڭ قانۇندىن پاناھلىق تىلەپ كەلگەن پۇقرانى مەيدىسىدىن ئىتتىرىشى. ئەمدى شۇنداق بىر سوئال قويۇپ باقايلى: مەسىلىنى ئەقىل بىلەن چىرايلىقچە ھەل قىلىشنىڭ يوللىرى ئېتىۋېتىلسە، پۇقرالار«لياڭشەن»(«سۇ بويىدا» رومانىدىكى لياڭشەن كۆلىنى كۆرسىتىدۇ. سۇڭ سۇلالىسى زامانىدا خىيانەتچى ئەمەلدارلارغا قارشى چىققان 108 پالۋان ئاشۇ لياڭشەن كۆلى بويىدا ئۇيۇشقان.ــ ئۇيغۇرچە نەشر تەرجىمە مۇھەررىرىدىن) چىقماي قانداق قىلسۇن؟

---

ۋاڭ لىپىڭ ئىمزاسىدىكى بۇ فېليەتون «فېليەتونلار گېزىتى»نىڭ 2009 ـ يىل 9 ـ يانۋار سانىدىن ئېلىندى. **تۇمەر ئابدۇقادىر** تەرجىمىسى. تىلماچ: پىچان ناھىيە پىچان بازىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خادىمى

## گەپدانلىق مەدەنىيىتى

لۇشۈن جۇڭگو مەدەنىيىتىنى «ئادەمخور مەدەنىيەت»دەپ، بوياڭ «ئىدىش مەدەنىيىتى»دەپ تەبىرلىگەنىدى. ھالبۇكى، قاپ يۈرەكلىك بولسىمۇ، بۇنى «گەپدانلىق مەدەنىيىتى»دەپ تەرىپلىگۈم كېلىۋاتىدۇ.

ئۇنداقتا گەپدانلىق مەدەنىيىتى دېگەن زادى نېمە؟ مېنىڭچە، گەپدانلىق مەدەنىيىتى ئېغىزدا شەھەر ئالىدىغان ساختىپەزلىك، ئاتنى ئايلىخانىغا ، يولنى سارىخانىغا سالىدىغان ئالا كۆڭۈللۈك، تىلى شېكەر، دىلى زەھەر ناكەسلىك بولسا كېرەك.

گەپدانلىق مەدەنىيىتى ساھىبلىرى قانداقتۇر مەدىكارلار ياكى سەھرالاردىكى دوڭغاق بوۋايلار ئەمەس، بەلكى كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنى قالتىس سانايدىغان نوپۇزلۇق، مەرتىۋىلىك كىشىلەردۇر.

ئۇنداقلار مەنسەپ سەيناسىدىكى بىرنى چۈشكۈرۈپ قويسا ئالەم تەۋرەيدىغان مەرتىۋىسى يۈكسەك تاجدارلاردىن بولۇشىمۇ، ھەتتا يىراقنى كۆرەر ئېسىلزادە يولباشچىلاردىن بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئىشقىلىپ، گەپدانلىق مەدەنىيىتى ساھىبلىرى قورساق باقتى نانقېپىلاردىن ئەمەس. ئۇلار راستىنلا كۆزى ئۆتكۈر، ئىش تەۋرىتەلەيدىغان «قۇدرەت» ئىگىلىرى. شۇڭىنىسى، ھە دېسىلا يۇقىرىغا يامىشىش ئىستىكى ئۇلارنىڭ ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتى ۋە پەزىلىتىنى چاكىنىلاشتۇرۇۋەتكەن.

گەپدانلىق مەدەنىيىتىنىڭ رولچىلىرى ئادەتتە مەنسەپدارلاردىن كۆپرەك چىقىدۇ. ئۇلار بىزنى غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىي، خالىس بولۇشقا ئۈندەيدۇ، بىزدىن قەلبى گۈزەل، تىلى گۈزەل، ئىش ـ ھەرىكىتى گۈزەل، مۇھىتى گۈزەللىكنى تەلەپ قىلىپ تۇرىدۇ؛ پاك ـ دىيانەتلىك، ئوچۇق ـ ئاشكارا بولۇشنى، جاپادا ئالدىدا، ھالاۋەتتە كەينىدە تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئاخىرىدا ئېغىزنىڭ ئۈچىدىكى ھېكمەتلىك مىسال ـ ئىبارىلەر ۋە تەسىرلىك شەرھە ـ بايانلىرى بىلەن ئەل ـ ئاۋامنى قايىل قىلىپ ۋە سەجدە قىلدۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ«مەبۇد» ئىكەنلىكىگە ئىشەندۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا گەپدانلىق مەدەنىيىتىنىڭ بۇ ئۇستا رولچىلىرى ئاشۇ ئۇستاتلىقلىرى بىلەن نەيرەڭ ئىشلىتىپ، قەبىھ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىدە قانۇننى بۇزىدۇ. ئۇلار جىنايى قىلمىشلىرى سەۋەبلىك قانۇن تورىغا چۈشكەندىلا، ئاندىن نېمىنىڭ تىلى تۈزۈكلۈك، دىلى بۇزۇقلۇق، نېمىنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىك، رەزىللىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلەيسىز.

گەپدانلىق مەدەنىيىتىنىڭ رولچىلىرى ئۆزلىرىنى ئەھلىئىلىملەرنىڭ سەرخىللىرى دەپ بىلىدۇ. بۇ نوپۇز ۋە سىر ـ ھەيۋىسى بولغاچقا ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى ۋە ئەمەل ـ ئەتمىشلىرى ئەل ـ ئاۋامنى ئاجايىپ جەلپ قىلىدۇ.

ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ پەلپەتىش گەپ ـ سۆزلىرى بەزىدە ئاۋام ـ پۇقرانى قايمۇقتۇرۇپ، گاڭگىرىتىپلا قويىدۇ .«مەدەنىيەت سەركىسى»، «پاي چېكى باشىسى»، «لاتارىيە ئۇستىسى»، «قۇرئەنداز»دېگەندەك ناملار بىلەن تەرىپلىنىدىغان بۇ كاتتىلار نوپۇز«مەيە»سى بىلەن سورۇنىمۇ سورۇن قاتراپ يۈرۈپ، ھېلى پاي چېكى باھاسىنىڭ ئۆرلەيدىغانلىقىدىن، ھېلى قىيامەتتىن بىشارەتلەرنى بېرىشىدۇ. «چۈچۈرە ئىچمەكتىن مەقسەت گۆش يېمەك» دېگەندەك، ئۇلارنىڭ ۋەزخانلىق قىلىشىمۇ دەل يېنىنى تومىلاش

ئۈچۈندۇر. گەپدانلىق مەدەنىيىتىنىڭ سەركىلىرىدىن شۇنداق دەپ سورىغۇم كېلىۋاتىدۇ: لاتارىيە، پاي چېكى بازىرىنىڭ نەرخ ـ ناۋاسىنى يۈزدەيۈز توغرا پەرەز قىلالايدىغان تۇرۇقلۇق ، يەنە نېمشقا ئاشۇ بازاردىن ئۆزۈڭلارلار پۇل تېپىپ تىقلىپ كەتمەي، ھەدېسە تۈت تەڭگە ئۈچۈن ئېغىزىڭلارنىڭ بىر قات تېرىسى چۈشۈپ كەتكۈچە ۋەزخانلىق قىلىسلەر؟ شۇڭا، گەپدانلىق مەدەنىيىتىنىڭ سەرخىللىرى سەمىڭلاردا بولغايكى، ئەخلاق ۋە پەزىلەتنى ئۇنتۇپ قالماڭلار، بولمىسا، سۈنى لېيتىپ بېلىق تۇتىمەن، دەپ يۈرۈپ، ئاخىر «مۇتەخەسسىسلىك»تاجىنىڭ ئاستىدا بۇرۇقتۇرما بولغىنىڭلارچە قاتتىق ۋە ئاچچىق كۆلكىگە قالىسلەر.

گەپدانلىق مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى ئېغىز بىلەن گەپتە. شۇڭا ئېغىز بىلەن گەپ بىر ـ بىرىگە دوست تارتىشىپ، ئالەمنى مالىم قىلالايدۇ. دېمەك گەپدانلىقى بىلەن ۋەزخانلىق قىلىپ ئۆزىنى كۆككە كۆتۈرىدىغانلار كۆپىنچە هالدا مۇئەللەقتە تۇرۇۋېلىپ، ئاز ئۈچرايدىغان يېقىملىق تېرمىنلار ۋە جاھاندا بار دەبدەبىلىك گەپلەر بىلەن باشقىلارنى گاڭگىرىتىدۇ. ئېغىزلىرىدىن چىقىۋاتقان گەپلىرىنىڭ قانداق نەتىجە بېرىدىغانلىقىدىن پەرۋايى پەلەك، ھېلى دېگىنىنى ھېلى ئۇنتۇيدۇ: ئاشۇ ۋەزلىرى بىلەن ئەل ـ ئاۋامنى كولدۇرلىتىپ، ئۆزلىرى تاغ چوققىسىدا تۇرۇپ تاماشا كۆرىدۇ. دېمەك، بۇنداق گېپىدە تۇرمايدىغان ،ئاغزى بىلەن كۆتىنىڭ پەرقى يوق «گەپدان»لار ئالدامچىلىقى بىلەن زىيانكەشلەردۇر. ئۇلار خۇددى قول چىرىغى ئەتراپىنى يورۇتۇپ، ئۆزىنى يورۇتمىغاندەك، كىشىلەر ھەققىدە قىل سىغماس زاكونلار بىلەن مۇتالىئە قىلىشىدۇ. گېزى كەلگەندە ھەتتا باشقىلارنى دەسسەپ ـ چەيلەپ، يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىدۇ: ئۆزلىرى بولسا بىر چەتتە تۇرۇپ تاماشا كۆرىدۇ. مىسالەن:سىچۇەن ۋېنچۇەندىكى يەرتەۋرەش ئاپىتى مەزگىلىدە يۈز بەرگەن «فەن قاچقۇن ۋەقەسى»* ھەققىدىكى تالاش ـ تارتىشلار دەل ۋابادەك يامرىغان گەپدانلىق مەدەنىيىتىنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

گەپدانلىق مەدەنىيىتى تەشەببۇسچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئادەتتە «دېگىنىم دېگەن» دەپلا تۇرۇۋالىدۇ. بۇ قانداقتۇر ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ كەڭرى، ئىلىم ـ بىلىمگە كامىللىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىدىكى سەۋەنلىكلەرنى بىلىپ تۇرۇپمۇ «مېنىڭ راست» دەپ تۇرۇۋالىدىغان جاھىللىقىدىندۇر. ئۇلار ھە دېسىلا «دەتتىكام» دەپ ئاتىدىغان قىمارۋازلارغا ئوخشايدۇ. قىسقىسى، يولسىزلىقىدىن تىلى تۇتۇلۇپ قالغاندا نوپۇزىنى شىپىي كەلتۈرۈپ ئۇششۇقلۇق قىلىش ـ ساختىلىق ۋە شەپقەتسىزلىكنىڭ ئالامىتىدۇر. بۇنىڭغا كۆرە شۇنداق سوئال قويغۇلۇقكى: بىر ئالىم ھەققانىيەتتە چىڭ تۇرۇشتەك مەردانىلىكنى ئىپادىلىمىسە، ئۇنى ئالىم دېگىلى بولسۇنمۇ؟ ئەل ـ ئاۋامنىڭ ھالى ـ كۈننى ئويلاشقا رەغدى بولمىغاچقا، ھەدېسىلا ۋەزخانلىق قىلىپ قۇرۇق گەپ ساتىدىغان مەنسەپدار پۇقرانىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلىسۇنمۇ؟!

گەپدانلىق مەدەنىيىتىنىڭ رولچىلىرى ئەتىدىن كەچكىچە ئۆزلىرىنىڭ نام ـ ئاتىقى بىلەن پايدا ـ زىيىنىنىڭ كويىدىلا پايپاسلايدىغانلار تۇرسا،ئۇلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلامدىكىلەر ئۈچۈن كاللا قاتۇرۇپ بېقىشىغا ھەپىلىسى بولسۇنمۇ؟

ئۇلار ئەتمىشلىرىنىڭ رېئاللىققا مۇخالىپ ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ، ئەمما «ئىلغار ئىدىيە»دەپ ماختايدۇ؛ئۆزلىرىچە «مەدەنىيەت گۈللىرى»دەپ ئاتىۋالغان نەتىجىلىرى ئارقىلىق مۇھىم بويۇنتۇرۇقلارنى ھازىرلاپ، ئۇنى مەنىۋى ھۇجۇمنىڭ تاكتىكىسى سۈپىتىدە قوللىنىدۇ. بۇنىڭ تۈپكى ماھىيىتى ـ ئۆزبېشىمچىلىق بىلەن ئۆز كۆمچىكىگە چوغ تارتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس! دېمەك ئۇلار مۇئەللەقتىكى داڭقان پۇتى« مەدەنىيەت »نىڭ تۇغقۇندىلىرى ياكى «تەربىيىچى ئاتا»لاردۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاجىزلار بىلەن بىر جان، بىر تەن دەپ ئاتىشىدۇ. لېكىن، بىر بۇردا نانغىمۇ ئەرزىمەيدىغان قۇرۇق ھېسداشلىقتىن ئۆزگىنى بىلمىگەچكە ، ئاجىزلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشقا ھەرگىزمۇ قادىر بولالمايدۇ.

گەپدانلىق مەدەنىيىتى تەرەپدارلىرى ـ قارىماققا ئەلنىڭ سەرخىللىرى. ھالبۇكى، بۇ «سەرخىللار» ئۆزلىرىگە شۇنداق سوئاللارنى قويۇپ بېقىشى كېرەك: «ھالقىلىق پەيتلەردە ئۆزۈم ئۈچۈن چوت سوقتۇممۇ ياكى ئاۋام ئۈچۈنمۇ؟»، «سۆز ـ ھەيۋەمنى پەش قىلىپ ئاۋامنىڭ رىزقىغا ئولتۇردۇممۇ ـ يوق؟»

گەپدانلىق مەدەنىيىتى ساھىبلىرىنىڭ ئىنسابسىزلىقى ـ جەمئىيەتنىڭ تراگېدىيىسى. قىسقىسى، بۈگۈنكى كۈندە گەپدانلىق مەدەنىيىتى ۋابادەك يامراپ تۇرۇپتۇ. شۇ نۇقتىدا ئايانكى، ئېغىزدا شەھەر ئالىدىغان ئۇنداق گەپدانلارنىڭ ئەلگە قىلچە پايدىسى يوق. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ۋاقتىنى، زېھنىنى، قۇربانلىق ئورنىدىكى ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ دۇرۇس نىيتىنى ئىسراپ قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ، ئۆزگىلەرنىڭ ۋە ئەلنىڭ بەختىگە ئولتۇرۇۋاتقانلىقى ھەق راست! گەپدانلىق مەدەنىيىتى ساھىبلىرىنى شۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇرغۇم كېلىۋاتىدۇ: ئەي گەپدانلار، ھوشۇڭلارنى يىغىۋېلىڭلار!

---

* دۇجياڭيەن گۇاڭيا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى فەن مېيجۇڭ قاتتىق يەرتەۋرىگەن ئاشۇ مىنۇتلاردا ئوقۇغۇچىلارنى تاشلاپلا سىنىپتىن ئۆزى يالغۇز قېچىپ چىقىپ كەتكەن. ئۇ ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئىنتېر توردىكى «تاغ تىترىگەن دەقىقىلەر»سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدا قىلچە ھېيىقمايلا: «ئەزرائىل يېتىپ كەلگەن ئاشۇ مىنۇتلاردا مېنى باشقىلارنىڭ ھايات ـ ماماتىنى ئويلىدى دېسە ئېھتىمال قىزىمنى ئويلىغاندىمەن. شۇ ئەمەسمۇ، ئادەم جان ھەلقۇمىغا كەلگەندە باشقىلار تۇگۇل ھەتتا ئانىسىنىمۇ تاشلاپ قاچىدىغان گەپتە!»دېگەندەك يۈرەك سۆزلىرىنى بايان قىلغان.

ئىنتېر توردىكى بۇ ماقالە جەمئىيەتتە قاتتىق غۇلغۇلا قوزغىدى. بەزى تورداشلار بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ كەسپىنى پۈتتۈرگەن بۇ مۇئەللىمنى ـ «ئۆچىغا چىققان نومۇسسىز فەن قاچقۇننى مائارىپ قوشۇنىدىن قەتئىي تازىلىۋېتىش كېرەك»دېسە، يەنە بەزىلەر: «بۇ دېگەن فەن مېيجۇڭنىڭ ئەركىنلىكى»دەپ، ئۇنىڭ تەرىپىنى ئېلىشتى. كۆچلۈك جامائەت پىكرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا قالغان مەكتەپ مۇدىرى «فەن قاچقۇن»نى خىزمەتتىن ھەيدەش ياكى ھەيدىمەسلىك ھەققىدە تېخىچە بىر قارارغا كېلەلمەي، ھازىرچە ئۇنىڭ مۇنبەرگە چىقىش سالاھىيىتىنىلا ئېلىۋېتىپ تۇردى. www.baidu.comتور بېتىدىن ئېلىندى.

ـ ئۇيغۇرچە نەشر تەرجىمە مۇھەررىرىدىن.

---

چېڭ شۈۋۇ ئىمزاسىدىكى بۇ فېلىيەتون «جۇڭگخۇا تەرمىلىرى»ژۇرنىلىنىڭ 2009 ـ يىل 1 ـ سانىدىن «فېلىيەتونلاردىن تاللانما»ژۇرنىلىنىڭ 2009 ـ يىل ماي (ئالدىنقى يېرىم ئايلىق)سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. **ئابابەكرى ئابدۇرەشىد** تەرجىمىسى.

تىلماچ: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇر ھازىرقى ـ بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى بويىچە 2006 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانت

# ئۆتمۈشتىن ئىبرەت: لۇشۈن ھېكمەتلىرىدىن...

## «لۇشۈن ئەسەرلىرى 1 ـ قىسىم ـ «قەبرە»» دىن تاللانغان ھېكمەتلەر

▲ ئۆزى ناتوغرا تۇرۇپ باشقىلارنى توغرا يولغا باشلىيالىغان ئادەم بولۇپ باقمىغان.

– «قەلەمنى مۇستەھكەملەش، تالا ـ تۈزنى يىغىشتۇرۇش تەلىماتى»، 330 ـ بەت (1925 ـ يىل)

▲ ئىسلاھاتقا قارشى چىقىۋاتقان قېرى ئەپەندىلەر، شەھۋەتپەرەس مەستانىلەر، ئۆسەك سۆز ماھىرلىرى، ئاددىي ساۋاتقىمۇ ئىگە بولمىغان ياكى باشقىچە نىيەتتە يۈرگەن مۇخبىر ۋە يازغۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار ھەيدىۋەتكەن مەكتەپ مۇدىرلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار، مەكتەپ مۇدىرى بولۇش قەستىدە يۈرگەن مائارىپچىلار — بىر ئىتنىڭ قاۋىشى بىلەن تەڭلا قاۋايدىغان يېزا ئىتلىرى...

ـ «قولچىلىق تەلىماتى»، 339 ـ بەت (1925 ـ يىل)

▲ جۇڭگولۇقلار ھەر جەھەتتىكى مەسىلىلەرگە توغرا قاراشقا پېتىنالماي، كۆز بوياش ۋە ئالدامچىلىق قىلىش چارىسى بىلەن ئۆزىنى چەتكە تارتىشنىڭ ئاجايىپ يوللىرىنى تاپىدۇ ۋە بۇ يولنى توغرا يول دەۋالىدۇ. ئەنە شۇ يول مىللىي ئاجىزلىقنى، ھورۇنلۇقنى ۋە مۇغەمبەرلىكنى ئىسپاتلىماقتا. جۇڭگو ئادەملىرى كۈننىڭ ئۆتۈشى بىلەن شۈكۈر ـ قانائەت قىلىپ، چۈشكۈنلىشىپ كېتىۋاتماقتا ۋە لېكىن بۇ ھالەتنى تېخى ئۆزلىرى ئۈچۈن شەرەپ بىلمەكتە.

— «كۆزنى ئېچىپ قاراش توغرىسىدا»، 310 ـ بەت (1925 ـ يىل)

▲ ئېسىل نەرسەڭنى ئوبدان يىغىشتۇرۇپ ساقلىمىغىنىڭ ئوغرىنى چىللىغىنىڭ، ھەددىدىن زىيادە ياسانغانلىقىڭ زىناخورنى چىللىغىنىڭ.

ـ «قەلەمنى مۇستەھكەملەش، تالا ـ تۈزنى يىغىشتۇرۇش تەلىماتى»، 331 ـ بەت (1925 ـ يىل)

▲ ھۆكۈمدارنىڭ تەتۈرى قاراقچى ئىكەنلىكىگە قىل سىغمايدۇ.

ـ «قەلەمنى مۇستەھكەملەش، تالا ـ تۈزنى يىغىشتۇرۇش تەلىماتى»، 335 ـ بەت (1925 ـ يىل)

▲ ئامالسىز تۇل ـ بويتاقلىق تۇرمۇشنى كەچۈرۈۋاتقان ئادەملەر، مەيلى ئۇلار ئەر ياكى ئايال بولسۇن... تولىسى كاج، گۇمانخور، ئىچى قوتۇر كېلىدۇ.

— «تۇلچىلىق تەلىماتى»، 341 ـ بەت (1925 ـ يىل)

▲ ئومۇمەن نادانلىقتا قالغان ئاجىز خەلق تەندە ھەر قانچە ساغلام ۋە قاۋۇل بولسىمۇ، پەقەت ئەھمىيەتسىز سازايىگە ماتېرىيال ۋە تاماشىچى بولماقتىن باشقىغا يارىمايدىكەن، كېسەلدە ئۆلگەنلەرگىمۇ ھەسرەت قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن. شۇڭا ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇلارنىڭ روھىنى ئۆزگەرتىش كېرەك ئىكەن.

ـ «چۇقان» ـ «ئاپتوردىن»، 6 ـ بەت (1922 ـ يىل)

▲ ھەر قانداق ئادەمدە مۇئەييەن بىر تەشەببۇس بولۇپ، ئۇ تەشەببۇس ھىمايىگە ئىگە بولسا، ئۇ ئادەم جەزمەن ئالغا باسىدىكەن؛ قارشىلىققا ئۇچرىسا، بۇ ھال ئۇنى كۈرەشكە ئاتلاندۇرىدىكەن؛ ئەگەر ئۇ ھايات كىشىلەر ئارىسىدا يالغۇز چۇقان سالسا، ھايات كىشىلەردىن ئۇنىڭغا ئەكس سادا چىقمىسا، باشقىلار ئۇنى ھىمايىمۇ قىلمىسا، ئۇنىڭغا قارشىلىقمۇ كۆرسەتمىسە، ئۇ تەشەببۇسچى خۇددى پايانسىز چۆلگە كىرىپ ئېزىپ قالغاندەك ئامالسىز قالىدىكەن. كىشىگە بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ھەسرەت بولامدۇ؟ مەن ئەنە شۇنداق ھېسسىياتلار بىلەن ئازابلاندىم.

ـ «چۇقان» ـ «ئاپتوردىن»، 7 ـ بەت (1922 ـ يىل)

▲ بەزى غالىبلار بار. ئۇلار ئۆز دۈشمەنلىرىنى يولۋاسقا ياكى لاچىنغا ئوخشاش بولسا ئىكەن دەپ تىلەيدىكەن. مانا شۇنداق بولغان ھالەتتىلا ئۇلار ئۆز غالىبىيىتىدىن قانائەتلىنىدىكەن. ئەگەر دۈشمىنى قوي ياكى چۈجىگە ئوخشاش بولسا، غالىب ئۆز غالىبىيىتىنى مەنىسىز دەپ ھېسابلايدىكەن. بەزى غالىبلار يېڭىپ، ئۆلگەنلەر ئۆلۈپ، بەزىلەر تەسلىم بولۇپ ۋە مۇلايىملىق بىلەن: «سىزگە قۇل بولاي، گۇناھىمنى تىلەي» دەپ يېلىنغاندىن كېيىن دۈشمىنىمۇ، رەقىبىمۇ، دوستىمۇ تۈگەپ، ئۆزى يالغۇز قالغاندا خۇشاللىقنىڭ ئورنىغا دەرد ـ ھەسرەتكە چۆمىدىكەن.

ـ «ئاQنىڭ ھەقىقىي تەرجىمىھالى»، 124 ـ بەت (1921 ـ يىل)

▲ ئەگەر ئاياللار بۇزمىغان بولسا، خەنزۇ ئەركەكلەرنىڭ تەڭ يېرىمىلا ئەۋلىيا بوپكەتكەن بولۇر ئىدى.

ـ «ئا Qنىڭ ھەقىقىي تەرجىمىھالى»، 126 ـ بەت (1921 ـ يىل)

▲ گەپنى: «تازا ياخشى بىلمەيدىكەنمەن» دېگەن بىلەن تۈگەتسە، ھەر قاچان ھەممە ئىشتا باش قېتىنچىلىقتىن قۇتۇلىدۇ.

ـ «دۇئا ـ تەلەپ»، 243 ـ بەت (1924 ـ يىل)

## ـ «لۇشۈن ئەسەرلىرى 3 ـ قىسىم ـ «ئىسسىق شامال»» دىن تاللانغان ھېكمەتلەر

▲ جۇڭگولۇقلار بالا تېپىشنىلا بىلىدۇ، (لېكىن) ئۇ بالىلارنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى بىلەن كارى يوق؛ بالىلارنىڭ كۆپ بولۇشىنىلا ئارزۇ قىلىدۇ، لېكىن ئۇ بالىلارنىڭ يارامىلىق بولۇشى ياكى يارامسىز بولۇپ چىقىشى بىلەن كارى يوق. بالا تاپقان ئادەملەر شۇ بالىلارنى تەربىيىلەش مەسئۇلىيىتىنى ئۆتىمەيدۇ. «نوپۇسىمىز كۆپ» دېگەن سۆز كۆزنى يۇمۇۋېلىپ تەمەننا قىلىشقا ئەرزىسىمۇ، لېكىن شۇ كۆپ نوپۇس چاڭ ـ توزان ئىچىدە پىرقىراپ يۈرىدۇ؛ ئۇلار كىچىك ۋاقتىدا ئادەم قاتارىغا ئېلىنمىغاچقا، چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ ئادەم بولالمايدۇ.

ـ «پارچە تەسرات»، 8 ـ بەت (1918 ـ يىل)

▲ بۈگۈنكى كۈندە سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تىنجىماي كېتىۋاتقانلىقىغا، ھەق بىلەن ناھەقنىڭ ئايرىلمايۋاتقانلىقىغا، گەپنىڭ قىسقىسىنى ئېيتقاندا، ھەقىقەتەن «قوش ئىدىيە» زامىن بولماقتا.

ـ «پارچە تەسرات»، 67 ـ بەت (1918 ـ يىل)

▲ تەرەققىي قىلايلى، خاتىرجەم ياشايلى دەيدىكەنمىز، «قوش ئىدىيە» لەرنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ تاشلىشىمىز كېرەك. چۈنكى، دۇنيا كەڭ بولسىمۇ، تېڭىرقاپ قالغان مىللەت ئاخىر ئۆزىنى سىغدۇرغۇدەك ئورۇن تاپالمايدۇ.

ـ «پارچە تەسرات»، 67 ـ بەت (1918 ـ يىل)

▲ باشقىلارنى ئەيىبلەپ، ئۆزىنى ئاياپ قويىدىغان ئادەملىرى كۆپ مىللەت بالايىئاپەتتىن قۇتۇلالمايدۇ.

— «قانائەتلەنمەسلىك»، 80- بەت (1918- يىل)

▲ جۇڭگودا ھازىرقى ئادەملەرنىڭ قەلبىدە قورساق كۆپۈكى ۋە غەزەپلىنىش ئامىللىرى ناھايىتى كۆپ. قورساق كۆپۈكى ئىسلاھاتنىڭ باشلامچىسى. لېكىن ئاۋۋال ئۆزىنى ئۆزگەرتىش، ئاندىن كېيىن جەمئىيەتنى، دۇنيانى ئۆزگەرتىش لازىم؛ قورساقنى كۆپتۈرۈۋەرگەن بىلەنلا بولمايدۇ، غەزەپلىنىپ قايناپ يۈرۈشنىڭ بولسا زادىلا دېگۈدەك پايدىسى يوق.

— «زەردىگۈش بولۇپ ئۆلۈش»، 82- بەت (1918- يىل)

▲ تەبىئەت ئادەملەرگە بەخش ئەتكەن كېلىشمەسلىكلەر ناھايىتى كۆپ. ئادەملەرنىڭ سولىشىپ، چۈشكۈنلىشىپ، ئارقىغا چېكىنىدىغانلىرىمۇ ئاز ئەمەس، لېكىن ھايات شۇ ۋەجىدىن ھەرگىزمۇ ئارقىغا قايتمايدۇ. مەيلى ھەر قانداق قاراڭغۇ زۇلمەت پىكىر ئېقىملىرىنىڭ ئالدىنى توسسۇن، مەيلى ھەر قانداق پاجىئە جەمئىيەتكە ھۇجۇم قىلسۇن، مەيلى ھەر قانداق جىنايى قەبىھلىكلەر ئىنسانىيەتچىلىكنى دەپسەندە قىلسۇن، ئىنسانىيەتنىڭ كامال تېپىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئىقتىدارى ئەنە شۇ تۈمۈر تىكەنلەرنى دەسسەپ ئالغا كېتىۋېرىدۇ.

— «ھاياتلىق يولى»، 89- بەت (1918- يىل)

▲ ھەر قانداق نەرسە چېكىدىن ئاشسا چوقۇم ئەكسىگە قاراپ ماڭىدۇ. بۇ، تەبىئي قانۇنىيەت.

— «بىردىنبىر توغرا تەلىمات»، 118- بەت (1922- يىل)

▲ بىرەر ئىشنىڭ مەڭگۈ يېشىلمەي چىگىش بوپكېتىشى جەھەتتە بىزنىڭ جۇڭگودىنمۇ بەتتەرەك ئەل بولمىسا كېرەك.

— «جۇشىنىكىسىز ئاھاڭ تەرجىمىسى»، 121- بەت (1922- يىل)

▲ كىچىك ئىشتىن چوڭ ئىشلارغا كۆز يەتكۈزگىلى بولىدۇ.

— «كىچىك ئىشتىن چوڭ ئىشقا كۆز يەتكۈزگىلى بولىدۇ»، 134- بەت (1922- يىل)

## «لۇشۈن ئەسەرلىرى 3- قىسىم — ‹سايۇەننىڭ داۋامى ›» دىن تاللانغان ھېكمەتلەر

▲ مەمۇرچىلىق زامانلاردا بانىدىت دېگەن نەرسە يوق ئىكەنمىش. كونا تارىخلارغا قارايدىغان بولساق، باسمىچى-قاراقچىلارنىڭ يىغىپ كەتكەن چاغلىرى پادىشاھنىڭ يات تۇغقىنى، ھەرەمبېگى، خائىن ۋەزىر ۋە ياكى چاكىنا ئادەملەر سەلتەنەت تەختىگە چىقىۋالغان چاغلار بولغان. ئۇلار بىر مەزگىل ھەدەپ ئەمەلدارلارچە سۆزلەپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئاقىۋەت «ئەلھۇكمىللىللا» بولۇپ تۈگەشكەن.

— «ئىلىم ئەھلىنىڭ ئۈچ روھى»، 391- بەت (1926- يىل)

▲ جۇڭگو ياشلىرىغا شىلەپە- تون جۇۋا كىيىپ، تېرە تاراقشىتىدىغان ئۇستازلار كېرەك ئەمەس، قورۇق سۆلەت بولمىغان — مۇبادا مۇنداقلىرى بولسا، قورۇق سۆلىتى ئازراق بولغان ئۇستازلار كېرەك. يۈزىگە نىقاب تارتىۋېلىپ، ئۆزىنى ئۆزى ئۇستاز دەۋالغانلار بولسا، نىقابىنى ئالدۇرۇۋېتىش كېرەك، ئۇنىڭغا ئۇنىمىسا يىرتىۋېتىش كېرەك، بىر - بىرىگە يىرتىلىپ كېرەك. يىرتىشىپ قان چېچىشسۇن، سېسىق كىبىرىنى بىتچىت قىلىشسۇن، ئاندىن كېيىن بىرگەپ بولىدۇ.

— «مەن تېخى ‹بەس› قىلمايمەن»، 431- بەت (1926- يىل)

▲ تاماقتىن كېيىن ئادىل باھا، شارابتىن كېيىنكى يوغان گەپلەر قۇلاققا ياقسا كاشكى. ئەگەر ئۇلارنى قىل سىغماس تەۋەررۈك ئادىل مۇلاھىزە دەپ قارايدىغان بولسىڭىز، چوقۇم ئالدام خالتىغا چۈشۈپ قالىسىز. لېكىن بۇ ئەيىبنى ئادىل مۇلاھىزىلەرگە ئارتىپ قويغىلىمۇ بولمايدۇ. جەمئىيەتتە چاي - زىياپەت بېرىش مودا بوپكەتكەن ۋەلېكىن بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىش ئار-نومۇس بولۇپ تۇرغان بىر ۋاقىتتا، ئادەملەرنىڭ يالغانچى بوپقېلىشى تۇرغان گەپ.

— «ئوچاق مۇئەككەللىرى مىراجى تەسىراتلىرى»، 436- بەت (1926يىل)

▲ ئەۋلىيالار، يەنى دانىشمەنلەر ھەر قاچان ئۆز ۋەتىنىگە سىغماپتىكەن، زامانداشلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگىمۇ ئۇچراپتىكەن، كاتتا ئادەملەرمۇ شۇنداق. ئەگەر ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە ئېرىشىدىغان بولسا، ئۆلۈپ كېتىشى ياكى جىم بولۇۋېلىشى ۋە ياكى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرماسلىقى شەرت.

— «غۇنچىسىز قىزىلگۈل-1»، 447-بەت (1926- يىل)

▲ بەزىبىر ئادەمنىڭ ئۇلۇغ ياكى چاكىنا دەپ ئاتىلىشى،شۇ ئادەمنىڭ شۇنداق ئاتىلىشىغا بەرگەن پايدىسىنىڭ كۆپ ياكى ئازلىقىغا باغلىق.

— «غۇنچىسىز قىزىلگۈل- 1»، 447- بەت (1926- يىل)

▲ جۇڭگو ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ يوقىلىشى بىلەن بىللە يوقىلىدۇ.

— «غۇنچىسىز قىزىلگۈل- 2»، 456- بەت (1926- يىل)

▲ قان بىلەن يېزىلغان پاكىتلارنى سىياھ بىلەن يېزىلغان تۆھمەتلەر ياپالمايدۇ.

— «غۇنچىسىز قىزىلگۈل- 2»، 457- بەت (1926- يىل)

▲ ئوق زەربىسىدىن تۆكۈلگىنى ياشلارنىڭ قېنى. قاننى سىياھ بىلەن يېزىلغان يالغان- ياۋىداق سۆزلەر يېپىپ كېتەلمەيدۇ، ئۇنى سىياھ بىلەن يېزىلغان ھەرپلەر ئېرىتەلمەيدۇ؛ تەھدىتمۇ ئۇنى بېسىپ كېتەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ ئالدانماس، ئۆلمەس.

— «غۇنچىسىز قىزىلگۈل»، 457- بەت (1926- بەت)

▲ جۇڭگونىڭ كونا ئۇدۇمى شۇنداق، ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەرنىڭ قورسىقىدا ئومۇمەن قانخورلۇق ئامىللىرى بولىدۇ، ئۇلار ياتلارغا ھەر قاچان ئۆلۈم يولىنى راسلاپ قويىدۇ.

— «پاجىئەلىك ۋە كۈلكىلىك»، 461- بەت (1926- يىل)

▲ «ئۆمرىدە يامان ئىش قىلمىغان ئادەم يېرىم كېچىدە ئىشىكى قېقىلسىمۇ چۆچۈمەيدۇ».

— «غۇنچىسىز قىزىلگۈل- 3»، 483- بەت (1926- يىل)

▲ پىتنە- ئىغۋا دېگەن نەرسە ھەقىقەتەن پىتنە-پاساتچىلارنىڭ ئۆز كۆڭلىدە ئارزۇ قىلغان پاكىتلىرى؛ بۇنىڭدىن بىر قىسىم ئادەمنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتىنى بىلىۋالالايمىز.

— «غۇنچىسىز قىزىلگۈل- 3»، 484- بەت (1926- يىل)

▲ جۇڭگونىڭ مەدەنىيىتى ئەنە شۇنداق: بۇزۇلغاندىن كېيىن ياماپ، يەنە بۇزۇلغاندىن كېيىن يەنە ياماپ جۇلۇقى چىقىپ كەتكەن بىر نەرسىدىن ئىبارەت. شۇنداق بولسىمۇ بەزىلەر ئۇنى ماختايدۇ، ھەتتا بۇزغۇنچىلارمۇ ماختايدۇ.

— «سۆھبەتتىن خاتىرە»، 572- بەت (1926- يىل)

▲ بىز جۇڭگولۇقلار ئۆزىمىزگە تەن بولمىغان نەرسىنى ياكى ئۆزىمىزگە تەن بولمايدىغان نەرسىنى بۇزۇۋەتكەندىن كېيىن كۆڭلىمىز ئارامىغا چۈشىدۇ.

— «سۆھبەتتىن خاتىرە»، 572- بەت (1926- يىل)

▲ جۇڭگو ئەزەلدىن «ئالدىدا يۈرىكىنىمۇ سۇغۇرۇپ بېرىدىغان، ئارقىدا كۈلىدۇ» غان ئەل. بۇنداق ئەھۋال «يېڭى

دەۋر» نىڭ ياشلىرىغىلا خاس ئەمەس. ئالدىدا «ئۇستازىم»، «ئەپەندىم» دەيدۇ، ئارقىدا ئوغا ۋە يوشۇرۇن ئوق تەگلەيدۇ.
ـ «دېگىزدىن خەت ـ خەۋەر»، 623 ـ بەت (1927 ـ يىل)

▲ تەقدىرگە تەن بېرىش بىلەن مۇرەسسە ـ مادارىچىلىق هاۋاسىنى يوقاتمىغۇچە، خەلقىمىزنىڭ ئىدىيىدە ئالغا بېسىشىغا ئۈمىد باغلاش مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس.
ـ «خەت ـ چەكلەر»، 183 ـ بەت (1925 ـ يىل)

▲ «سۆزلەش ۋە ماقالە يېزىش مەغلۇب بولغانلارنىڭ ئالامىتى بوپقالغاندەك تۇرىدۇ. لېكىن تەقدىر بىلەن ئېلىشىۋاتقان ئادەم ئۇلارغا پىسەنت قىلمايدۇ.»
ـ «خەت ـ چەكلەر»، 184 ـ بەت (1925 ـ يىل)

▲ مۇستەبىتلىك كىشىلەرنى تەنىچى قىلىۋەتكەندەك، خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش مۇستەبىتلىكى كىشىلەرنى سۆرۈن تەلەت قىلىۋېتىدىكەن.
ـ «ئۇشتۇمتۇت ئېسىمگە كەلگەنلىرى»، 209 ـ بەت (1925 ـ يىل)

▲ دۇنيادا ئەگەر ھەقىقەتەن ياشاشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئادەملەر بولسا، ئالدى بىلەن سۆزلەشتىن، كۈلۈشتىن، يىغلاشتىن، غەزەپلىنىشتىن، تىللاشتىن، ئۇرۇشتىن قورقماسلىقى، بۇ لەنىتى جايدا زاماننىڭ دەككىسىنى بېرىشى كېرەك.
ـ «ئۇشتۇمتۇت ئېسىمگە كەلگەنلىرى»، 209 ـ بەت (1925 ـ يىل)

▲ باتۇرلار غەزەپلەنسە خەنجىرىنى ئۆزىدىن كۈچلۈكلەرگە تەڭلەيدۇ، توخۇ يۈرەكلەر غەزەپلەنسە خەنجىرىنى ئۆزىدىن ئاجىزلارغا تەڭلەيدۇ. قارىغىش تەگكەن مىللەت ئىچىدە چوقۇم مەخسۇسلا كىچىك باللارغا كۆز ئالايتىدىغان بىر مۇنچە «قەھرىمان» بولىدۇ. ھەي ي، بۇ نامەردلەرنى!
ـ «پارچە تەسىرات»، 216 ـ بەت (1925 ـ يىل)

▲ باللار ئالىيىپ تۇرغان كۆزلەر ئىچىدە چوڭ بولسا ئۇلار باشقا باللارغىمۇ كۆز ئالايتىدۇ ۋە: ئۆمرىمىز غەزەپ ئىچىدە ئۆتۈۋاتىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. ئۇلار غەزەپلىنىش مانا مۇشۇنداق بولىدۇ دەپ بىلگەچكە، ئۇلارنىڭ ئۆمرى غەزەپ ئىچىدە ئۆتىدۇ، بەلكى ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى ئەۋلادىمۇ، ھەتتا ئاخىرقى ئەۋلادىمۇ غەزەپ ئىچىدە ئۆتىدۇ.
ـ «پارچە تەسىرات»، 216 ـ بەت (1925 ـ يىل)

▲ داد ـ پەريادلارنى، ئاھۇ ـ زارنى، يىلىنىشلارنى ئاڭلىغاندا چۆچۈپ كېتىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق، تولىمۇ جىمجىتلىقنى كۆرگەندە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك؛ جەسەتلەر دۆۋىسى ئىچىدە شىۋىرلاپ يۈرگەن زەھەرلىك يىلانغا، قاراڭغۇدا چىپىپ يۈرگەن ئېزىتقۇغا ئوخشايدىغانلارنى كۆرگەندە تېخىمۇ دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. بۇ ئەھۋال «ھەقىقىي غەزەپ» نىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى.
ـ «پارچە تەسىرات»، 217 ـ بەت (1925 ـ يىل)

▲ جۇڭگولۇقلار قوينى كۆرگەندە يىرتقۇچ ھايۋان بولۇۋالىدۇ، يىرتقۇچ ھايۋاننى كۆرگەندە قوي بولۇۋالىدۇ. دېمەك يىرتقۇچ ھايۋان بولۇۋالسىمۇ يەنىلا قورقۇنچاق خەلقلىقىدىن قالمايدۇ. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە چوقۇم تۈگىشىدۇ.
ـ «ئۇشتۇمتۇت ئېسىمگە كەلگەنلىرى»، 228 ـ بەت (1925 ـ يىل)

▲ ئەگەر ھەر قانداق ئادەمنىڭ ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىيدىغان ئەقىل كۆزى بولىدىكەن، گەپنى ياساپ ئولتۇرماي تۈز سۆزلىگىنى ياخشى؛ ئۇنداق قىلمايدىكەن، تىلىنى چايناپ گەپ ئوينىتىدىكەن، ئەقىل ـ ھوشى بار ئادەم ئۇنىڭ قايسى تەرەپكە يەڭ ئىچىدە «يان باسقان» لىقىنى پەملىيەلەيدۇ؛ دېمەك، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىچى قوتۇرلۇقى ۋە رەزىللىكىنى ئاشكارىلايدۇ، خالاس.
ـ «قۇرۇق گەپ ئاز ئەمەس ـ 1»، 248 ـ بەت (1925 ـ يىل)

▲ ھەر قانداق دۆلەت زەئىپلەشكەن چاغدا پىكرى بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدىغان ئىككى خىل ئادەم بولىدۇ: ئۇلارنىڭ بىرى ـ مىللىي روھچىلار، ئۇلار خەلقنىڭ مەنىۋى جاسارىتىنى تەكىتلەيدۇ؛ يەنە بىرى ـ مىللىي قۇۋۋەتچىلەر، ئۇلار مەخسۇسلا خەلقنىڭ ئەمەلىي كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى تەكىتلەيدۇ. مىللىي روھچىلار كۆپ بولسا، دۆلەت بەرىبىر ئاجىزلىشىپ كېتىۋېرىدۇ؛ مىللىي قۇۋۋەتچىلەر كۆپ بولسا، دۆلەت كۈچ ـ قۇدرەت تاپىدۇ.
ـ «ئۇشتۇمتۇت ئېسىمگە كەلگەنلىرى ـ 10»، 263 ـ بەت (1925 ـ يىل)

▲ ئالدىرىغاندا گەپنى ئوڭلاپ قىلالماسلىق، كېسەلنىڭ مەنبەسى ئويلاشقا ۋاقىت چىقىرالماسلىقتا ئەمەس، ۋاقىت چىققاندا ئويلانماسلىقتا.
ـ «ئۇشتۇمتۇت ئېسىمگە كەلگەنلىرى ـ 11»، 265 ـ بەت (1925 ـ يىل)

▲ جۇڭگولۇقلارنى ئۆزگەرىشكە ماھىر ئەمەس دەپ كىم ئېيتالايدۇ؛ ھەر بىر يېڭى شەيئى سىڭىپ كىرگەندە، دەسلەپتە چەتكە قاقسىمۇ، لېكىن سەل ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىگە كۆز يەتسىلا تەھقىق ئۆزگىرىش ياسايدۇ، بىراق ئۆزىنى يېڭى شەيئىگە مۇۋاپىق قىلىپ ئۆزگەرتمەستىن، بەلكى يېڭى شەيئىنى ئۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىدۇ، خالاس.
ـ «تولدۇرما»، 278 ـ بەت (1925 ـ يىل)

▲ جۇڭگودا مەغلۇب قەھرىمان ئاز، بەرداشلىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىدىغانلار ئاز، تىغدەك يالغۇز جەڭ قىلالايدىغان غازىلار ئاز، ئىسيانچىنىڭ ھازىسىنى تۇتۇشقا جۈرئەت قىلالايدىغانلار ئاز بوپكەلدى؛ غەلىبە ئالامىتى كۆرۈنسە توپلىنىپ كېلىشىدۇ، مەغلۇبىيەت ئالامىتى كۆرۈنسە بەدەر تىكىۋېتىشىدۇ.
ـ «ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن»، 323 ـ بەت (1925 ـ يىل)

---

تۇختى باقى ئارتىشى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 ـ يىل مارتتا نەشر قىلغان «لۇشۈن ئەسەرلىرى» دىن تەۋسىيە قىلغۇچى: قاراقاش ناھىيە سۇ ئىدارىسى ئاقساراي يېزا سۇ باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ خادىمى **تۇرسۇن قۇربانىياز**

**بۇ سەھىپىدىكى تەرجىمە ئەسەرلەرنى تەھرىرلىگۈچى: سېيىت تىلىۋالدى (تەكلىپلىك)، سېلىشتۇرۇپ بېكىتكۈچى: ئىمىن ئەھمىدي (تەكلىپلىك)**




## ئىككى لەتىپە: كۈلەيمۇ يا يىغلايمۇ...

### تۇرسۇن تۇردى

### ئۈچ خىل تەسەللى

بىر ئامېرىكىلىق، بىر فرانسىيىلىك، بىر گېرمانىيىلىك بىلەن نەسىرىددىن ئەپەندى پويىزدا سەپەرداش بوپقاپتۇ. ئۇلار تاغدىن-باغدىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا ئامېرىكىلىق:

— قوشنامنىڭ ئوغلى بىر قېتىملىق كۆز ئوپېراتسىيىسىدە ئىككىلا كۆزى كۆرمەس بوپقالغان. بىر كۈنى ئۇ ھاسا تايىقى بىلەن پىيادىلەر يولىنىڭ گىرۋىكىگە ياتقۇزۇلغان سېمونت تاختىنى ياقىلاپ ئىمىسقىلاپ كېتىۋاتقاندا، تۇساتتىن كونتروللۇقنى يوقاتقان بىر تاكسى يولدىن قاڭقىپ چىقىپ ئۇنى سوقۇپ، ئىككى پۇتىدىنمۇ ئايرىۋەتتى. لېكىن ئۇ بۇ كېلىشمەسلىككە پىسەنت قىلماي قەيسەرلىك بىلەن ياشاپ كەلگەنىدى. ئۇ ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتقۇچىلارغا «گەرچە مەن كۆزۈم بىلەن پۇتۇمدىن ئايرىلغان بولساممۇ، لېكىن ئىككى قولۇم ساق، بىر ئامال قىلىپ ياشىيالايمەن» دەيتتى. بىراق تەقدىر ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم رەھىمسىزلەرچە «چاقچاق» قىلدى. ئامېرىكىنىڭ ئورلېئان شتاتىغا ھۇجۇم قىلغان قارا بوران «كاترىننا» ئۇنىڭ ئىككى قولىنىمۇ كاردىن چىقاردى... ئويلاپ بېقىڭلار، ئۇنىڭ ئەمدى ئۈمىدلەنگىدەك نېمىسى قالدى؟— دەپ سۆزلەپ كېلىپ يىغلاپ سېپتۇ.

— كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ،— دەپتۇ فرانسىيىلىك ئامېرىكىلىققا تەسەللى بېرىپ،— گېپىڭىزدىن قارىغاندا ئۇ بالىنىڭ تېخى كاللىسى ساقكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەكمۇ قەيسەركەن. شۇڭا ئۇ كاللىسىدىكى ئوي-خىياللىرى، تەپەككۇر-تەسەۋۋۇرىغا تايىنىپمۇ يەنىلا ھاياتتىن مەنە تاپالايدۇ.

— خىيالىي دۇنيادا ياشىغانىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ — دەپتۇ گېرمانىيىلىك فرانسىيىلىكنىڭ قارىشىنى كەسكىن رەت قىلىپ، — ئەڭ ياخشىسى، ئۇنىڭ مېيىپ بولغان ئەزالىرىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك!

— ھەي ئاغىنىلەر، ئۇ بىچارىنىڭ ئازانلا قالغان جېنىنى قىيناپ نېمە قىلىسىلەر دەيمەن؟ — دەپتۇ ئەپەندىم دىمىقىنى قېقىپ، — مەن دەپ قوياي، ئوپېراتسىيىگىمۇ ئاز پۇل كەتمەيدۇ جۇما! ئۇنىڭدىن كۆرە، ئۇ بىچارىنى ماڭىلا تاپشۇرۇپ بېرىڭلار. مەن ئۇنى ئۇرۇمچىگىلا ئېپكېتەي. ئۇرۇمچىگە بارسا ئوپېراتسىيىنىڭ پۇلىمۇ ھەل بولىدۇ ھەم ئۆزىمۇ بەگزادىلەردەك باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشىدۇ!

— نېمىدەپ يۈرىدىغانسىز بۇرادەر، — دەپتۇ ئامېرىكىلىق تەئەججۇپلىنىپ، — سىز ئۇنى قانداق قىلىپ بەگزادىلەردەك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرمەكچىسىز؟

— ماڭا ئىشىنىڭ دەيمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم ئالىقىنىنى بىر-بىرىگە سۈركىگىنىچە ئېغىزىنى تاسقاپ تۇرۇپ، — ئۇنىڭدەك كاللىسىلا ئامان قالغان مېيىپلارنى

ئاچچىق كۈلكىلەر

ئۇرۇمچىنىڭ «خەلقئارا چوڭ بازار» دېگەن يېرىگە ئاپىرىپ تىلەمچىلىككە سالىدىغان بولساق ـ زە، ۋاھ ـ ۋاھ ـ ۋاھ! پۇل ـ پېچەككە كۆمۈلۈپ كېتىدۇ دەيمەن!...

## ئادەم بىلەن ئىتنىڭ پەرقى...

ئامېرىكا جەمئىيىتى ھەققىدە ئاڭلىغان شېرىن باراڭلارنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەكچى بولغان ئەپەندىم ئامېرىكىغا بېرىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ تاللا بازىرىدا مال ئۆرۈۋاتسا، بىر خانىم يېتىلىۋالغان ماكچاي يۈزلۈك كۈچۈك ئۇنىڭ ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىنى يالاپ، چىشلەپ ئارام بەرمەپتۇ. كۈچۈكنىڭ قىلىقىدىن بىزار بولغان ئەپەندىم كۈچۈكنى پۇتى بىلەن نېرى ئىتتىرىپ قويغانىكەن، كۈچۈكنىڭ خوجايىنى بىشەملىك قىلىپ «كۈچۈكمگە ئازار بەردىڭ، روھىي تۆلەم تۆلەيسەن» دەپ سوتقا ئەرز قىپتۇ. ئەپەندىمنىڭ تۆلىگىدەك پۇلى بولمىغاچقا، بۇ قىلمىشى ئۈچۈن نەق بىر يىل تۈرمىدە يېتىپتۇ.

بىر يىلدىن كېيىن ئەپەندىم تۈرمىدىن ئەمدىلا چىقىپ كوچىدا كېتىۋاتسا ئون ياشلاردىكى بىر قىزچاق ئاپىسىغا:

ـ ئاپا، ئاۋۇ تېررورچىغا قارا، چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ تېخىمۇ ياۋۇزلىشىپ كېتىپتۇ، ـ دەپتۇ قورققىنىدىن ئاپىسىنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈپ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلگەن ئەپەندىم:

ـ ھەي قىزچاق، ئەسلىدە مەن تولىمۇ مۇلايىم، تىنچلىقپەرۋەر ئادەم ئىدىم... بىراق بۇلتۇر سىزچىلىك بىر كۈچۈككە ئازار بىرىپ قويۇپ نەق بىر يىل تۈرمىدە ياتتىم. شۇ ۋەجىدىن چاچ ـ ساقاللىرىم ئۆسۈپ كېتىپ مۇشۇ سىياقىقا كىرىۋالدىم، ـ دەپتىكەن، ئەپەندىم يەنە قاق بالاغا قاپتۇ. قىزچاقنىڭ ئاپىسى شۇئان ئۆكۈپ:

ـ سەن نېمىدەپ قىزىمنى ئىتقا ئوخشىتىسەن؟! ـ دېگىنىچە ئەپەندىمنىڭ ياقىسىدىن ئاپتۇ ـ دە، سوتقا ئەرز قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەپەندىم ئىككىنچى قېتىم سوتقا تارتىلىپتۇ.

ـ ھە، نېمىشقا خەقنىڭ قىزىنى ئىتقا ئوخشاتتىڭ؟ـ دەپ سوراقلاپتۇ سوتچى نەسرىدىدىن ئەپەندىدىن.

ـ سوتچى جانابلىرى! ـ دەپتۇ ئاچچىقتىن ئۆتى يېرىلغۇدەك بولۇپ تېرىككەن ئەپەندىم، ـ بۇلتۇر بىر كۈچۈككە ئازار بېرىپ قويۇپ بىر يىل تۈرمىدە ياتتىم، مانا ئەمدى بىر قىزچاقنى كۈچۈككە ئوخشىتىپ قويۇپ يەنە سوتلىنىۋاتىمەن...شۇنى بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ، سىلەرنىڭ بۇ ئامېرىكىدا ئادەم بىلەن ئىتنى زادى قانداق پەرقلەندۈرىدۇ؟!

---

*باش ماۋزۇ مەسئۇل مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى.

ئاپتور: قاراماي كەسپىي ـ تېخنىكا ئىنستىتۇتى قوغداش بۆلۈمىنىڭ خادىمى

# بىر پارچە سۈرەتنىڭ كارامىتى

ھېسابلاپ باقسام تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقداشلار ئايرىلغىنىمىزغا 20 يىل بولاي دەپ قاپتۇ. ئەينى چاغدىكى سىنىپ باشلىقىمىزنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن ساۋاقداشلار يىغىلىپ ئاشۇ 20 يىلنى خاتىرىلىمەكچى بولدۇق.

باغاق تارقىتىلغاندىن كېيىن سودىگەر ساۋاقداشلىرىمىز ئىش ـ ئوقىتىنى تاشلاپ، ئىدارە ـ ئورگانلاردا ئىشلەيدىغان ساۋاقداشلىرىمىز ئاتايىتەن رۇخسەت سوراپ دېگەندەك يىغىلىشقا ئۇلگۇرۇپ كەلدى. بولۇپمۇ مۇئاۋىن ھاكىملىق مەنسىپىگە ئولتۇرغان ساۋاقدىشىمىز لىي گاڭ چەت ئەلگە تەكشۈرۈشكە چىقىش ئۈچۈن قىلىۋاتقان تەييارلىقلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، شوپۇرى بىلەن كەپتۇ. داستىخان راسلىنىپ بولغاندىن كېيىن لىي گاڭ شوپۇرىنى ئەۋەتىپ ئەينى چاغدىكى سىنىپ مۇدىرىمىز لى مۇئەللىمنىمۇ ئەكەلدۈردى. ئەينى يىللاردىكى بېجىرىم لى مۇئەللىمگە قېرىلىق يېتىپلا قالماي، يېرىم پالەچ بوپقالغاچقا چاقلىق ئورۇندۇققا چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە لى مۇئەللىم يېقىنقى يىللاردىن بېرى تەس كۈنگە قاپتۇ. چۈنكى ئارزۇلۇق يالغۇز ئوغلى خىزمىتىدىن قېپتىكەن، لى مۇئەللىم ئۇنىڭغا بىر كىچىك ئاشپۇزۇل ئېچىپ بېرىپتۇ. كېلىنى ئۇزاقتىن بۇيان كېسەلدىن خارىج بولالماي ئوكۇل ـ دورا بىلەن كۈن ئېلىۋېتىپتۇ. لى مۇئەللىمنىڭ نەۋرىسى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ مەكتەپتىكى پۇتكۈل خىراجىتى ئاشۇ كىچىككىنە ئاشپۇزۇلغىلا قاراشلىق ئىكەن.

ئولتۇرۇش داۋاملىشىۋاتاتتى. مەنسەپدارلىق سورۇندا بىر قانچە يىلنى ئۆتكۈزگەن لىي گاڭ ئالدى بىلەن ئون نەچچە مىنۇت سۆز قىلىپ، ساۋاقداشلارنىڭ ئايرىلغاندىن بۇيانقى سېغىنىشى ۋە لى مۇئەللىمنىڭ بىزگە سىڭدۈرگەن ئەجرى توغرىسىدا تەسراتىنى جانلىق بايان قىلدى. چاقلىق ئورۇندۇقتىكى لى مۇئەللىم لىي گاڭنىڭ سۆزىنى پۇتۇن زېھنى بىلەن ئاڭلاۋاتاتتى. ھەممەيلەن بىرگە خاتىرە سۈرەتكە چۈشىدىغان چاغدا لى مۇئەللىم مۇئاۋىن ھاكىم لىي گاڭنى ئالاھىدە يېنىغا چاقىرىپ ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم سۈرەتكە چۈشۈۋالدى. باشقا ساۋاقداشلار ئەزەلدىن تۈز، ئاق كۆڭۈل، ئەمەل ـ مەنسەپ دېگەنلەرگە پەرۋا قىلمايدىغان لى مۇئەللىمنىڭ قانداقلارچە بۇنچىۋالا ئابرويپەرەس بوپقالغىنىغا ھەيران قېلىشتۇق.

يەنە بىر قېتىملىق ساۋاقداشلار ئولتۇرۇشىدىن كېيىن بىز لى مۇئەللىمنىڭ ئوغلى ئاچقان ئاشپۇزۇلنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قالدۇق. لى مۇئەللىم ئاشپۇزۇلدا ئىكەندۇق، بىزنى كۆرۈپ چاقىردى. كىردۇق. لى مۇئەللىم مۇئاۋىن ھاكىم لىي گاڭ بىلەن چۈشكەن سۈرەتنى چوڭايتىپ، ئۇدۇل تامغا ئېسىپ قويۇپتۇ. سۈرەتكە قاراپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغىنىمىزنى كۆرگەن لى مۇئەللىم بىزگە مۇنداق چۈشەنچە

بەردى:

— ئالقانچىلىك ئاشپۇزۇلدىنمۇ تازىلىق پۇلى، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پۇلى ئالىدىغانلار ئىككى كۈندە بىر كېلىپلا تۇرىدۇ؛ بەزى ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ تاماق يەپ، ئېتىنى يېزىپ قويۇپ چىقىپ كېتىشلىرى بار تېخى! مۇشۇ سۈرەتنى ئېسىپ قويغاندىن كېيىن باشقىلار مېنىڭ لېپى ھاكىمنىڭ ئەينى يىللاردىكى مۇئەللىمى ئىكەنلىكىمنى بىلىدى بولغاي، ئاشپۇزۇلنىڭ تىجارىتى ئوبدانلا ئاقتى. غىزالىنىدىغانلارمۇ بۇرۇنقىدەك ئېتىنى يېزىپ قويماي پۇل تۆلەپ چىقىدىغان بولدى. ھەي ي... بۇمۇ ئىلاجسىزلىقمىدىنىدە!

---

لاۋلېيۇ ئىمزاسىدىكى بۇ فېلىيەتون «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى» نىڭ 2009-يىل ماي (ئالدىنقى يېرىم ئايلىق) سانىغا بېسىلغان. **راخمانجان روسۇل سۇلتانى** تەرجىمىسى. تىلماچ: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك رادىئو-تېلېۋىزىيە مەكتىپى پەيزاۋات شۆبىسىنىڭ پېنسيونېرى

# ئىككى مىكرو ھېكايە

## ئابلىز ئىبراھىم دولان

### ياغلىق قاپاق

— ئاداش، بولدى قىلايلىچۇ، ئۆيدە ئادەم بار ئىكەن، ئېغىلغا كىرىپ قويلارنى سۆرەشتۈرۈپ يۈرسەك تۇتۇلۇپ قالغۇدەكمىز.

— ئەخمەق، نېمىدىن قورقىسەن، خاتىرجەم بول. پەم بىلەن كىرىپ گاچچىدە ئوغرىلاپ چىقىمىز. سېزىلىپ قالساقمۇ، بۇ ئۆينىڭ ئىگىسىمۇ ئاتالغان ئوغرى بولغاندىكىن، ھېچكىم ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەيدۇ.

— بىراق، بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى يامان ئىشتىن قول ئۈزۈپ ياخشى ئادەم بولغىلى خېلى ئۇزۇن بولدىغۇ؟

— ھا، ھا، ھا... كاللاڭ ئىشلىمەيدىكەن ئاغىنە سېنىڭ. ئۇ ئۆزگىرىپ پەرىشتە بوپكەتكەن تەقدىردىمۇ، «ساراڭ ساقايماس، قارا قازان ئاقارماس» دېگەندەك، بەربىر كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ.

قوي ئىگىسى ئەتىگەندە ئۈچ قوينىڭ ئوغرىلانغانلىقى ھەققىدە ساقچىغا دېلو مەلۇم قىلدى. ساقچىلار ئەھۋال ئىگىلەشكە كىرىشتى:

— قويلىرىڭ قاچان ئوغرىلاندى، گۇمانىڭ بارمۇ؟

— تۈنۈگۈن ئاخشام تەڭ كېچىدە ھويلامدا ئىككى ئادەمنىڭ شەپىسى ئاڭلانغاندەك قىلدى، غەپلەت بېسىپ ئۇخلاۋېرىپتىمەن. ئەتىگەن قارىسام قويلار يوق تۇرىدۇ. مېنىڭچە، قويلىرىمنى مەھەللىدىكى ئەمەت ئوغرى بىلەن سەمەت ئوغرى ئوغرىلىدىمىكىن دەيمەن.

— ئوبدانراق ئويلىنىپ كۆر، باشقىلارغا قارا چاپلىساڭ جازالىنىسەن جۇمۇ؟

— چوقۇم ئاشۇ ئىككىسى، بولمىسا، كىم ئوغرىلايدۇ؟

— خەقتىن بىھۇدە گۇمان قىلما. ئۆزۈڭچە «قاغىدىن ئاق، سېغىزخاندىن ساق» ئوخشىمامسەن؟ بۇنداق گەپلىرىڭگە كىممۇ ئىشىنىدۇ؟ ۋاقتى-سائىتى كېلىپ قالسا ئوغرىمۇ ئوغرىلىغىلى ھېچ نەرسە تاپالمىسا، ئۆزىنىڭكىنى ئوغرىلايمىش. شۇڭا سەنمۇ ئۆزۈڭنىڭكىنى ئۆزۈڭ...؟

### سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىش

— «ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك-پوك»

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى (مەسئۇل مۇھەررىردىن)

بىر بالا ئۆيدە ئويۇنچۇق ئويناۋاتاتتى. بىر كەمدە كىرسىلودا گېزىت ئوقۇپ ئولتۇرغان دادىسى ئويۇنچۇق ساقچى ماشىنىسىنىڭ توختىماي غۇيۇلدىغان ئاۋازىدىن قاتتىق چۆچۈگىنىچە چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. گويا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا قولىدا كويزا كۆتۈرۈۋالغان ئىككى ساقچى پەيدا بولۇپ، «سەن چىرىكلىك، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق جىنايىتى بىلەن قولغا ئېلىندىڭ» دەپ ئۇنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ ئېلىپ ماڭىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى-دە، شۇئان قان بېسىمى ئۆرلەپ، ھوشىدىن كېتىپ ئارقىسىغا ئۈچۈپ چۈشتى ۋە ئاغزىدىن كۆپۈك يېنىپ، جاۋغىيىغا سىرغىشقا باشلىدى.

بالا بۇنىڭغا دىققەت قىلمىغاچقا خىيالىدا يوق ئويۇنچۇق ماشىنىسىنى ئويناۋەردى. بىر كەمدە ئاپىسى ئاشخانا ئۆيدىن بىر تەخسە قورۇمىنى كۆتۈرگىنىچە چىقىپ كەلدى ۋە ئۆيدىكى بۇ پاجىئەنى كۆرۈپ «ۋايجان...» دېگىنىچە قولىدىكى تەخسىنى يەرگە تاشلىۋەتتى.

«چاڭ» قىلىپ تەگكەن تەستەكتىن بالىنىڭ كۆزلىرىدە ئوت چاقناپ كەتتى. ئۇ شۇ ھامان يىغلاشقا تەمشەلدىيۇ، ئاپىسىنىڭ غەزەپلىك چىرايى ۋە دادىسىنىڭ قېتىپ كەتكەن يۈزىگە قارىغىنىچە شۈمشىيىپ توختاپ قالدى. ئاپىسى ئۇنىڭ قۇلىقىنى سوزغىنىچە ۋارقىراشقا باشلىدى:

— ھەي ياغاچ قۇلاق، گەپ ئاڭلىماسەن - ئاڭلىماسەن زادى؟ مەن ساڭا نەچچە قېتىملاپ دېدىمغۇ، داداڭ ئۆيدە بار چاغدا ئويۇنچۇق ساقچى ماشىنىسى ئوينىما دەپ؟ مانا قارىغىنە، داداڭنىڭ يەنە سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىپتۇ...

---

ئاپتور: مەكىت ناھىيە غازكۆل يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم




## نيۇ-يوركتىكى «تار كوچا»

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى پسىخولوگىيە تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىدا تېببىي پسىخولوگىيە بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتلىق ئوقۇشۇمنى تاماملىغىنىمغىمۇ ھەش-پەش دېگۈچە بىر يىلدىن ئېشىپتۇ. ئەسلەپ باقسام، بۇلتۇر مۇشۇ چاغلاردا ۋال-ستىرىت (ياكى ۋال كوچىسى) تىن باشلىنىپ، دۇنيا ئىقتىسادىنى ئېغىر ھالسىراتقان پۇل مۇئامىلە كرىزىسى توغرۇلۇق ئىزدىنىپ، «نەزەرىيەمدىكى پۇل مۇئامىلە كرىزىسى ۋە رېئاللىقىمىز» تېمىسىدا ئەسەر يېزىپ ئولتۇرغانىدىم («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2008-يىل 6-سانىدا ئېلان قىلىنغان). پۇل مۇئامىلە كرىزىسى يۈز بېرىپ دەل بىر يىل بولغاندا قەدىمىم ۋال-ستىرىتقا يېتىپ قالدى. ۋال-ستىرىتنىڭ كىرىش ئېغىزىغا جايلاشقان، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت بايرىقى يوغان قىلىپ ئېسىلغان نيۇ-يورك ئاكسىيە بىرژىسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، بۇ تار، قىسقا كوچىغا تەمكىن، ئېغىر خىيال بىلەن نەزەر سالدىم. «سەن بىر تار كوچا، لېكىن مەرھۇم مىرزات ئالىم ئېيتقان ناخشىدىكى ‹تار كوچا› ئەمەسسەن. ناخشىدىكى ‹تار كوچا› كىشىنى يۇرت ئىشقىغا سالسا، سەن كىشىنى دۇنياۋى ئىقتىسادنىڭ تۈگىمەس كويى-خىياللىرىغا سالىسەن. گەرچە سەن يۇرتۇمدىن نەچچە تۈمەن چاقىرىم يىراقتا بولساڭمۇ، ئەمما ھەربىر تىنىقىڭ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ. بۇلتۇر سەن چۈشكۈرۈۋىدىڭ، پۈتكۈل دۇنيا ئىقتىسادىغا ئېغىر زۇكام تەگدى. بىز ئۇيغۇرلارمۇ ئاز زىيان تارتمىدۇق. تالاي ئادەم پۇل مۇئامىلە كرىزىسى دېگەننى ئاڭلىدى، ئۆز بېشىغا كەلگەندە چۈشەندى. ئۇنىڭ سەندىن باشلانغانلىقىنى بىلدى... سەنچۇ؟ شۇنچە بالانى تېرىپ قويۇپ يەنە ھېچنېمە بولمىغاندەك تار قوينۇڭنى كەڭ ئېچىپ، سۈكۈتتە تۇرىسەن... » خىياللىرىم چېكىچ ۋە تەگسىز ئىدى ...

شۇنداق قىلىپ بۇيىل-2009-يىلى 26-ئىيۇلدىن 22-ئاۋغۇستقىچە ئامېرىكىدا قىسقا مۇددەتلىك زىيارەت، ئۆگىنىش ۋە ساياھەتتە بولدۇم. ئامېرىكا توغرۇلۇق تەسىراتلار كۆپ يېزىلغان بولسىمۇ، ھەركىمنىڭ كۆزىتىش نۇقتىسى ۋە تەپەككۇرى ئۆزگىچە بولغانلىقتىن، بەلكىم يازغان تەسىراتلىرىمۇ ھەرخىل بولۇشى تەبىئىي ھال، ئەلۋەتتە. بولۇپمۇ ئامېرىكا بۇ قېتىمدىكىدەك دۇنيا مىقياسىدا ئاز ئۇچرايدىغان پۇل مۇئامىلە كرىزىسى

سەپەر ۋە ھاسىلات

ئاسارتىدە تۇرغان ئالاھىدە ۋەزىيەتتە قەدىمىمنىڭ بۇ جايغا يېتىشى ۋە ئۆزۈمنىڭ 1980 - يىللاردىن كېيىن تۇغۇلغان ياشلارغا خاس تەپەككۇرۇم بىلەن يېزىلغان بۇ ئەبجەش ھاسىلات بەلكىم ئۆزگىچە بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ، ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇم.

## ئامېرىكا ئەلچىخانىسىنىڭ خادىملىرى — پىشقان پسىخولوگلار

بۇ يىل مايدا «جۇڭگو كەلگۈسى لىدىرلار پروگراممىسى»نىڭ ئۈچ قېتىملىق تاللاش باسقۇچىدىن كېيىن ماڭا كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «خەلقئارالىق ماركېتىڭ (سودا) ۋە باشقۇرۇش سىمنارىيىسى»نىڭ چاقىرىق قەغىزى كەلدى ھەم ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ جۇڭگودىكى باش ئەلچىخانىسىغا ۋىزا ئىلتىماس قىلىش ۋاقتىممۇ بېكىتىلدى. مەن ئامېرىكا ۋىزىسىغا كېرەكلىك ھەممە ماتېرىيالنى تەلەپ بويىچە تولۇق تەييارلىدىم. ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودىكى باش ئەلچىخانىسىدا سوراش ئېھتىماللىقى بولغان سوئاللارنى بىرەر قۇر كۆرۈپ چىقتىمدە، شىركەت لىدىرىغا خاس كىيىنىپ، 4 - ئىيۇن دەل ۋاقتىدا ئامېرىكا ئەلچىخانىسىغا يېتىپ كەلدىم. قاتمۇقات قاتتىق تەكشۈرۈشتىن كېيىن ئەلچىخانا ئىچىگە كىردىم. ئەلچىخانىنىڭ زالى ۋىزا ئىلتىماس قىلغۇچىلار بىلەن لىق تولۇپتۇ. ۋىزا بېجىرىشكە مەسئۇل ئەلچىخانا خادىملىرى خېلى جىق بولۇپ، ئەينەك كۆزنەكتىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن. ئۆچىرەتتە تۇرۇش جەريانىدا كۆزىتىشىمچە، بەزى خادىملار جىقراق سوئال سورايدىكەن، بەزىلىرى ئاز سورايدىكەن. شۇ خادىملار ئارىسىدا جوڭگولۇق چىراي، سېمىزرەك كەلگەن بىر ئايالنىڭ سوئاللىرى جىقراق تۇراتتى. ئۆچىرەتتە تۇرۇۋاتقانلارنىڭمۇ ۋىزا بېجىرىشكە مەسئۇل مۇشۇ ئەلچىخانا خادىمىنىڭ ۋىزىنى رەت قىلىۋېتىش ئېھتىماللىقى باشقا خادىملارنىڭكىدىن كۆپرەك ئىكەنلىكىنى دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئامېرىكا ئەلچىخانا خادىملىرى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئەلچىخانا خادىملىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ قاتتىق تەربىيىلەنگەن بولۇپ، ئۇلار ۋىزا ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ تەييارلىغان ماتېرىياللىرىغا قاراپلا قالماستىن، ئاساسلىقى شۇ ئادەمنىڭ پسىخىكىسىنى ئەتراپلىق، ئىنچىكە كۆزىتىدىكەن. ھەر بىر ئېغىز گەپ - سۆز، كىچىككىنە ھەرىكەت، چىراي ئىپادىسى ۋە كىيىنىشىمۇ ئەلچىخانا خادىملىرىنىڭ سىنچى كۆزلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىكەن. مەن ئۆچىرەتتە تۇرغاچ ئۇلارنىڭ ۋىزا ئىلتىماس قىلغۇچىلار بىلەن قىلىۋاتقان «پسىخىك ئۇرۇشى»نى ئېنىق ھېس قىلىپ، كۆزىتىپ تۇردۇم. ۋىزا ئىلتىماس قىلغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ۋىزا ئېلىشنىڭ مۇھىم ئامىلى ئامېرىكا باش ئەلچىخانىسى تەلەپ قىلىدىغان مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار دەپلا ئويلاپ، ئۇ ماتېرىياللارنى تولۇق تەييارلىغان بىلەن پسىخىك جەھەتتە تولۇق تەييارلانمىغانىدى. شۇڭا بەزىلەرنىڭ ماتېرىياللىرى تولۇق بولغان بىلەن كۆڭلىدە باشقىچە مۇددىئاسى بارلارنىڭ بۇ پسىخىكا مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئالدىدا تەمتىرەپ قېلىشى ھەم كۆڭلىدىكىنى ئاشكارىلاپ قويۇپ، ۋىزىغا ئېرىشەلمەسلىكى تۇرغانلا گەپ ئىكەن. ئۇزۇن ئۆچىرەتتىن كېيىن نۆۋىتىم كېلىپ، ئىسمىم چاقىرىلدى. دېگەندەك، سوئال سوراشقا يامانراق كەلگەن ھېلىقى جوڭگولۇق چىراي ئايال خادىم مېنى چاقىرغانىدى، مەن ئۇدۇل بېرىپ سالام قىلدىم. ئۇ «ئىنگلىزچە سۆزلىشەمدۇق، خەنزۇچىمۇ» دېدى. «ئىنگلىزچە بولسا بولىۋېرىدۇ» دېدىم. ئاندىن ئۇ «ئامېرىكىغا نېمىشقا بارىسىز » دېدى. مەن « كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ‹خەلقئارالىق ماركېتىڭ (سودا) ۋە باشقۇرۇش سىمنارىيىسى›گە قاتناشقىلى بارىمەن» دېدىم. ئۇ، كۆزلىرىمگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ «ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز» دېدى. مەن تەمكىن كۈلۈپ تۇرۇپ «ئۆزۈمنىڭ شىركىتى بار» دېدىم. ئۇ «شىركىتىڭلار نېمە مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدۇ» دېدى. مەن «راك كېسىلىگە قارشى مۇنداق تابلېتنى ئىشلەپچىقىرىدۇ» دەپ شىركەتنىڭ تونۇشتۇرۇش ماتېرىيالىنى چىقاردىم. (ئىشلەۋاتقانلار ئىدارىلىرىنىڭ رەڭلىك باسما چۈشەندۈرۈلۈشى، تونۇشتۇرۇش خېتى، نام - ئەمەل كارتوچكىسى، شىركەت تىجارەت كىنىشكىسى، ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىپلومى، ئۇنۋان كىنىشكىسى، ئۆي - مۈلۈك خېتى، بانكىدىكى ئامانەت چېكى ۋاھاكازالارنىڭ ھەممىسىنى چوقۇم تەييارلىشى شەرت ئىدى ھەم ئۇلار ھەممىسىنى سوراپ كۆرۈشى مۇمكىنتى). ئايال ئەلچىخانا خادىمى ماتېرىيالىمغا قارىمايلا«ئامېرىكىنىڭ قايسى شەھىرىگە ئۇدۇل بارىسىز»دېدى. مەن «بوستونغا بارىمەن» دېدىم. ئۇ ئايال ھەيران قالغان قىياپەتتە «لېكىن سىلەرنىڭ كونتېرتىپىڭلاردا باشتا سان فرانسىسكوغا بارىدىكەنسىلەرغۇ»دېدى ھەم ماڭا بىر قەغەزنى كۆرسەتتى. دېمىسىمۇ بىرىنچى قۇردا «سان فرانسىسكو» دەپ تۇراتتى. مەن ئىچىمدە «بۇ نېمە ئىشتۇ» دەپ جىددىيلەشتىم، لېكىن كۆرۈنۈشتە قىلچە ھودۇقماستىن «ئۇنداق ئەمەس، بىلەتنىمۇ ئېلىپ بولغان، تۇنجى بولۇپ بوستونغا بارىمىز. فېدېراتسىيە بانكىسىنىڭ بوستوندىكى باش شتابىدا بولىدىغان سۆھبەتكىمۇ تەييارلىق قىلىپ قويغان، سان فرانسىسكوغا ئارقىدا بارىمىز. چوقۇم سىز

خاتا ۋاراقنى ئېچىپسىز، خاپا بولماي ئىزدەپ باقامسىز» دېدىم. ئۇ ئايال خادىم «مەندە پەقەت مۇشۇ ۋاراقلا باركەن» دېدى. مەن تەمتىرىمەستىن كۆزنەك ئىچىگە بويۇنداپ قارىغاچ، «چوقۇم تاپالمايۋاتىسىز، يەنە بىر ۋاراق كۆنتەرتىپ بار» دېسەم، ئۇ ئايال بىر نەرسىنى ئىزدىگەن قىياپەتتە تۇرۇۋېتىپ ئاندىن «ئىۋۇ ـ مانا، كۆرمەي قاپتىمەن، ھە توغرا، بوستونغا بارىدىكەنسىز» دېدى ـ دە، كومپيۇتېرغا قارىۋېتىپ «مۇبارەك بولسۇن» دەپ ماڭا بىر ۋاراق قەغەزنى تۇتقۇزۇپ، پاسپورتۇمنى ئېلىپ قالدى. مەن «رەھمەت» دەپ ماڭدىم، كەينىمدە ئۆچىرەتتە تۇرغانلارمۇ ھەيران قالدى. مېنىڭ ۋىزا ئېلىشىم ئۈچۈن ئاران بىر مىنۇتچە ۋاقىت كەتكەنىدى. مەن تولۇق تەييارلىغان ماتېرىياللار قولۇمدا شۇ پېتى تۇراتتى. شۇنى بىلدىمكى، ماتېرىيالىمنىڭ تولۇقلۇقى، ئۆزۈمنىڭ ئامېرىكىغا بېرىپ تۇرۇپ قالماي، قايتىپ كېلىدىغانلىقىمغا بولغان تولۇق ئىشەنچىم ۋە تەمكىن خاراكتېرىم ئەلچىخانا خادىمىنى بويسۇندۇرغانىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغان كۆنتەرتىپ قەغىزىنى كۆرمەسكە سېلىپ مېنى ھودۇقتۇرماقچى بولغان پىسخىك قورالى ئالدىمدا ئىشلىمىگەنىدى. شۇندىمۇ مەن ئالدىراپ خۇشھال بوپكەتمەي، ئامېرىكىغا بارغاندا خۇشھال بولساممۇ ئۈلگۈرىمەن دەپ ئويلاپ باش ئەلچىخانىدىن ياندىم. چۈنكى ھەرقانچە ۋىزىغا ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ بۇ سەپەر نېسىپ بولمىسا يولدا قالىدىغان گەپ ئىدى.

## «ئامېرىكا ئادەمنى ئۆزىگە سۈمۈرىدۇ»

جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن «جۇڭگو كەلگۈسى لىدېرلار پروگراممىسى»نىڭ بۇ قېتىملىق سەپىرىگە جۇڭگودىن 60 نەپەر ۋەكىل تاللىنىپ قاتناشقانىدۇق. بىز 24 ـ ئىيۇل شياڭگاڭدا بىر كۈن كوچا چۆرگىلىۋېتىپ، 26 ـ ئىيۇل كەچتە ئايروپىلاندا بوستونغا يېتىپ كەلدۇق. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ ئامېرىكا تەسىراتىم ئامېرىكىغا قەدەم بېسىشتىن بۇرۇن شياڭگاڭدىكى بىر ئامېرىكان بىلەن بولغان سۆھبەتتىن باشلانىدى. ئۇ بىزنىڭ ئامىرىكىغا بارىدىغانلىقىمىزنى ئۇقۇپ، بىز بىلەن ناھايىتى قىزغىن سۆھبەتكە چۈشكەنىدى. «ئامېرىكا ئادەمنى ئۆزىگە سۈمۈرىدۇ. بارغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ قايتقۇسى كەلمەيدۇ، بەلكىم سىلەرمۇ قايتماي قېلىشىڭلار مۇمكىن.» بۇ، ئامېرىكاننىڭ سۆھبەتنى ئاخىرلاشتۇرغاندا ئېيتقان سۆزى ئىدى . بۇ چاغدا مەن تېخى ئامېرىكىغا بارماي تۇرۇپلا بۇ سۆزگە رەددىيە بەردىم ۋە ئىچىمدە «ئەلۋەتتە،

ئامېرىكىنىڭ شارائىتى بىزدىن ئەۋزەلدۇ، ئۇ يەردە پۇرسەت ۋە رىقابەتلەر كۆپتۇ، بولۇپمۇ مەندەك بىر تەۋەككۈلچى، مۇستەقىل پىكىر قىلىشقا ئامراق، رىقابەتتىن قورقمايدىغان، باشقۇرۇلۇشنى خالىمايدىغان قىزنىڭ خاراكتېرىگە ئامېرىكا تازا ماس كېلەر. لېكىن مەن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، نۇرغۇن ستۇدېنت ئارزۇلايدىغان، لېكىن ئاسان ئېرىشەلمەيدىغان ئالىي مەكتەپتە خىزمەت قىلىش پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىپ تۇرۇپ، ئۆز ئالدىمغا ئىگىلىك تىكلەپ بىر شىركەتنى ئاچتىم. بۇ شىركەت پايدىدىن خەۋەر يوق مەندىن نۇرغۇن تىرىشچانلىقنى، مەبلەغنى كۈتۈپ بىخلىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان تۇرسا، مەن ئۇ پەرۋىشكە موھتاج ‹بوۋاق›نى تاشلاپ ئامېرىكىدا قېپقېلىشىم مۇمكىنمۇ؟ مەن ئۆزۈم قىزىقىدىغان ئىشنى باشلىدىم. ئىشىنىمەن، ئۇنى چوقۇم غەلىبىلىك باشقا ئېلىپ چىقىشىمغا. ھەي ئامېرىكا، سەن راستىنلا شۇنداق سۈمۈرۈۋالارسەنمۇ ئادەملەرنى...»

## «پۇل دېمەك ـ قۇدرەت دېمەك»

جىمى يەر كۆكۈلمەيدان چىملىق، گۈل ـ گىياھ، دەل ـ دەرەخ بىلەن ئورالغان پاكىز، رەتلىك، باغچا كەبى مەنزىرىلىك بوستون ماڭا ئامېرىكىنىڭ تۇنجى تەسىراتىنى بەردى. فېدېراتسىيە بانكىسىنىڭ بوستوندىكى باش شتابىدا فېدېراتسىيە بانكىسىنىڭ باشلىقى رىچارد ۋولكېر ئەپەندىنىڭ ياردەمچىسى مارك لورېت ئەپەندى بىلەن بولغان سۆھبىتىمىز ناھايىتى كۆڭۈللۈك بولدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ يۈز دوللارلىق پۇلنى تۇتۇپ تۇرۇپ، «ئەمەلىيەتتە بۇ بىر ۋاراق قەغەز، لېكىن ئۇ بىر دۆلەتنىڭ قۇدرىتى، دۆلەت قۇدرەت تاپسا بۇ پۇل بولىدۇ، دۆلەت زاۋاللىققا يۈزلەنسە بۇ بىر قۇرۇق قەغەزگە ئايلىنىدۇ. دۇنيا مۇشۇ قەغەز ئۈچۈن چۆرگىلەۋاتىدۇ. دېمەك پۇل دېمەك ـ قۇدرەت دېمەك ... »دېگەن سۆزلىرى مېنى يەنە تەگسىز خىيالغا باشلىدى.

«پۇل دېمەك ـ قۇدرەت دېمەك...» دېگەن سۆز كاللامدا قايتا جاراڭلىغاچ، ئابلەت مۇھەممەت داداشنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2007 ـ يىل 2 ـ سانىغا بېسىلغان «بىزگە زۆرۈرى قەتئىي ئېنىقلىق» دېگەن ماقالىسى ئېسىمگە كەلدى. ماقالىدىكى ئىدىيە ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ، سەيمىل خانتىڭتون «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى» دېگەن كىتابىدا ئوتتۇرىغا قويغان: دۇنيادىكى بارلىق توقۇنۇش، كرىزىس، ئۇرۇش، بالايىئاپەتلەرنىڭ تۈپ مەنبەسى مەدەنىيەت توقۇنۇشنى ئاساس قىلغان، دېگەن

كۆز قاراشنى ئۆرۈپ تاشلاپ، خەلقئارا جەمئىيەتلەردىكى توقۇنۇش قارىماققا مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ــ تۈپ نېگىزىدىن ئالغاندا مەدەنىيەتنى ۋاستە قىلغان ئىقتىساد ـ مەنپەئەتنىڭ توقۇنۇشىدۇر، دېگەن كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مىللەتلەرنى، دۆلەتلەرنى يالغۇز مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئوخشىماسلىقلار ئۆرۈش، توقۇنۇشقا سۆرەپ كىرمەيدۇ، بەلكى، ئەڭ ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈك، سىياسىي جەھەتتىكى نوپۇز تالىشىش بۇنىڭ پىلتىسى بولىدۇ. دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر توقۇنۇشنىڭ تۈپكى مەنبەسى پەقەت مەدەنىيەتلا بولماستىن، مەنپەئەت بوپكەلىدۇ. مەنپەئەت شۇ ئىقتىسادتۇر، يەنى قۇدرەتتۇر. قۇدرەت ــ پۇلدۇر. دۇنيا پۇل ئۈچۈن چۆرگىلەۋاتىدۇ... مەن مارك لورېت ئەپەندى ئېيتقان سۆزنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر مەنىسىگە يېتىپ، ئۇرغۇن خىيالنى قىلىپ كېتىپتىمەن.

## فېدېراتسىيە بانكىسىدىكى ئۈرۈمچى پاراڭلىرى

فېدېراتسىيە بانكىسىنىڭ بوستوندىكى باش شتابىدا مارك لورېت ئەپەندى بىلەن بولغان سۆھبەتنىڭ ئاخىرىدا پۇل ـ مۇئامىلە كرىزىسى توغرۇلۇق قىزغىن بەھس ـ مۇنازىرە ۋە پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق. مەن پۇل مۇئامىلە كرىزىسىنىڭ بىزگە كۆرسەتكەن بىۋاسىتە ھەم ۋاستىلىك تەسىرى ھەققىدە پىكرىمنى بايان قىلدىم: «كۆپچىلىكنىڭ بىلگىنىدەك، جۇڭگو بۇ قېتىملىق پۇل مۇئامىلە كرىزىسىنىڭ تەسىرىگە نىسبەتەن ئاز ئۇچرىغان دۆلەتنىڭ بىرىدۇر. جۇڭگونىڭ سىياسىتى، كۈچ ـ قۇدرىتى، مۇستەھكەم پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى ھەم خەلقنىڭ ئىشەنچى دۆلەت پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى ۋە ۋەزىيىتىنىڭ پالەچ ھالغا چۈشۈپ قېلىش ئاقىۋىتىدىن ساقلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەل ۋاقتىدا غايەت زور مەبلەغ ئاجرىتىپ ‹ئىقتىسادنى قوزغىتىش›پىلانىنى يولغا قويۇشى جۇڭگونىڭ كرىزىستىن ئۆتۈشىگە پايدىلىق شارائىت ھازىرلىدى. ئەلۋەتتە، جۇڭگونىڭ دېڭىز بويى رايونلىرى پۇل مۇئامىلە كرىزىسىنىڭ تەسىرىگە ئەڭ ئېغىر ئۇچرىدى. دېڭىز بويلىرىدىن يىراق جايلاشقان مەن كەلگەن دىيار شىنجاڭ گەرچە پۇل مۇئامىلە كرىزىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇ دەرىجىدە ئۇچرىمىغان بولسىمۇ، يەنىلا زىيان ئاز بولمىدى. ئۈرۈمچى گەرچە دۇنيا بويىچە دېڭىزدىن ئەڭ يىراق جاي بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاسىيا قىتئەسىنىڭ كىندىكى بولۇشىدەك ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سودا مەركىزىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇ قېتىملىق پۇل مۇئامىلە كرىزىسى شىنجاڭنىڭ ئېكسپورت سودىسىغىمۇ زور تەسىر قىلدى، ئۇنىڭدىن سىرت ساياھەتچىلىك ۋە باشقا نۇرغۇن ساھەدىمۇ بىر مۇنچە زىيان بولدى. تۇرمۇشىمىزمۇ ئاز ـ تولا ئۆزگەردى. شىنجاڭ پايچېكلىرىدىمۇ پۈتكۈل دۇنيا پايچېكلىرىدەك زور زىيان تارتقانلار ئاز بولمىدى. بۇ كرىزىس ھەتتا دېھقانلارغىمۇ كەلدى. لېكىن دۆلەتنىڭ قۇدرىتىگە بولغان ئىشەنچىمىز بىلەن بۇ جاپالىق كۈنلەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتىمىز...» يېقىن قاتناشقۇچىلىرى سۆزلىرىمدىن دېڭىزدىن يىراق ئۈرۈمچىدىمۇ ئېكسپورت



سودىسىنىڭ راۋاجلانغانلىقىنى، ئەمما پۇل مۇئامىلە كرىزىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى ئاڭلاپ، قىزىقىپ سوئاللارنى سوراشتى. ئۈلارچە، ئېكسپورت سودىلىرى دېڭىز بويىدىكى رايونلاردا بولارمىش، تاموژنا دېڭىز پورتلىرىدا ئىمىش. ھەتتا ئۈرۈمچىدە چەت ئەللىك سودىگەرلەر بارلىقىغىمۇ ھەيران قالغانلار بولدى. يەنىلا تولا ئادەمنىڭ ئۈرۈمچى ۋە شىنجاڭغا بولغان چۈشەنچىسى يېتەرلىك ئەمەسكەن. مەن مۇنداق دېدىم: «كۆپچىلىك ‹يىپەك يولى› دەپ ئاڭلىغان، شۇنداقمۇ ؟(ھەممىسى دېگۈدەك شۇنداق، دېيىشتى) ئەنە شۇ دۇنياغا داڭلىق، ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى تارىختا غەربىي دىيار دەپ ئاتالغان شىنجاڭ ئىدى. ئۇ، دېڭىزغا ئەڭ يىراق ئىچكى قۇرۇقلۇق بولسىمۇ، ئۇنىڭدا شەرق ۋە غەرب سودىسى قالتىس راۋاجلانغانىدى. چۈنكى ئۇ قۇرۇقلۇقتىكى جۇغراپىيىلىك ئورۇن ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىدى. لېكىن دېڭىز ـ ئوكيان يوللىرى ئېچىلىپ، دېڭىز ـ ئوكيان قاتنىشىنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن يىپەك يولى خارابلاشتى، دېڭىز بويى ئەللىرى ئاۋاتلاشتى. ھازىر مانا ئاۋىئاتسىيە، تۆمۈر يول، تاشيول قاتنىشى راۋاجلاندى. ئەلۋەتتە ئاسىيانىڭ كىندىكى بولمىش ئۈرۈمچىمۇ جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىككە ئىگە بولدى. يېقىن كەلگۈسىدە

‹يېڭى يىپەك يولى› ئېچىلىپ، بۇ ديار ئېخمۇ زور ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىشى مۇقەررەر» دەپ ئۇلارغا شىنجاڭ ۋە ئۈرۈمچى توغرۇلۇق چۈشەنچە بەردىم ۋە ئۆزۈمنىڭ ئانا يۇرتۇمدىن قانچىلىك پەخىرلىنىدىغانلىقىمنى سۆزلەۋاتقاندىكى ئۇرغۇ ـ ھېسسىياتىم بىلەن بىلدۇرۇپ قويدۇم.

## خارۋارد پروفېسسورى: «يۇقىرى نومۇر ئالغان ئوقۇغۇچىدىن قورقىمىز»

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى كېنىېدىي ئىنستىتۇتىدا پروفېسسور ستېۋېن كېلمان بىزگە «جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ بۈيۈك مۇناسىۋىتى» تېمىسىدا لېكسىيە سۆزلىدى. لېكسىيە تاماملانغاندىن كېيىن بىز جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا مۇناسىۋىتى ھەققىدە قىزغىن سۆھبەتكە چۈشۈپ كەتتۇق. سۆھبىتىمىز ئاخىرلىشىشقا يېقىن گەپنىڭ تېمىسى كۆپچىلىك ئەڭ قىزىقىدىغان خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئەندىزىسىگە يۆتكەلدى. ئامېرىكىدىكى تارىخى ئەڭ ئۇزۇن ئۇنىۋېرسىتېت بولغان خارۋارد پۈتكۈل دۇنيادىكى ئىلىم تەلەپكارلىرى تەلپۈنىدىغان ئىلىم ئوچىقىدۇر. نۇرغۇن ئادەم خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاش ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە يۇقىرى بولغان ئىمتىھان نەتىجىسى كېرەك دەپ ئويلايدۇ. بولۇپمۇ ئىمتىھان مائارىپى تۈزۈمىگە كۆنۈپ كەتكەن جۇڭگو ئوقۇغۇچىلىرى ئىمتىھان نومۇرىنى بىرىنچى ئامىل دەپ ھېسابلايدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن پروفېسسور ستېۋېن كېلماننىڭ «بىز ئۇنىۋېرسىتېتىمىزغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغاندا بەك يۇقىرى نومۇر ئالغان ئوقۇغۇچىدىن قورقىمىز. مەسىلەن GREئىمتىھانىدا 800 نومۇر ئالغان ئوقۇغۇچىغا قارىغاندا 600 نومۇر ئالغان ئوقۇغۇچىنى ياخشى كۆرىمىز...» دېگەن گەپلىرى ھەممىمىزنى ھەيران قالدۇرۇپ، قىزىقتۇردى. پروفېسسورنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسلانغاندا، ئىمتىھاندا ئالاھىدە يۇقىرى نومۇر ئالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئىش قىلىش ئۈنۈمى نەتىجىسى نورمال ئوقۇغۇچىلاردىن تۆۋەن تۇرىدىكەن. بەك يۇقىرى نومۇر ئالىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماسلىشىشچانلىقى، يېڭىلىق يارىتىش روھى تۆۋەنرەك بولىدىكەن. پروفېسسور يەنە بۇنداق دېيىشنىڭ مۇتلەق توغرا ئەمەسلىكى، لېكىن كۆپ ھالدا مۇشۇنداق بولىدىغانلىقى، ئاندىن يەنە جۇڭگودا «يېڭى شەرق» دەپ بىر مەكتەپنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغانلىقىنى، ئۇ مەكتەپنىڭ قانداق قىلسا ئىمتىھاندا يۇقىرى نومۇر ئالغىلى بولىدۇ دەپ كۆپ ئىزدىنىپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئىمتىھاندا يۇقىرى نومۇر، ھەتتا تولۇق نومۇر ئېلىشنىڭ مېخانىكىلىق پرىنسىپىنى ئۆگىتىپ، ئۇلارنى بىردەك پەقەت ئىمتىھاندىلا يۇقىرى نومۇر ئالالايدىغان قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىدىغانلىقىنى، لېكىن شۇ يۇقىرى نومۇر ئالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ خارۋاردقا كېلىپ چوڭ نەتىجە يارىتالمايۋاتقانلىقىنى... سۆزلەپ ئۆتتى. «پەقەتلا يۇقىرى نومۇرىڭىز ئەمەس، مەلۇم جەھەتتە ئالاھىدىلىكىڭىز بولسۇن. خاس ئۆزىڭىزنىلا ئويلايدىغان بولماڭ، كۆپچىلىك بىلەن چىقىشالايدىغان، ماسلىشىشچانلىق روھىڭىز بولسۇن، ئۆزىڭىزگە ئىشەنچىڭىز بولسۇن... مانا بۇلار خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىمىز ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا قويىدىغان تەلەپ، مانا شۇنداق ئاددىي» دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى پروفېسسور ستېۋېن كېلمان.

## «جۇڭگودا كارخانا يوقمۇ؟»

كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى پروفېسسور نوبېل كاپون باشچىلىقىدىكى «خەلقئارالىق ماركېتىنىڭ (سودا) ۋە باشقۇرۇش» تېمىسىدىكى سېمىنارىمىز ناھايىتى نەتىجىلىك بولدى. بىز خەلقئارالىق سودىغا ئائىت نۇرغۇن يېڭى، ئۆزگىچە بىلىمگە ئىگە بولدۇق. سېمىنارىيە جەريانىدا بىزگە ھەممىدىن بەك تەسىر قىلغىنى مۇنۇ بىر ئىش بولدى: پروفېسسور ھەممىمىزگە بىر ۋاراقتىن قەغەز تارقىتىپ، بىزگە ئۆزىمىز بىلىدىغان داڭلىق كارخانىنىڭ نەتىجە قازىنىشتىكى سىرى ۋە سودا ئەندىزىسى توغرۇلۇق يېزىشىمىزنى تاپىلىدى. ئەلۋەتتە دۇنياغا داڭلىق كارخانىلار ۋە ئۇلارنىڭ نەتىجە قازىنىشتىكى سىرى، تۇتقان سودا يولى توغرۇلۇق كۆپ كىتاب ئوقۇغانمەن. لېكىن دەل قەلەمنى ئېلىپ قايسى كارخانا توغرۇلۇق يازاي دەپ تۇرسام كاللامغا ئۈرۈمچى كىرىۋالدى. ئۈرۈمچى كىرىۋالغاندىكىن مىللىي كارخانىغا باشچى بولۇپ «ئارمان» دېگەن ماركا كۆز ئالدىمغىلا نامايان بولدى. ئەلۋەتتە «ئارمان» شىركىتىنىڭ شىنجاڭدىكى كۆلەملەشكەن تۇنجى شىركەت گۇرۇھى بولۇشى، ئۇنىڭ پۈتكۈل شىنجاڭدىكى تاللا بازارلىرىنىڭ كۆپلۈكى ماڭا چوڭقۇر تەسىر قىلغاندۇ، ياكى كۈندە كۆرۈپ تۇرغان «ئارمان»نىڭ ئېلانلىرى مېنى ئىختىيارسىز «ئارمان» دېگۈزگەندۇ. قانداقلا بولمىسۇن مەن «ئارمان»نى تاللىدىمدە، «ئارمان» شىركىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى، سودىدا غەلىبە قىلىشتىكى سىرى توغرۇلۇق ئويلىنىپ، بىلگىنىم بويىچە قەغەزنى توشقۇزدۇم. پروفېسسور نوبېل كاپون قەغەزلەرنى يىغدى ـ دە، بىر قۇر كۆرۈپ چىقتى ۋە «مانا، سىلەردىكى مەسىلە دەل مۇشۇ يەردە»

دېدى. ھەممىمىز «نېمە مەسىلىدۇ ئۇ» دەپ ھەيران بولۇپ تۇرساق، پروفېسسور سۆزىنى داۋام ئەتتى: «ھەممىڭلار ئاساسەن چەت ئەللەرنىڭ ماركىلىرىنى يېزىپسىلەر. سىلەرچە، جۇڭگودا كارخانا يوقمۇ؟ ئۆز دۆلىتىنىڭ كارخانىسىنى چۈشەنمەيدىغان ياكى ئۇنىڭغا قىزىقمايدىغان ئادەم ۋەتەنپەرۋەر ئەمەستۇر. ۋەتىنىنى سۆيمەيدىغان ئادەم قانداقمۇ چوڭ ئىشلارنى قىلالىسۇن؟جۇڭگودا دۇنياغا داڭلىق نۇرغۇن كارخانا بارغۇ؟ سىلەر بىلمەمسىلەر ياكى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ؟» پروفېسسور مېنىڭ «ئارمان» توغرۇلۇق يازغانلىرىمنى تاللاپ چىقىپ، ئىسمىمنى چاقىردى ۋە بۇ ماركىغا قىزىققانلىقىمنى ھەم كۆپچىلىككە «ئارمان» توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىشىمنى سورىدى. پروفېسسورنىڭ «ئارمان» دېگەن ئىسمىنى ئىنگلىزچە ئوقۇشىدىكى تەلەپپۇزى ئالاھىدە چىقىپ، «ئارمان» دېسە بىزگە خۇددى دۇنياۋى كارخانىنىڭ ئىسمىنى ئاتاۋاتقاندەك بىلىندى، ھەممىنىڭ كۆزى ماڭا تىكىلدى. بۇ قېتىمقى سېمىنارىيىگە قاتناشقان مەن بىردىنبىر شىنجاڭدىن كەلگەن ھەم ئۇيغۇر قىزى بولغانلىقىم ئۈچۈن كۆپچىلىك ماڭا ئالاھىدە قىزىقىپ بەك يېقىنچىلىق قىلاتتى. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇيغۇرلارنى كۆرۈپ باققانلارمۇ بار ئىكەن. مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم-دە، سۆزۈمنى باشلىدىم. «ئەلۋەتتە، مەن كەلگەن دىيار شىنجاڭدا قالتىس نەتىجە قازانغان مىللىي كارخانىلار بار. گەرچە ئۇلار تېخى دۇنياغا تونۇلۇپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، بىز ئۇلارنى بەك قوللايمىز، ھۆرمەتلەيمىز. مەسىلەن ‹ئارمان› شىركىتى شىنجاڭغا نىسبەتەن تۇنجى بولۇپ زەنجىرسىمان تاللا بازىرىنى ئاچقان بولۇپ، ھازىر تارماق دۇكانلىرى 2000 دىن ئاشىدۇ...» مەن ئامېرىكىغا كېلىشتىن بۇرۇن «ئارمان» شىركىتى توغرۇلۇق سۆزلەپ قالىدىغانلىقىمنى ئويلاپمۇ باقمىغاچقا، بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ باقماپتىكەنمەن. تارماق دۇكانلىرىنىمۇ تەخمىنەنگە 2000 دەپ سۆزلىدىم... ھەممەيلەن جىمجىت قۇلاق سېلىپ ئاڭلىدى. شىنجاڭدا مۇشۇنداق چوڭ زەنجىرسىمان تاللا بازىرىنىڭ بارلىقىنى بىلىپ، ھەيران قالغانلارمۇ بولدى. پروفېسسور: «مەن ئىنتېر توردىن ‹ئارمان› ۋە شىنجاڭنىڭ باشقا ماركىلىرىنى ئىزدەپ كۆرۈپ باقىمەن» دېدى.

## «بىر مىليون دوللار» سېتىۋالدىم

نيۇ-يوركتىكى زىيارىتىمىز ناھايىتى كۆڭۈللۈك بولدى. كىشىنىڭ كۆزىنى ئالاچەكمەن قىلىدىغان «ۋاقىت» مەيدانى، دۇنياۋى ئېسىل ماركىلىق مەھسۇلاتلار بىلەن تولغان مەنخاتتاندىكى مەشھۇر 5-كوچا، 11-سىنتەبىر ۋەقەسىنىڭ خارابىلىقىغا سېلىنىۋاتقان يېڭى قۇرۇلۇش، ئىمپېرىيە بىناسى... لارنى زىيارەت قىلغاچ، ۋال-سترىتقا يېتىپ كەلدۇق. نيۇ-يورك ئاكسىيە بىرژىسىنىڭ ئالدىدا بىردەم خىيالغا چۆككەندىن كېيىن، دۆلەتلىك پۇل مۇئامىلە سارىيىغا كىردىم. ئۇ يەردە مۇدىر ۋىتلوك ئەپەندى بىزگە «ئامېرىكا پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىنىڭ تەرەققىياتى ۋە كەلگۈسى» تېمىسىدا ئەمەلىي مىسال، تارىخىي ماتېرىياللارنى كۆرسىتىپ، تولىمۇ چۈشىنىشلىك قىلىپ لېكسىيە سۆزلىدى. لېكسىيە تۈگىگەندىن كېيىن بۇ ھەقتە نۇرغۇن چۈشەنچىگە ئىگە بولغىنىمدىن خۇشال بولغاچ پۇل مۇئامىلە سارىيىغا جايلاشقان ئامېرىكا پۇل مۇئامىلە مۇزېيىنى زىيارەت قىلدىم. بۇ مۇزېي ھەر پەسىلنى مەلۇم بىر تېمىغا ئاتاپ، شۇ ھەقتىكى ئالاقىدار تارىخىي ماتېرىيال ۋە رەسىم-سۈرەتلەرنى كۆرگەزمە قىلىدىكەن. بىز زىيارەت قىلغان بۇ چاغ دەل «ۋال-سترىتتىكى ئاياللار» تېمىسىدا بولۇپ، كۆرگەزمە قىلىنىۋاتقان تارىخىي ماتېرىياللار پۈتۈنلەي ئامېرىكا تارىخىدىكى ئايال پايچېكلارنىڭ ھېكايىلىرى ئىكەن. مەن بۇنىڭغا قاتتىق قىزىقىپ، ئۇلارنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئوقۇشقا چۈشۈپ كەتتىم... نيۇ-يورك ئاكسىيە بىرژىسىنىڭ تۇنجى ئايال ئەزاسى مۇرىيېل سايبېرت خانىمنىڭ «مەن ھەممە ئىشتا بىرىنچى بولۇشنى خالايمەن. ئەگەر رىقابەتكە دۇچ كەلسەم، دەرھال يېڭىشنى شىمايلاپ ئۇنىڭغا تەييارلىنىمەن...» دېگەن سۆزى ماڭا تەسىر قىلدى. «ئوھوي، خاراكتېرىمىز ئوخشىشىپ قالامدۇ-نېمە...» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. مەن بۇ «تۆمۈر» ئاياللارنىڭ تارىخىنى ئوقۇغاچ ھەم ئۇلارنىڭ سۈرەتلىرىنى كۆرگەچ مۇزېينىڭ خاتىرە بۇيۇم ساتىدىغان دۇكىنىغا كىرىپ قاپتىمەن. دۇكاندا ساقلاشقا ئەرزىگۈدەك ئەھمىيەتلىك نۇرغۇن بۇيۇم بار ئىكەن. مەن ئامېرىكىنىڭ 100 يىل بۇرۇنقى قەغەز پۇللىرىنى (بەزىلىرىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشىگە شۇ پۇلنىڭ كۆپىيىسى دەپ يېزىپتۇ)، ئاندىن يۈز يىللار بۇرۇنقى شىركەتلەرنىڭ پاي چەكلىرىنى (ئەينى ۋاقىتتىكى پاي چەكلەرمۇ قەغەز بولۇپ، خۇددى شاھادەتنامىگە ئوخشاش نەپىس لايىھىلەنگەنىكەن)، ئاندىن باشقا خاتىرە بۇيۇملىرىنى ئېلىپ پۇل تۆلەي دەپ تۇرسام ئۇدۇلۇمدىكى «بىر مىليون دوللار» دېگەن پۇلغا كۆزۈم چۈشتى. «ۋاھ، بىر مىليون دوللارمۇ بار ئىكەن-ھە؟بۇ قانداق پۇلدۇ» دەپ قىزىقىپ سورىدىم. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئەينى ۋاقىتتا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى مىليونېرلارنىڭ ئارزۇسى بويىچە راستىنلا بىر مىليون دوللار قىممىتىدىكى قەغەز پۇل باسقانىكەن. لېكىن دۇكاندىكى بۇ بىر مىليون دوللار

خەلقئارالىق مىليونېرلار جەمئىيىتى بانكىغا ھاۋالە قىلىپ باستۇرغان، راست پۇل قەغىزى ئىشلەتكەن خاتىرە بۇيۇم سۈپىتىدىكى پۇلكەن، لېكىن ئۇنى خەجلىگىلى بولمايدىكەن. ئەمما ئۇ خەلقئارالىق مىليونېرلار جەمئىيىتىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشىدە «بىر مىليون دوللار بولۇش چۈش ئەمەس، ھەرقانداق ئىشتا ئاۋۋال ئارزۇ، ئاندىن پىلان بولۇشى كېرەك. دۇنيادا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش يوق. مىليونېر بولۇشنىڭ قەدىمىنى مۇشۇ بىر مىليون دوللارنى ھەميانىڭىزغا سېلىشتىن باشلاڭ، ئۇ سىزگە ئامەت ئېلىپ كەلگۈسى...» دەپ يېزىقلىق ئىكەن. نېمىدېگەن جانلىق سودا ئېڭى بۇ. بۇنداق يېزىپ قويسا بىر مىليون دوللار يالغان بولسىمۇ، كىمنىڭ ئالغۇسى كەلمەيدۇ؟ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ پۇلنىڭ تېخى بانكىدا بېسىلغان خاتىرە پۇللۇقىنى ئىسپاتلايدىغان ئالتۇن ھەل تامغىلىق شاھادەتنامىسىمۇ بارئىكەن. گەرچە بىر قەغەز مىليون دوللارنىڭ ئامەت ئېلىپ كېلىدىغىنىغا ئىشەنمىسەممۇ، قىزىقچىلىق قىلىپ ئۇنىمۇ ئالدىم. ھازىر ئىشخانامدا بۇ مىليون دوللارغا قارىغاچ مۇشۇ قۇرلارنى يېزىپ ئولتۇرۇپتىمەن...

## نيۇ ـ يوركتا جىن يوق

كىچىكىمىزدە ئاپىمىز گەپ ئاڭلىمساق «جىن ئېلىپ قاچىدۇ» دەپ قورقىتىپ قوياتتى. بىزمۇ ھەرخىل چۆچەكنى ئاڭلىغانغا ئوخشاش، جىننىڭ ھېكايىلىرىنىمۇ ئاڭلاپ قويغاچ چوڭ بولغانىدۇق. كىچىك ۋاقتىمىزدا ئۆيدىكىلەردىن يوشۇرۇپ ئوقۇيدىغان «لياۋجەي رىۋايەتلىرى» دېگەن نېپىز كىتابچىدىمۇ جىنلارنىڭ سىرلىق ھېكايىلىرى بارئىدى. مېنىڭ بىلىشىمچە، جىن ئادەم يوق، قاراڭغۇ يەرلەردە بولاتتى. بۇ قېتىم نيۇ ـ يوركقا كېلىپ بۇنداق بىر گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتىم. «كىم جىندىن قورقسا نيۇ ـ يوركقا كېلىپ ياشىسۇن!» چۈنكى جىن نيۇ ـ يوركقا يېقىن يولىيالماسمىش. بۇنىڭ سەۋەبى، ئەلۋەتتە نيۇ ـ يوركنىڭ كۆزنى ئالاچەكمەن قىلىۋېتىدىغان نېئون چىراغلىرى، باشنى ئاغرىتىدىغان شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرىمىش. راست شۇنداق بىر شەھەركەن نيۇ ـ يورك دېگەن. ئازراقلا ۋارقىراش (ئۇرۇش ـ جېدەل) ياكى ئەنسىز خەۋەر (ئوت كەتكەنمىكىن، بومبا بارمىكىن دېگەندەك گۇمانىي خەۋەر) ئۈچۈن ساقچى ماشىنىسى، ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسى تەييارلا تۇرىدىكەن. ئەسلىدىنمۇ تار ـ قىستاڭ كوچىلار بۇ كېلەڭسىز ماشىنا ئەترەتلىرى بىلەن توشۇپ، ساقچى ماشىنىلىرىنىڭ ھۇيقۇتىشى، ئۇ ماشىنىلارنىڭ پاللىداپ تۇرغان كۆك ـ قىزىل چىراغلىرى، بۇنىڭغا قوشۇلۇپ يولدا توسۇلۇپ قالغان ماشىنا ئىگىلىرىنىڭ جىلە بولۇپ باسقان ماشىنا سىگناللىرى، كوچىدىكى ئېلان چىراغلىرىغا قوشۇلۇپ چوڭ ئېكرانلاردىن چىقىۋاتقان كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئېلان سۈرەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرى... نيۇ ـ يوركنى بەكلا «جانلاندۇرۇۋېتىدىكەن». تېخى ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ھەررەڭ ـ سەررەڭ كىيىنىۋالغان ياشلار، قېشىدىن تارتىپ قۇلاق، بۇرۇن، كالپۇك، تىل ھەتتا بەدەنلىرىگە تۆشۈك ئېچىپ ھالقا تاقىۋالغان بۇ باللاردىن «جىنلار»نىڭمۇ قورقۇپ كېتىشى تۇرغان گەپكەن. نيۇ ـ يوركنىڭ بۇنداق قاينام ـ تاشقىنلىقتا تولغان شەھەر بولۇشىدىكى يەنە بىر سەۋەب، ئامېرىكىغا نىسبەتەن شەھەر ئىچىدە تۇراقلىق ئولتۇراقلاشقان پۇقرالىرى ئەڭ كۆپ چوڭ شەھەرنىڭ بىرىكەن. بۇ ئۇنىڭ ئامېرىكىنىڭ باشقا چوڭ شەھەرلىرى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. چۈنكى ئامېرىكىنىڭ باشقا چوڭ شەھەرلىرىدە ئاساسلىقى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، بانكا، شىركەت، سودا سارايلار جايلاشقان بولۇپ، پۇقرالىرى ئاساسەن خىزمەت ئۈچۈن بۇ شەھەرلەرگە كېلىدىكەندە، ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، بۇ شەھەرلەرنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى كىچىك شەھەرچە ـ بازارلارغا جايلاشقان داچىلىرىغا كېتىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ چوڭ شەھەرلەر كېچىسى جىمجىتلا بوپقالىدىكەن. لېكىن نيۇ ـ يورك تۇراقلىق ئولتۇراقلاشقان پۇقراسى ئەڭ كۆپ چوڭ شەھەر بولۇش سۈپىتى بىلەن كەچلىرىمۇ قاينام ـ تاشقىنلىق ھالىتىنى ساقلاپ قالىدىكەن.

## ۋال ـ ستىرىتتىكى تۆچ بۇقا

دىققەت قىلغان بولساڭلار بەلكىم بىلىشىڭلار مۇمكىن. ئادەتتە دۇنيا پۇل مۇئامىلىسى، ئىقتىسادىي كرىزىس ياكى دوللارنىڭ كۇرسى قاتارلىق دۇنيا ئىقتىسادىغا ئائىت ئامېرىكىنىڭ خەۋەرلىرى بولسا تېلېۋىزوردا مۇشۇنداق بىر كۆرۈنۈش غىل ـ پال ئۆتۈپ قالىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ۋال ـ ستىرىتنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە جايلاشقان، يانغا چاپچىپ تۇرغان، تۆچتىن ياسالغان بۇقىنىڭ يوغان ھەيكىلىدۇر. بۇ بۇقا پاي بازىرىنىڭ ئۆسۈۋاتقان مەزگىلىگە (يەنى، بىر دۆلەتنىڭ پاي بازىرىنىڭ يۈنىلىشى ئۆسۈش يۈنىلىشىدە بولسا بۇ شۇ دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ، يەنى كاپىتال بازىرىنىڭ تازا جانلىنىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ) سىمۋول قىلىنغان بولۇپ، كاپىتال بازىرىدا سودا قىلغۇچىلار نيۇ ـ يوركقا كېلىپ بۇ بۇقىنى سىلاپ قويسا ئۇنىڭغا ئامەت ئېلىپ

كېلەرمىش، ئالغان پاي چەكلىرى (ياكى فوندلىرى) ئۆسەرمىش... دېگەندەك گەپلەر بىلەن بۇقىنىڭ مەلۇم ئەزاسى كىشىلەر تەرىپىدىن سىلىنىۋېرىپ پارقىراپ، ئالتۇن رەڭگە كىرىپ قالغانىدى. مەن مەيلى ياۋروپادا بولسۇن ياكى ئامېرىكىدا بولسۇن كىشىلەرنىڭ مۇشۇنداق ھەيكەل سىلاش قىزغىنلىقىنى ھېس قىلدىم. ئىتالىيىنىڭ ۋېرونا شەھىرىدە دۇنيانىڭ جاي-جايىدىن كەلگەن قىز-يىگىتلەر ھەقىقىي مۇھەببەتكە ئېرىشىش ئىستىكىدە رومېئونىڭ سۆيگىنى ژۇلىيېتانىڭ ھەيكىلىنىڭ ئوڭ كۆكسىنى ، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغۇچىلار خارۋارد ئەپەندىنىڭ تۈچ ھەيكىلىنىڭ پۇتىنى بىرەر ئامەتكە ئېرىشىش قىزغىنلىقىدا سىلاپ، پارقىرىتىۋەتكەنىدى. ئەمدى بۇ تۈچ بۇقىنىڭ ھەيكىلىگە قاراپ كۈلۈپ كەتتىم. چەت ئەللىكلەرنىڭ «خۇراپىي قىلىقلىرى»نىمۇ كۆرۈپ قويدۇم. بەزىلەر ھەقىقەتەن مۇشۇنداق ھەيكەل سىلاشنىڭ ئامەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغاندۇ ياكى قىزىقچىلىق ئۈچۈن شۇنداق قىلغاندۇ. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، بۇ، ئېغىر خىزمەت بېسىمى، جەمئىيەت بېسىمى، ئائىلە بېسىمى ئاستىدا ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىشتىكى، بېسىمنى يېنىكلىتىپ، پسىخىكىسىنى تەڭشەشتىكى بىر ئۇسۇل ئىدى. ئۆزىنىڭ ھەيكەل سىلاشتىن ئېرىشكەن روھىي خۇشاللىقى، بىرەر نەرسىگە ئېرىشىشكە بولغان ئىشەنچى ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ پسىخىك ھالىتىگە تەسىر قىلاتتىدە، شۇ خۇشاللىق ۋە ئىشەنچ تۈرتكىسىدە ئىشلىرى يۈرۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا مەنمۇ تۈچ بۇقا مۈڭگۈزىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردۇم.



## ئامېرىكىدا دوختۇرلار پاي چېكى ئوينىمايدۇ

بۇ قېتىمقى سەپىرىمىزنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى پۇل مۇئامىلە، خەلقئارالىق سودا توغرىسىدا بولغاچقا، بۇ سىمنارىيىگە قاتناشقانلار ئاساسەن شۇ كەسىپتە ئوقۇغۇچىلار ياكى خىزمەت قىلغۇچىلار ئىدى. مەن بېيجىڭدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى پسىخولوگىيە تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىدا تىببىي پسىخولوگىيە بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇۋاتقاندا خەلقئارالىق پۇل مۇئامىلە سودىسىغا قىزىقىپ، 2007-يىلى ئەنگلىيىنىڭ بېيجىڭدا ئاچقان «فورېكس خەلقئارا پۇل مۇئامىلە سودا ئىنستىتۇتى»دا ئوقۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرۈش شاھادەتنامىسى ئالغان ھەم «تاشقى پېرېۋوتچى»لىق سالاھىيىتىگە ئېرىشكەنىدىم. شۇڭا بۇ قېتىملىق سىمنارىستلارنىڭ كۆپى مېنى بىر شىركەتنىڭ لىدېرى ھەم چوقۇم پاي چېكىچى دەپ ئويلايتتى. خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى مۇھاكىمىدە مەن ئامېرىكىنىڭ مېدىتسىنا ساھەسىگە قىزىققان ھالدا سورىغان سوئاللىرىم ھەم پروفېسسور ئىزدىگىنىمگە قاراپ ئۇلار كەسپىمنى سوراپ قالدى. مەن دېدىم: «مەن ئەسلىي شىئەن قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتى تىببىي ئىنستىتۇتىدا كلىنىكىلىق داۋالاشتا ئوقۇغان، ئاندىن تىببىي پسىخولوگىيىدە ماگىستىر ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇدۇم. ھازىرقى يېڭى ئاچقان شىركىتىممۇ تىببىي ساھەگە مۇناسىۋەتلىك. بۇ پۇل مۇئامىلە كەسپى پەقەت ئىشتىن سىرتقى ھەۋەسىم...» ئۇلار «ئامېرىكىدا دوختۇرلار ئەڭ ئەتىۋار، مۇئاشىمۇ ئالاھىدە يۇقىرى، سەن بۇيەردە قېلىپ دوختۇر بولساڭ بولمامدۇ؟» دېدى. مەن «يۇرتۇمدا ئىش باشلىدىم. شۇنى باشقا ئاچقاي...» دەپ جاۋاپ بەردىم. شۇ چاغدا بىرسى «سەن ئاڭلىغانمۇ مۇنداق بىر ھېكايىنى. ئامېرىكىدا دوختۇرلار پاي چېكى ئوينىسا بولمايدۇ جۇمۇ. ئىنتېر تورىدا مۇشۇ توغرىدا ھېكايە بار، ئوقۇپ باقە» دېدى. مەن ھازىر گەرچە دوختۇر بولمىساممۇ، ئۇ ھېكايىگە قىزىقتىمدە ئىنتېر توردىن ئاسانلا ئىزدەپ تاپتىم. راستلا شۇنداق بىر ئىش بولغانىكەن. ئوھېئو شتاتىدىكى بىر دوختۇرخانىنىڭ ئاشقازان-ئۈچەي تاشقى بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغان جون نېرس ئىسىملىك بىر دوختۇر بولۇپ، يىللىق مۇئاشى 50 مىڭ دوللاردىن ئاشىدىكەن. ئۇ تۇيۇقسىز پاي چېكى بازىرىغا قىزىقىپ قاپتۇ-دە، ئۆز ئالدىغا پاي چېكىدىن ھېسابات ئېچىپ، دەم ئالغان ۋاقىتلىرىدا سودا قىلىشقا باشلاپتۇ. بىر ئايدىن كېيىن تەلىيى كېلىپ نۇرغۇن پايدا ئاپتۇ. بىر كۈنى بىر بىمارنىڭ سوقۇر ئۈچىيىنى ئوپېراتسىيە قىلىۋاتقاندا،

ئوپېراتسىيە باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي يانچۇقىدىكى چاقىرغۇسى تىترەشكە باشلاپتۇ. چاقىرغۇنىڭ تىترىشىدىن پاي چېكىنىڭ چۈشۈۋاتقىنى مەلۇم بوپتۇ. (ئۇ چاغلاردا ئامېرىكىدا چاقىرغۇ ئارقىلىق پاي چېكىدىن ئۇچۇر كېلىپ تۇرىدىكەن.) شۇنىڭ بىلەن جوننىڭ زېھنى چېچىلىپ، قولى تىترەشكە باشلاپتۇ ھەم بىمارنىڭ ئۈچەيدىن تۆشۈك ئېچىپ قويۇپتۇ. كېيىن جون خىزمەتتىن ھەيدىلىپتۇ ھەم بىمارغا بىر مىليون دوللاردىن جىق تۆلەم تۆلەپتۇ. بۇ ئىش ئەينى ۋاقىتتا ئامېرىكىدا چوڭ غۇلغۇلا قوزغاپ، دوختۇرلارنىڭ پاي چېكى بازىرىغا كىرىشكە چەك قويۇلۇپتۇ...

## ئاخىرقى ئەسلىمىلەر

ئامېرىكىدا تەسىر قىلغان ئىشلار كۆپ بولدى. لېكىن ھەممىنى يېزىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ۋاقتىنى ئالغۇم كەلمىدى. ھەر قېتىملىق يېڭى سەپەردىن نۇرغۇن يېڭىلىقنى بايقايدىكەنمىز، پىكىر ـ خىياللىرىمىزمۇ يېڭىلىنىدىكەن. بۇ قېتىملىق ئامېرىكا سەپىرىمدىن ئېرىشكەن نەتىجەم كۆپ بولدى. بولۇپمۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، ئۆز ئالدىمغا ئىگىلىك تىكلەپ قۇرغان شىركىتىمگە پايدىسى زور بولدى. بۇ پايدا ئىقتىساد جەھەتتىكى پايدا ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇ بولسىمۇ، بۇ قېتىملىق ئامېرىكا سەپىرىم سودىغا، مەھسۇلاتقا بولغان تونۇشۇمنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى، سودا ئېڭىمنى يېڭىلىدى. مەن ئەسلىدىمۇ ئىشلەپچىقارماقچى بولغان مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، تەننەرخ يۇقىرى بولسىمۇ، ئىشەنچلىك، جۇڭگو ـ چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى داڭلىق بىر زاۋۇت بىلەن ھەمكارلاشقانىدىم. لېكىن ئامېرىكا بازىرىدىكى ئوخشاش مەھسۇلاتلارنى كۆزىتىش، بازار تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە مەھسۇلات سۈپىتىنىڭ ئەلۋەتتە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى، ھەم ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ مەھسۇلاتنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىڭ تېخىمۇ مۇھىملىقىنى ھېس قىلدىم ھەم ئۇنىڭغا ئائىت نۇرغۇن يېڭىچە مەھسۇلات ئۈرنىكىنى ئېلىپ كەلدىم. ئامېرىكىدا ھەرقانداق مەھسۇلات ئالدى بىلەن سىرتقى كۆرۈنۈشىنىڭ لايىھىلىنىشتىكى ئالاھىدىلىكى، ئۆزگىچىلىكى، گۈزەللىكى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلسا، مەھسۇلاتنى ئالغاندىن كېيىن تاشقى قېپىنى ئېچىپ، ئىچىدىن چىققان مەھسۇلات ۋە قوشۇمچە سوۋغا بۇيۇملارنىڭ سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقى، رولىنىڭ ئويلىغاندىكىدىن ئۈنۈملۈكلىكى بىلەن خېرىدارنى بۆلەكچە رازى قىلىدىكەن.

بۇ يەردە ماڭا يارىغان يەنە بىر ئىش، ئامېرىكا سودىگەرلىرىنىڭ راستچىللىقى. بۇ راستچىللىق ھەربىر مەھسۇلاتتىن چىقىپ تۇرىدىكەن. ھەممە مەھسۇلاتقا قۇتىسىنىڭ قايسى دۆلەتتە ئىشلەنگەنلىكى، مەھسۇلاتنىڭ نەدە ياسالغانلىقى ھەم نەدە ئوراپ قاچىلانغانلىقى ئېنىق قىلىپ راستچىللىق بىلەن يېزىلىدىكەن. مەھسۇلات مەيلى قايسى دۆلەت، قايسى زاۋۇتتا ياسالمىسۇن، پەقەت ئىشلەپچىقارماقچى بولغان شىركەت، سودىگەرنىڭ تەلىپى يۇقىرى بولسىلا سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. شۇڭا خېرىدارنى ئالداپ، مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغان يەرنى يوشۇرۇپ ئۆلتۈرۈشنىڭ ئورنى يوق. مەن دىيارىمىزدىكى خېلى نۇرغۇن شىركەتنىڭ ھەرخىل مەھسۇلاتنى ئىچكىرىدىكى زاۋۇتلاردا زاكاس قىلىپ ئىشلەپچىقىرىپ، ئىشلەپچىقارغان زاۋۇت ئىسمىنى يازمىغىنىغا ھەيران بولدۇم. راستچىل بولغانغا نېمە يەتسۇن. سودىنى راستچىللىق بىلەنمۇ قىلغىلى بولىۋېرىدۇ. ئەلۋەتتە دىيارىمىزدا بەزى مەھسۇلاتلارنى دېگەن ئۆلچەم بىلەن ئىشلەپ بېرىدىغان زاۋۇتلار كەمچىل. زاۋۇتمۇ ئاز مەبلەغ بىلەن قۇرۇلمايدۇ. دىيارىمىزدىن مەھسۇلاتقا مۇۋاپىق زاۋۇتلار تېپىلمىغاندا ئىچكىرىدىكى زاۋۇتلار بىلەن ھەمكارلىشىپ مەھسۇلات ئىشلەپچىقارسا، ئەلۋەتتە بۇنىڭ يامىنى يوق. چۈنكى زاۋۇت مەھسۇلاتنى سودىگەرنىڭ تەلىپى بويىچە ئىشلەپ بېرىدۇ. ئەلۋەتتە مىللىتىمىزنىڭ ۋىجدانلىق سودىگەرلىرىنىڭ تەلىپى بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتتىن مىللىتىمىز خېرىدارلىرى تېخىمۇ خاتىرجەم بولىدۇ. شۇڭا خېرىدارلاردىن يوشۇرۇپ، زاۋۇت ئادرېسىنى يازماسلىق، مېنىڭچە، ئاقىلانىلىك ئەمەس.

شۇنداق قىلىپ، مەن ئامېرىكىدىكى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتقان پۇرسەتلەردىن كېچىپ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇمغا قايتىپ كەلدىمدە، ئامېرىكىدا ئۆتكەن كۈنلەرنى خىيال قىلغاچ بۇ ئەسلىمىنى يېزىپ ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇم. ئېيتارلىق سۆزلەر كۆپ ئىدى. ئەپسۇس، قەلىمىمنىڭ ناقىسلىقىدىن سۆزلىرىم تاغدىن ـ باغدىن بوپقالدى. دېمەكچى، «بۈركۈت سايىسى ئاستىدىكى ئامېرىكا» ھەقىقەتەن گۈزەلكەن، باغرى كەڭكەن، ئۆزىگە سۈمۈرىدىكەن. لېكىن ئۇنىڭدىكى ھارارەت يۇرتۇمدا قالغان ئائىلەمدەك، ئاتا ـ ئانامنىڭ باغرىدەك ئىللىق ئەمەسكەن.

2009 ـ يىل دېكابىر، شەھىرى ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: شىنجاڭ «سىنتاش» سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ لېدىرى



ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى تەھرىرلەش، نەشرگە تەييارلاش بويىچە
قابىل مۇھەررىر، ئىجتىمائىلىق تەتقىقاتچى مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت ئەپەندى


《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008－6498
国内统一刊号：CN65－1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路 16 号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Bejing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地　　址：乌鲁木齐市南湖东路 165 号石油大厦 16 楼
邮　　编：830011 电话：（0991）2856942
印　　刷：《新疆日报》印务中心
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订　　阅：全国各地邮局

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2010 ـ يىل 1 ـ سان (ئومۇمىي 301 ـ سان )
(قوش ئايلىق ئونىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008－6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65－1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب
ئىمپورت ـ ئېكسپورت (گورۇھى)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىكۆل شەرقىي يولى 165 ـ نومۇرلۇق نېفىت سارىيى 16 ـ قەۋەت
پوچتا نومۇرى: 830011 تېلېفون نومۇرى: 2856942(0991)
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

邮发代号：58—22　定价：6元

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 ـــ 58 باھاسى: 6 يۈەن


81-402

شەھىرىم (ماي بوياق رەسىم)     رەسسام: ئابدۇشۈكۈر كېرەم كۆك